国家出版基金项目

دۆلەتنىڭ نەشر فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (3)

# قەشقەرنىڭ

# تارىخ - جۇغراپىيەسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

国家出版基金项目

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (3)

# قەشقەرنىڭ
# تارىخ - جۇغراپىيەسى

تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书介绍了喀什噶尔绿洲的历史地理，及中、外专家对喀什噶尔历史地理的研究成果和古代地名，人文地理等内容。

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۈل ئابلىمىت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (3)

# قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى

تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 12.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2013- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى
2013- يىلى 4- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرىژى: 1 — 3000
ISBN 978－7－5373－2766－4
باھاسى: 35.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会


总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明
米吉提·卡德尔

副主任：张新泰
古力先·吐拉洪
依明·艾合买提
赵新尉
木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼
阿迪力·穆罕默德
聂光玉
克力木江·阿布都热依木
阿布拉江·色依提
艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15- ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ ياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا بەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇللاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قاموس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قاموسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى

ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009ـ يىلى 1ـ يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

« ‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# تۈزگۈچىدىن

قەشقەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇش بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ھەم ئۆزىگە قوشنا جايلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن قەشقەر ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا رايون بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئېلىمىز تەۋەسىدىكى جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا يول لىنىيەسى دەل بۇ يەردىن ئۆتەتتى. شۇڭا، شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان كارۋانلار، سەيياھلار، دىن تارقاتقۇچىلار بۇ يەردە ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، قەشقەرنى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر بىر ئۆتەڭگە — ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندۇرغانىدى.

تارىخىي جەھەتتىن قەشقەر ئېلىمىزدىكى ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا قەدىمكى ئىنسانلار بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان.

مەدەنىيەت جەھەتتىن قەشقەر تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچىقى ھەم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. قەدىمدە بۇ يەردە

ياشىغان ئەجدادلار ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق پارلاق يەرلىك مەدەنىيەت ياراتقان بولسا، غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىدىن تەسىر ئېلىپ ھەم ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى بېيىتقان ھەم سىرتقا تاراتقان. قەشقەردە ئۇچراشقان قەدىمكى دىن، مەدەنىيەت، مىللەت ۋە ئىقتىساد يالغۇز ئېلىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، قەشقەرنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقان.

قەشقەر قەدىمدە كىچىك بىر شەھەر بەگلىكى بولۇپ، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەتراپتىكى باشقا بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىش، ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ رايونغا ئايلانغان. «قەشقەر» دېگەن نامىمۇ مانا شۇ چوڭ بوستانلىق رايوننىڭ جۇغراپىيەۋى، مەمۇرىي ۋە سىياسىي نامىغا ئايلانغان.

نۆۋەتتە ئېلىمىز چېگرا رايون تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ يەرلىك تارىخىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىشىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق، بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە ئىشلەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر بەك ئاز. بىزگە مەلۇم بولغانلىرى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئابدۇغاپپار يازغان «تارىخى كاشغەر» (بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىلا 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن جەمال قارشىنىڭ «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق مەلۇم)، مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»،

«تارىخى ھەمىدىيە»، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ «ۋاقىئاتى كاشغەر» دېگەن ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممىتى بىلەن قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلەپ ئۇچۇر بېرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىقنىڭ يازما تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان تەتقىقات ئۇسۇلىغا ماس بولغان تارىخىي ئۇچۇرلارنى بىرگە يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنى مول ماددىي تارىخىي ماتېرىياللار — مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلاشقا، ئېنىقلاشقا ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش، بايان قىلىش ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە قالغان تارىخىي بۇرچتۇر.

مەن ئەسلىي قەشقەرنىڭ بىر پۈتۈن تارىخ، مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەسەر يېزىشنى نىيەت قىلغان ھەم بۇ جەھەتتە ئۇزاقتىن بېرى ئىزدىنىشلەردە بولۇپ كەلگەنىدىم. ھازىرغىچە قەشقەرنىڭ قەدىمكى تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەسى، ئارخېئولوگىيەسى، يەر - جاي ناملىرى، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىگە ئائىت دۆلەت ئىچى سىرتىدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل تىلدىكى ماتېرىياللارنى يىغىپ، رەتلەپ چىققان بولسامۇ، تېخى ئۇنى مۇنتىزىم ئەسەر قىلىپ ئىشلەپ بولالمىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن بىر خىل ناقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىش نەتىجىلىرىم ئاساسىدا ئىلگىرى «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» ناملىق مۇشۇ تېمىدىكى 1 -، 2 - كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم.

بۇ كىتاب قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت يېزىلغان مەخسۇس تېمىدىكى 3 - كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابقا ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، «سۇلى» ۋە «قەشقەر» نامى ھەققىدىكى

تەتقىقات نەتىجىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ مەزمۇنلار قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە ۋە ئېتنوگرافىيەسىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ كىتاب قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، مۇكەممەل سىستېمىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالمىدى. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسىپداشلارنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى ھەمدە كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2012 - يىلى 19 - فېۋرال

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم «قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقاتلار


قەشقەر ........................ رەشىت رەھمەتى ئارات (تۈركىيە) 3
قەدىمكى قەشقەر .................. ئادىل مۇھەممەت 22
قاراخانىيلار .................. ئۆمەلژان پىرىتساك (گېرمانىيە) 63
قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ...... ئەلى غوپۇر 132
ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار
مەسىلىلەر .................. قۇربان نىياز 170
ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا ............
............................ ئادىل مۇھەممەت 188


## ئىككىنچى بۆلۈم «قەشقەر» ۋە «سۇلى»ناملىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار


«قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقات.............. پېللىئوت (فىرانسىيە) 201
«سۇلى» نامى ھەققىدە تەتقىقات .......... سۇ بېيخەي 243
«Seres» ئۈستىدە تەتقىقات .......... چيەن بوچۇەن 281
قەشقەرنىڭ نامى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات ........
....................مورىياسو تاكائو (ياپونىيە) 305
سۇلى ــ قەشقەر يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى
.................................. ۋاڭ شياڭ 310
قەشقەرنىڭ تارىختىكى نامى .......... نىياز كېرىمى 320

«سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ... ئادىل مۇھەممەت 323
«قەشقەر» نامى توغرىسىدا .................. ئادىل مۇھەممەت 332
«Seres» بىلەن «Suli» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دائىر
بايانلاردىن تەرمىلەر .................... غەيرەتجان ئوسمان 342
پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى .............................. ئەلى غوپۇر 350
«قەشقەر»نى ئىزدەپ ..................... ئۆمەرجان ئىمىن 359

# بىرىنچى بۆلۈم

# «قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقاتلار

# قەشقەر[①]

## رىشت رەھمەتى ئارات (تۈركىيە)

قەشقەر جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، شىمالىي كەڭلىك 39°24′26″، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°06′47″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 1304 مېتىر ئېگىز، قىزىلسۇ دەرياسى (ئالا تاغدىن باشلىنىپ، كۆك چاي نامى بىلەن شىمالدىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، قەشقەر تەۋەسىگە ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن قەشقەر دەرياسى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ ياركەنت دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ ۋە 130 كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن، خوتەن دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ تارىم دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ)نىڭ بىر تارمىقى بولغان تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. قەشقەر شەھىرى ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە مەنبەلەردە سۇلىك ياكى سۇلى (بۇ نام بەلكىم قەدىمكى سولەك ياكى سوراك دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن) نامى بىلەن كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ نام كېيىنكى دەۋرلەرگە قەدەر رەسمىي خەنزۇچە سالنامىلەردە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. قەشقەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم بولغان يېڭىچە نامى چۇشا ~ كۇشا دېگەن شەكىلدە ئەڭ دەسلەپ «تاڭنامە»دە ئۇچرايدۇ (ئېدۋارد چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، پېتېربۇرگ 1903- يىلى نەشرى، 121- بەت).

قەشقەر شەھىرى ئارىلىقى 5 مىل كېلىدىغان ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى بىلەن

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» (5- توم)، 1967- يىلى، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى، «قەشقەر ماددىسى».

ئايرىلىپ تۇرغان ئىككى قىسمىدىن تەشكىل تاپقان: بىرىنچىسى، كوناشەھەر بولۇپ، تۇمەن دەريا بويىدىكى يارلىققا جايلاشقان، بۇرچلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر سېپىل بىلەن قورشالغان. كۆۋرۈكنىڭ ئازراق ئۈستۈنكى تەرىپىدە قەدىمكى قەشقەرنىڭ خارابىلىرى بار. تۇمەن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ساھىلىغا جايلاشقان قەدىمكى قەشقەر بۈگۈنكى شەھەردىن كەڭ بولۇپ، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر بولغان سېپىل بىلەن قورشالغان. دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يەر تەۋرەشلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان قەدىمكى شەھەر سۇلتان سەئىدخان بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭدە (ھىجرىيە 919 ـ يىلى، مىلادىيە 1514 ـ يىلى) پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان، بۈگۈنكى قەشقەر مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسى قېتىلىدىغان جايدىكى تۆپىلىككە بىنا قىلىنغان («تارىخى رەشىدى»، 286 ـ، 295 ـ بەتلەرگە قاراڭ). دەريا ساھىلىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى تەشكىل قىلغان شەرقىي شىمال تەرىپى (ئىچكىرىكى شەھەر) ھازىرقى شەھەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەھەللىسىنى تەشكىل قىلماقتا. شەھەرنىڭ مەركىزى ۋە بۇ يەردىكى جامەلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ھېيتگاھ جامەسى مەيدانى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان تۆت چوڭ يولنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شەھەردە قەدىمكى دەۋرلەردىن تەۋەررۈك قالغان بىر چوڭ مەسچىت ۋە مەدرىسەلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن خانلىق مەدرىسە (ئىسمائىل خان دەۋرىگە ئائىت كونا مەدرىسە بولۇپ، بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، ئورنىغا يېڭى بىر مەدرىسە قويۇلغان)، ياقۇپبەگ دەۋرىدە ياسالغان ھېيتگاھ مەدرىسەسى، بۇنىڭدىن كېيىنرەك بىنا قىلىنغان ئوردا ئالدى مەدرىسەسى، ۋاڭلىق، چاسا ۋە مېۋە بازىرى مەدرىسەسى، ئازنا مەسچىتلەر، شۇنىڭدەك شەھەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك جامەسى بولغان ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىقلار بار. سېپىل سىرتىدىكىلىرىدىن شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان سەئىد جالالىدىن باغدادى، ھەزرىتى پادىشاھ

جامەلىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئابىدىسى بولغان مەملىكەتنىڭ ئەۋلىيا ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئاپاق (خوجا ھىدايىتۇللا)نىڭ كۆك ۋە ئاق فارفۇر خىشلار بىلەن بېزەلگەن ھەيۋەتلىك مەقبەرىسى بار. ئاق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ زىيارەتگاھ يېنىغا ياقۇپبەگ بىر مەدرىسە، بىر مەسچىت ۋە بىر خانىقا ياساتقان. بۇ مەقبەرە ۋە بۇ مەقبەرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىبى مەريەم ۋە سۇلتان سۇتۇق مەقبەرىسى بىلەن شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قۇتبۇل ئالەم ۋە قۇتبىدىن غوجا مازىرى، مەسچىت ۋە مەدرىسەلىرىگە ئوخشاش ھۆكۈمدار ياساتقان مەدرىسە ۋە ئىمارەتلەر ئۈچۈن مەخسۇس ۋەخپە زېمىن ئاجرىتىلغان، مازارلارنىڭ ئەتراپى مېۋىلىك باغ ياكى باغىچىلار بىلەن ئورالغان. ئىككىنچىسى، يېڭىشەھەر بولۇپ، ئۇ 1836- يىلى قۇرۇلغان سېپىللىرى مۇستەھكەم شەھەردۇر. سېپىلنىڭ ئەتراپى كەڭ، چوڭقۇر خەندەكلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا دەريا سۈيى بىلەن تولدۇرۇلغان. بۇ يەر شەھەرنىڭ ئىچكى قەلئەسى بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ سارىيى مۇشۇ يەردە ئىدى. كېيىنچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئامبىلىنىڭ تۇرالغۇسى مۇشۇ يەرگە يۆتكەلگەن ۋە 6000 چە لەشكەر تۇرغۇزۇلۇپ، سېپىل تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن (قەشقەرنىڭ ئورنى ۋە پىلانى ئۈچۈن كورنىلوۋ:
Kornilov: «Kasgaria ili Vostonç Turkistan», tashkand, 1903.
يېڭىشەھەر بىلەن كوناشەھەرنىڭ قەلئەسى ئۈچۈن 408 — 414- بەتكە قاراڭ). مۇشۇ ۋاقىتلاردا 124 رايون، 6468 ئۆيلۈكتىن تەركىب تاپقان قەشقەر شەھرىنىڭ نوپۇسى 32 — 33 مىڭ ئەتراپىدا بولغان بولسا، كېيىنچە 62 مىڭ («بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 15- توم، 685- بەت)، 70 مىڭ («ئىتالىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 20- توم، 132- بەت) ۋە 80 مىڭ (Der Grosse, Brockhaus، 1931- يىلى، 9- توم، 766- بەت؛ «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 32- توم، 47 — 49- بەت)غا يەتكەن. ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەشغۇلاتى تىجارەت بولۇپ، بۇ يەر ئىچكى ۋە تاشقى سودىدا

شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بوستانلىقلاردا دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىپ تېرىلىدىغان زىرائەتلەر (بۇغداي، ئارپا، سۆلۈ، قوناق، تېرىق، شال، ياغلىق دان، كېۋەز، تاماكا، ئەپيۇن ۋە باشقىلار) بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەر ئىنتايىن كۆپ. خەلقنىڭ ئاساسلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى تەشكىل قىلغان كاناپ رەخت بىلەن يىپەكچىلىك (خام يىپەك بۇ يەرنىڭ ئېكسپورتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ)، تېرىچىلىك (ئاياغ، ئېگەرچىلىك ۋە ئات - ئۇلاغ جابدۇقلىرى)، گىلەمچىلىك، قاچا - قۇچا ۋە باشقا ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىق قول سانائىتى بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قەشقەر شەھىرى جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بېرى سىياسىي ۋە سودا جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. نۇرغۇن قەبىلە ۋە سىياسىي كۈچنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا ھەر خىل تارىخىي ھادىسە ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئورۇنشلىرىغا سەھنە بولۇپ كەلگەن. قەشقەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا نەقەدەر مۇھىم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركەز بولۇپ كەلگەنلىكىنى بۇ نامنىڭ ھەممىشە پۈتۈن شىنجاڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخى: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى خەن ۋۇدىنىڭ پەرغانىگە يۈرۈش قىلىش ھارپىسىدا، غەربىي يۇرتتا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 30 كىچىك بەگلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم. قەشقەرگە ئائىت خاتىرىلەر خەن سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 76 - يىلى خەن سۇلالىسى قەشقەر بىلەن خوتەننى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ھەم ناھايىتى تېزلا تەگرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىگىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پۈتۈن تارىم دەريا ھاۋزىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 30 - يىللارغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھازىر شىنجاڭدا بار

بولغان شەھەر ـ قىشلاقلارنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندا مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ بەگلىك جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىستېلالىرىغا ئۇچراپ تۇرغان. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن7 ـ ئەسىرگە قەدەر قەشقەر ھەققىدە بەك ئاز مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بۇ مەزگىللەردىكى مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بۇددا دىنى راھىبلىرى، مانى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە نېستورىيان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىبكالان شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن قايتىشىدا قەشقەر(كاشا)دىن ئۆتكەن (قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرى ۋە ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى خارابىلىرى ئۇچۇن ستەيننىڭ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىغا قاراڭ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 1921 ـ يىلى، 80 ـ بەت).

تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 640 ـ يىللىرى يەرلىك بەگلىكلەر (7 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرت 6 يەرلىك بەگلىككە بۆلۈنگەن) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، قەشقەر ـ گىچە بولغان يەرلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە مۇھىم مەركەزلەردە قوشۇن تۇرغۇزغان. بەگلىكلەر بۇ زاماندا ھەر خىل باشقۇرۇش بۆلەكلىرىگە ئايرىلغان ۋە بۇلارنىڭ ھەر بىرى خەنزۇچە نام بىلەن ئاتالغان. تۇبۇتلەر مىلادىيە 670 ـ يىلى تۈركىي تىللىق قوۋم قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق تاڭ قوشۇنىنى قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، بىراق 22 يىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالغان.

قارلۇقلار تۇبۇتلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ھەمدە مىلادىيە 750 ـ يىلى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەردە تۈركلەرنى ئاساس قىلغان قۇدرەتلىك خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. قارلۇقلار مىلادىيە 840 ـ يىلىغا قەدەر مەركىزى ئۆتۈكەن تېغىدا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولسىمۇ، بىراق بۇ مەركەز تۈركىي تىللىق قوۋم قىرغىزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مەركىزىنى دەسلەپتە چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن ئەتراپىدىكى قارا ـ ئوردۇ (قۇز ئوردۇ)غا قۇرغان، كېيىنچە يەنى 893 ـ يىلىدا ئوغۇلچاق تەرىپىدىن قەشقەرگە كۆچۈرۈلگەن ۋە تارىختا قاراخانىيلار ئىسمى

بىلەن مەشھۇر بولغان تۇنجى تۈرك ئىسلام خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

ئەرەب قوشۇنلىرى قەشقەرگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ھىجرىيە 96- يىلى (مىلادىيە 715- يىلى) قۇتەيبەنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت پەقەت ئەپسانىدىنلا ئىبارەت خالاس (تەبەرى: «تارىخى تەبەرى»، گىب نەشرىگە تەييارلىغان، 467- بەت). سامانىيلار خانلىقى دەۋرىدە توغان تېكىن ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر قەشقەر ھۆكۈمرانى (دېھقان) تىلغا ئېلىنغان (ئىبنۇل ئەسىر، تورنبېرگ نەشرىگە تەييارلىغان، 8- توم، 37- بەت) ۋە ئاسىي ئەمىر ئىلياس بىننى ئىسھاق ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىگەن. توغان تېكىننىڭ شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق. قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان ۋە قەشقەردە تۇنجى تۈرك ئىسلام خانلىقىنى قۇرغان زات دەپ تونۇلۇۋاتقان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان رىۋايەتنى باشقا، ھېچقانداق مەلۇماتتىن خەۋەردار ئەمەسمىز. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى ئابىد ئەلجەفەرنىڭ قەشقەر تارىخىغا ئائىت ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن جەمال قارشى (ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد)نىڭ ھىجرىيە 681- يىلى (مىلادىيە 1282- يىلى) قەشقەردە يازغان «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇلچاقنىڭ نەۋرىسى سۇتۇق بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىدىن بولغان ۋە ئۆزىدىن پاناھ تىلەپ كەلگەن شاھزادە ناسىرنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن ئىسلام دىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344- يىلى (مىلادىيە 955- يىلى) ۋاپات بولغان ۋە قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئارتۇچ (ئارتىش)قا دەپنە قىلىنغان (Barthold: «Turkestan v epohu mongolskago naxestviya» I, petersburg, 1898, 130 v.d). پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاملىشىشى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى مۇسا بىننى ئابدۇلكەرىم (تۈركچە ئىسمى بايتاش) ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى ئوبۇلھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان ئەل كالاماتى زامانىدىكى ۋەقەلەر

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىبنۇل ئەسىر ھىجرىيە 349 ـ يىلى (مىلادىيە 960 ـ يىلى)دا بىر تۈركۈم تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ (ئەينى مەلۇمات ئۈچۈن ئىبنۇل ئەسىرنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرىگە قاراڭ. يەنە بىرسى ئۈچۈن ئىبنى مىسكاۋايە، مەرغولىئوچ ۋە ئەمەدروز «ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ يېمەكلىرى»، ئوكسفورد، 1921 ـ يىلى، تېكست، II، 181 ـ بەت، تەرجىمىسى V جىلد، 196 ـ بەت؛ بۇ مەلۇمات ئىنتايىن ئىشەنچلىك، سابىت بىننى سىناندا تۇرۇپ قالغان، بۇ ھەقتە ئىبنۇل ئەسىرنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ، VII جىلد، 476 ـ، 491 ـ بەت ۋە «خەلىپىلەرنىڭ يېمەكلىرى» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ). شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ يىراق ۋە يېقىن شەرقتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشى ۋە ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە تارقالغان دىنلارنىڭ تارىخى كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىغان، شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەردە ئۆز مۇھىتىنى بۇرۇنلا ھازىرلاپ بولغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا.

تۇنجى تۈرك ئىسلام خانلىقى ــ قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 840 ــ 1212 ـ يىللىرى) قەشقەرنى سىياسىي پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق تەرەققىيات سەھنىسىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ يەردە، ئىسلام مۇھىتىدا ئۆزگىچە يېڭى بىر تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1070/1069 ـ يىللىرى)دا تاماملاپ قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرى تۈرك تىلى، ئەدەبىياتى ۋە تۈرك پەلسەپىسىنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىيات دەۋرىدە روياپقا چىققان بۈيۈك ئەسەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زامانىدىشى، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان («قۇتادغۇبىلىك»

تەقدىم قىلىنغان ھۆكۈمدارنىڭ نەۋرىسى بولۇشى مۇمكىن) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرى بۇ دەۋرنىڭ ئىلىم پىسخىكىسى ۋە مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئابىدىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تېكىستى، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1333 ـ يىلى، I ، III توم، تەرجىمىسى؛ بەسىم ئاتالاي، ئەنقەرە، 1939 ـ يىلى، I ، III توم) ئەل شەيخۇل ئىمام ئەل زاھىد ئەل ھۈسەيىن بىننى خەلەف ئەل كاشغەرىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسنى قەيت قىلىش بىلەن بىرگە بۇنى بىرمۇبىر بايان قىلىدۇ ۋە شەرھلەيدۇ: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: ‹مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قەۋمگە غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.› بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ‹ئۆز قوشۇنۇم› دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر چىرايلىق، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان ـ ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە». بۇ ھەدىس ۋە بۇنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلۈشى بولسۇن ياكى بۇنىڭدىن ئېتىخارلىنىپ ئۆز جايىدا قوللانغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىپادىسى بولسۇن، بۇلار شۇ دەۋر تۈرك مۇھىتىنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر ئىشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىش نۇقتىسىدىنمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەينى چاغدا ئەبۇل فۇتۇھ ئابىد ئەل جەفەر (ئەل ـ جەفەر) بىننى ھۈسەيىن ئەل ئالمائى تەرىپىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر تارىخى يېزىلغان. ئەل سامانىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مۇئەللىپىنىڭ دادىسى ئوغلىدىن 10 يىل كېيىن ھىجرىيە 486 ـ يىلى (مىلادىيە 1093 ـ يىلى) ۋاپات بولغان (دادىسى بىلەن ئوغلىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ئەسىرى ھەققىدە ئەل سامانىينىڭ «كىتابۇل ئەنساب» دېگەن

ئەسىرىگە قاراڭ، مارگولىئوئۇچ (Margoliouth) نەشرگە تەييارلىغان، لېيدېن - لوندون 1912 - يىلى نەشرى، 470 — 472 - بەتلەر). بۇ مۇئەللىپىنىڭ «مۇجەممۇل سۇرراھ» دېگەن باشقا بىر ئەسىرىدە سامانىي تىلغا ئېلىنغان. ئابىد ئەل جەفەر ئەسىرىدە، قەشقەردە ھىجرىيە 681 - يىلى (مىلادىيە 1282 - يىلى)دە جەمال قارشى (ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد) «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرنى يازغانلىقى قەيت قىلىنغان. دادىسى بالاساغۇنلۇق جەمال قارشى 1230 - يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان ۋە كېيىنچە قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. (ئۇنىڭ قەشقەردە چوڭ بولغانلىقىنى ياقۇتنىڭ «مۇجەمئۇل بولدان» دېگەن ئەسىرىدىن كۆرۈڭ).

قەشقەردە تۈمەن دەرياسى بويىدا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ياسالغان بىر مۇقەددەس مازارلىق بولغان (ئەرەبچە، ئەل جۇمبازا - ئەل خاقانىيە دېيىلگەن). بۇ مازارلىققا تۇنجى ھۆكۈمدار ھىجرىيە 424 - يىلى 1 - مۇھەررەم ئېيى (ھىجرىيە 1032 - يىلى)دا، ئەڭ كېيىنكى ھۆكۈمدار بولسا ھىجرىيە 601 - يىلى رەجەپ ئېيى (مىلادىيە 1205 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)دا دەپنە قىلىنغان. ئۆگدايخان زامانىسىدا بۇ يەرنىڭ ۋالىيسى بولغان مەسئۇد بەگ بىننى يالاۋاچ تەرىپىدىن 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا بىنا قىلىنغان مەسئۇدىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا جەمال قارشى تىلغا ئالغان ئەل جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» دېگەن ئەسىرى ساقلانغان
(E. Sachau, H. Ehte: Catal of the Persian......manuscripts of the Bodleian Library, oxford, 1899, p. 983).

1128 - يىلى قەشقەر بىلەن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى قاراقىتانى-لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئۇلار قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئەھمەد بىننى ھەسەن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئۇزاق كۆچۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئېمىلدا ئولتۇراقلاشقان قاراقىتانلارنى بالاساغۇن ھاكىمى ئىبراھىم II بىننى ئەھمەد ئۆزىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىچكى نىزانى باستۇرۇش ئۈچۈن ياردەمگە چاقىرغان، ئۇلار بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان ۋە بۇنىڭ كەينىدىنلا پۈتۈن قاراخانىيلار خانلىقىنى بېسىۋالغان (مىلادىيە 1130 - يىلى)، بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چىڭگىزخاندىن زەربە يەپ قاراقىتانلاردىن پاناھلىق تىلىگەن نايمان

تەقدىم قىلىنغان ھۆكۈمدارنىڭ نەۋرىسى بولۇشى مۇمكىن) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرى بۇ دەۋرنىڭ ئىلىم پىشقىنلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئابىدىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تېكىستى، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1333- يىلى، I ، III توم، تەرجىمىسى: بەسىم ئاتالاي، ئەنقەرە، 1939- يىلى، I ، III توم) ئەل شەيخۇل ئىمام ئەل زاھىد ئەل ھۇسەيىن بىننى خەلەف ئەل كاشغەرىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسنى قەيت قىلىش بىلەن بىرگە بۇنى بىرمۇبىر بايان قىلىدۇ ۋە شەرھلەيدۇ: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: ‹مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.› بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ‹ئۆز قوشۇنۇم› دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر چىرايلىق، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە». بۇ ھەدىس ۋە بۇنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلۈشى بولسۇن ياكى بۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىپ ئۆز جايىدا قوللانغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىپادىسى بولسۇن، بۇلار شۇ دەۋر تۈرك مۇھىتىنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش نۇقتىسىدىنمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەينى چاغدا ئەبۇل فۇتۇھ ئابىد ئەل جەفەر (ئەل - جەففەر) بىننى ھۇسەيىن ئەل ئالمائى تەرىپىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر تارىخى يېزىلغان. ئەل سامانىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مۇئەللىپىنىڭ دادىسى ئوغلىدىن 10 يىل كېيىن ھىجرىيە 486- يىلى (مىلادىيە 1093- يىلى) ۋاپات بولغان (دادىسى بىلەن ئوغلىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ئەسىرى ھەققىدە ئەل سامانىينىڭ «كىتابۇل ئەنساب» دېگەن

ئەسىرىگە قاراڭ. مارگولىئوئۇچ 〈Margoliouth〉 نەشرگە تەييارلىغان، لېيدېن - لوندون 1912- يىلى نەشرى، 470 — 472- بەتلەر). بۇ مۇئەللىپنىڭ «مۇجەممۇل سۇرراھ» دېگەن باشقا بىر ئەسىرىدە سامانىي تىلغا ئېلىنغان. ئابىد ئەل جەفەر ئەسىرىدە، قەشقەردە ھىجرىيە 681- يىلى (مىلادىيە 1282- يىلى)دە جەمال قارشى (ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد) «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىنى يازغانلىقى قەيت قىلىنغان. دادىسى بالاساغۇنلۇق جەمال قارشى 1230- يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان ۋە كېيىنچە قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. (ئۇنىڭ قەشقەردە چوڭ بولغانلىقىنى ياقۇتنىڭ «مۇجەمئۇل بولدان» دېگەن ئەسىرىدىن كۆرۈڭ).

قەشقەردە تۈمەن دەرياسى بويىدا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ياسالغان بىر مۇقەددەس مازارلىق بولغان (ئەرەبچە، ئەل جۇمبازا - ئەل خاقانىيە دېيىلگەن). بۇ مازارلىققا تۇنجى ھۆكۈمدار ھىجرىيە 424- يىلى 1- مۇھەررەم ئېيى (ھىجرىيە 1032- يىلى)دا، ئەڭ كېيىنكى ھۆكۈمدار بولسا ھىجرىيە 601- يىلى رەجەپ ئېيى (مىلادىيە 1205- يىلى 4- ئاينىڭ 23- كۈنى)دا دەپنە قىلىنغان. ئۆگدايخان زامانىسىدا بۇ يەرنىڭ ۋالىيسى بولغان مەسئۇد بەگ بىننى يالاۋاچ تەرىپىدىن 15- ئەسىرنىڭ بېشىدا بىنا قىلىنغان مەسئۇدىيە مەدرىسەسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا جەمال قارشى تىلغا ئالغان ئەل جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» دېگەن ئەسىرى ساقلانغان (E. Sachau, H. Ehte: Catal of the Persian......manuscripts of the Bodleian Library, oxford, 1899, p. 983).

1128- يىلى قەشقەر بىلەن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى قاراقىتان-لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئۇلار قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئەھمەد بىننى ھەسەن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندۇ. ئۇزاق كۆچۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئېمىلدا ئولتۇراقلاشقان قاراقىتانلارنى بالاساغۇن ھاكىمى ئىبراھىم II بىننى ئەھمەد ئۆزىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىچكى نىزانى باستۇرۇش ئۈچۈن ياردەمگە چاقىرغان، ئۇلار بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان ۋە بۇنىڭ كەينىدىنلا پۈتۈن قاراخانىيلار خانلىقىنى بېسىۋالغان (مىلادىيە 1130- يىلى)، بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چىڭگىزخاندىن زەربە يەپ قاراقىتانلاردىن پاناھلىق تىلىگەن نايمان

خانى كۈچلۈكخان قەشقەر خانى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۇلھىدىن كېيىن گۈرخان تەختكە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان، بىراق كېيىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى يوقىتىلغان. ئىلگىرى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۈچلۈك قاراقىتانلاردىن بولغان بىر قىز بىلەن توي قىلغان ھەم بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىككى دىنىنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان ھەمدە ئاھالىلەرنى قاراقىتانچە كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلىغان. مۇشۇ سەۋەبتىن چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى مىلادىيە 1219 ـ يىلى قەشقەردە قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە پەيدا بولغان. مىلادىيە 1227 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، يۇتۇن تارىم ھاۋزىسى، جەنۇبىي جۇڭغارىيە ۋە ماۋارەئۇننەھر رايونى بىلەن بىرلىكتە (ئاساسەن ئۇيغۇرلار بۇيۇك قاغانغا تەۋە بولغان) چاغاتاي ئۇلۇسىغا تەۋە بولغان ۋە دوغلاتىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ھىجرىيە 760 ـ يىلى (مىلادىيە 1359 ـ يىلى)دا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئەمىر تۇلەكنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەيدۇ (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز)، بۇ جەمەت قەشقەردە يېرىم ئەسىر يېرىم مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر تۆمۈرىيلەرنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتىدۇ ۋە مۇھەممەد شاھ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. ھىجرىيە 812 ـ يىلى (مىلادىيە 1409 ـ يىلى) قەشقەر ئۇلۇغبەگ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. مۇھەممەد شاھنىڭ ئوغلى سانسىز مىرزا (ھىجرىيە 842 ـ يىلى، مىلادىيە 1438 ـ يىلى ۋاپات بولغان) شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولىدۇ ھەمدە بۇ چاغلاردا بىر مەركەز ھېسابلانغان ياركەنت تەختىگە چىقىدۇ، قەشقەرنى قېرىندىشى ھەيدەر مىرزىغا بېرىدۇ. سانسىز مىرزا موغۇلىستانغا كەتكەندىن كېيىن ياركەنتكە كەلگەن ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئابابەكرى بىلەن ئۆمەرنى ئۆز يېنىغا ئەكەلدۈرىدۇ. كېيىنچە ئابابەكرى ھەيدەر مىرزىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋېلىپ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولىدۇ (ھىجرىيە 893 ـ يىلى، مىلادىيە 1488 ـ يىلى). مىلادىيە 1514 ـ يىلى سەئىدخان ھۇجۇم قىلغان مەزگىللەردە قەدىمكى قەشقەر ۋەيران قىلىنغان،

يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان قەشقەر شەھىرى شۇنىڭ زامانىدىكى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەئىدخان ھىجرىيە 937- يىلى (مىلادىيە 1531- يىلى) مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. ھىجرىيە 1070- يىلى (مىلادىيە 1606- يىلى)دا، ئەمىر نامى بىلەن قەشقەردە چاغاتاي خانلىقىغا مەنسۇپ ئەمىر ئىسمائىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە، 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا قەدەر داۋام قىلغان «خوجىلار ھاكىمىيىتى» ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھىجرىيە 815- يىلى (مىلادىيە 1412- يىلى) بۇخارا ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر خوجا مەخدۇم ئەزەم قەشقەرگە كېلىپ، شۇ يەردىكى بىر مەدرىسەدە ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىمام كالان ۋە ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئوغۇللىرىمۇ شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا كۆرۈلگەن بەزى تەلەپلەر پەرقى ئاخىر ئىككى مەزھەپنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام كالان تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» ياكى «ئاق تاغلىقلار»، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» ياكى «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كۆرۈلگەن سىياسىي مۇقىمسىزلىق ئەنە شۇ خوجىلاردىن كېلىدۇ، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئايرىم شەھەر ۋە ۋىلايەت ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلغان تەپرىقىچىلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلىدۇ، ھۆكۈمدارلار ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، روھىيەتكە بەند بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خوجىلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى شۆھرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ. ئەمىر ئىسمائىل ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئەنسىرەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ پىرى بولغان ئاپاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئاپاق خوجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى غالدان ھىجرىيە 1099- يىلى (مىلادىيە 1688- يىلى)دا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاپاق خوجىغا تۇتقۇزىدۇ. يېڭى ھۆكۈمراندىن كۆڭلى

سۇ ئىچىگەن ئاپاق خوجا ئىسمائىلنىڭ ئىمىلدىكى ئىنىسى مۇھەممەدنى قالماقلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىدۇ. مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپاق خوجا ھاكىمىيەتنى قايتىدىن قولىغا ئالىدۇ. ئاپاق خوجىدىن كېيىن ھاكىمىيەت قارا تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولغان خوجا دانىيالنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ (ھىجرىيە 1133- يىلى، مىلادىيە 1721- يىلى)، دانىيال ئۆلگەندىن كېيىن قالماقلار قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى تۆتكە تەقسىم قىلىدۇ (قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ) ھەم دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىنى شۇ تۆت رايوننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. خوتەن ھاكىمى يۇنۇس خوجا ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر بىلەن ياركەنتنى ئىگىلەپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى ۋالىي قىلىپ تىكلەيدۇ. يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن قالماقلار بۇ قېتىم يۇنۇس خوجىنىڭ رەقىبى بولغان ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولغان خوجا بۇرھانىدىننى ئالدىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئاۋۋال ئاقسۇ، ئاندىن قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. 17- ئەسىردە شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى (قومۇل ۋە تۇرپان)نى قولغا كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1754- يىلى قالماقلارنىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالىدۇ، 1759- يىلى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىمۇ ئىگىلەيدۇ ۋە مەزكۇر جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزىدۇ. 1756 — 1760- يىللاردا چىڭ سۇلالىسى قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈزلىرى بىلەن قوقەند (قوقان) خانلىقلىرىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزىدۇ.

بۇرھانىدىننىڭ ساق قالغان ئوغلى سالىھ خوجا ھىجرىيە 1199- يىلى (مىلادىيە 1785- يىلى) قوقەندكە بارىدۇ ۋە پەرغانىنىڭ باشقا مەركەزلىرىدىكى خوجا خانلىقىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلايدۇ ۋە كۆپ يىل سەرپ قىلىپ، خوجىلارغا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1826- يىلى سالىھ خوجىنىڭ ئوغلى جاھانگىر قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ ۋە تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

1829- يىلى ۋە 1830- يىلى مۇھەممەدخان بىلەن يۈسۈپنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بەزى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ. 1847- يىلى ۋە 1854- يىلى مۇھەممەد ئىمىن ئىككى قېتىم قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. 1855 — 1856- يىللىرى كىچىكخان تۆرە ۋە ۋەلىخان تۆرە توپىلاڭلىرى يۈز بېرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى 1862- يىلى تۇڭگانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

1863 — 1864- يىللىرىدا قىرغىزلارنىڭ كاتتىبېشى سىدىق بەگ مۇسۇلمانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. جاھانگىر خوجىنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان سىدىق بەگ ئۆزىنىڭ قەشقەردە داۋاملىق تۇرالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، قەشقەرنى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خانغا تاپشۇرماقچى بولىدۇ. قوقەندتە تۇرۇۋاتقان بۇزرۇك خان 1864- يىلى مۇھەممەد ياقۇپبەگنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قوشۇننىڭ ھىمايىسىدە قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ مالىمانچىلىقلارغا خاتىمە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيەتنى تولۇق قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىنى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلىدۇ (مىلادىيە 1866- يىلى) ۋە شەھەر - بازارلاردا ئاتالمىش بۇزرۇك ۋەزىر ئەزىم تەيىنلەيدۇ (بۇزرۇك خوجىنى ھاكىمىيەتكە ئارىلاشماي، تۇرالغۇسىدا ئۆز ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەڭ ئاخىر ئۇنى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا سالىدۇ). ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن بىر چوڭ قەلئە ۋە مەھەللىلەر ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ، قىپچاقلارنىڭ 4000 — 5000 كىشىلىك بىر قوشۇنى تاشكەنتنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى مىرزا مۇھەممەدنىڭ يېنىدىن ياقۇپبەگنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كېلىدۇ، «بەدۆلەت» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالغان ياقۇپبەگ بىر تەرەپتىن يېڭىسار، يەكەن، خوتەن بىلەن ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، كورلا ۋە تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ چېگراسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم مەركەز ۋە قەلئەلەرگە قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلايدۇ.

رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەملىكەتلەرنى بىر - بىرلەپ بويسۇندۇرۇپ، ھىندىستان چېگراسىغا يېقىنلىشىشى ئىنگلىزلارنى ۋەھىمىگە سالدى ۋە بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە يېقىندىن ئىشتىراك قىلىشقا باشلىدى.

شلاگىنۋېيت (A. Schlagenwet) 1857- يىلى ۋەلىخان تۆرە ئىسيان كۆتۈرگەندە شىنجاڭغا كېلىدۇ ۋە ئىسيان كۆتۈرگەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. 1863- يىلى ۋ. پ. جونسون (W. P. Jonson) ياقۇپبەگ بۈزرۈك خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقاندا، خوتەندىكى ھەبىبۇللا خاننى زىيارەت قىلغان، ھىجرىيە 1285- يىلى (مىلادىيە 1868- يىلى) بۇنىڭغا پ. شاۋ (P. Show) قېتىلىدۇ (كېيىنكىسىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئۈچۈن «oçerkı verhn. Ttarrii, yarkenda i kaşgara, Petersburg, 1873» غا قاراڭ).

ياقۇپبەگ 1869- يىلى مىرزا مۇھەممەد شادى باشچىلىقىدىكى بىر زىيارەت ئۆمىكىنى ھىندىستانغا ئەۋەتىدۇ ھەمدە 1870- يىلى بۇ ئۆمەك بىلەن بىرگە ف. د. فورسىس (F. D. Forsyth) نىڭ باشچىلىقىدىكى شاۋ (Show) بىلەن گ. ھېندېرسون (G. Henderson) قاتناشقان بىر ئەنگلىيە زىيارەت ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بىر كېلىشىمنامە تۈزۈش ئىستىكىدە بولغان. ئەمما بۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن رۇسلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن قەشقەر دائىرىلىرى ئارىسىدا رەسمىي بىر شەرتنامە ئىمزالانمايدۇ. بىراق، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ بۇلارنىڭ ھەل قىلىنغانلىقى مەلۇمدۇر. ف. د. فورسىس باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ياقۇپبەگ دائىرىلىرى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەركىن سودا قىلىش ۋە يەر - زېمىن سېتىۋېلىشقا يول قويۇش، ئەنگلىيە بۇنىڭ بەدىلىگە ياقۇپبەگنى قورال - ياراغ ۋە ھەربىي تەمىنات بىلەن تەمىنلەش ھەمدە قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ تۈركىيە تەۋەسىگە ئۆتۈش مەسىلىسىدىمۇ ئەھدىنامە تۈزۈشىدۇ. ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئۆزىنى، تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشۇندىن باشقا يۆلەنچۈكى بولمىغان ياقۇپبەگ تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىغا كىرىش ئۈچۈن

چوقۇم ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىشى ۋە دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تەييارلىقلارنى قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مەقسەتتە، ھىجرىيە 1287 ـ يىلى (مىلادىيە 1870 ـ يىلى) ئەلچى ياقۇپخان (سەئىد ياقۇپخاننى كۆرسىتىدۇ) ئالدى بىلەن مىسىردا، ئاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىنغان. تۈزۈلگەن بارلىق شەرتنامىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولمىساقمۇ، بىراق ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ مۇۋاپىق شەكىلدە قاندۇرۇلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەلچى ياقۇپخان ئېرىشمەكچى بولغان توپ، مىلتىق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىگە پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچى ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەيدىغان مۇئەللىملەر (يۈسۈپ، چەركەس يۈسۈپ، ئىسمائىل ھەققى، داغىستان بەگزادىلىرىدىن زامان بەي ۋە تۆت نەپەر پىدائىي ئەسكەر) بىلەن بىرگە، ئەندۇرۇنلۇق مەشقاۋۇل مۇرات ئەپەندى ئەلچىلەر بىلەن بىرگە قەشقەرگە قاراپ يولغا سېلىنىدۇ ھەمدە ياقۇپبەگكە بىر قىسىم سوۋغا ـ سالاملار ۋە «ئوسمانىيلارغا تەۋە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمىر» دېگەن ئۇنۋان بېرىلىدى. ئەلچى ياقۇپخان بىلەن ھىجرىيە 1290 ـ يىلى تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ئۈچۈن «كەنان بەي ئەسىرى» (ئىستانبۇل)گە قاراڭ، 2 — 4 ـ بەت. ياقۇپخان قايتىش سەپىرىدە ھىندىستان ۋالىيسى نورسبروك (Northbrook) بىلەن كۆرۈشىدۇ، 1872 ـ يىلى ئەھرارخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ھىندىستانغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ف. د. فورسىس باشچىلىقىدا، بېللېۋ (Bellew)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 7—8 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىدۇ، 100 دانە توپ ۋە ياقۇپبەگكە يوللانغان نامىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ، ئۇلار ياقۇپبەگ ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق جايلاردىكى خۇتبە سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىغا ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن پۇللار تارقىتىلىشقا باشلايدۇ. ئەنگلىيە زىيارەت ئۆمىكى ياقۇپبەگكە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەمىر ئۇنۋانىغا ماس كېلىدىغان قىرال دېگەن نام

بېرىدۇ، بۇ ئۆتمەك ياقۇپبەگ بىلەن باراۋەر ئاساستا يېڭى بىر شەرتنامە ئىمزالايدۇ، ھىجرىيە 1290- يىلى زۇلھەججەنىڭ 2- كۈنى (مىلادىيە 1873- يىلى 2- ئاينىڭ 2- كۈنى) ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى ئۈچۈن «قەشقەر تارىخى»نىڭ 384- بەتكە قاراڭ، 1873—1874- يىلى قەشقەرگە كەلگەن ئەنگلىيە زىيارەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن sir F.D. Forsyth. Calcutta, 1875 ve Bellev: Kashmir and Kashgar (rus. tre. kashmir i kashgar. Petersburg. 1877) دېگەن ئىككى ئەسەرگە قاراڭ.

سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان رۇسلار ئىنجاڭغا ئاللىبۇرۇن كۆزىنى تىككەنىدى، 1713- يىلى سىبىرىيە ۋالىيسى گاگارىن ئالتۇن ئىزدەش مەقسىتىدە ئىرتىشقا ئىرتىشكىنوۋنى ياركەنتكە ئەۋەتكەن ۋە 1715- يىلى ئۇنىڭ سەلبىي دوكلاتىنى ئىمپېراتور پېتىر Iغا مەلۇم قىلغان، ھىجرىيە 1227- يىلى (مىلادىيە1861 — 1862- يىلى) ەركىن سودا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋە قەشقەردە كونسۇلخانا سىس قىلىش ئۈچۈن رۇسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىر ـەرتنامە تۈزۈلىدۇ. 1868- يىلى تىنىج تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەرنى زىيارەت قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن رۇسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەشقەردە يېڭىدىن كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئانچە ئارزۇلىغۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇسلار ياقۇپبەگكە قارىتا سەلبىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى شەرتنامە تۈزمەكچى بولىدۇ. بىراق، ياقۇپبەگ رۇسلاردىن بېيجىڭنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆزى بىلەن شەرتنامە تۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، رۇسلار ياقۇپبەگنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسىنى بۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىشكە كۈشكۈرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگكە قارشى كۈچلەرنى قوللاشقا باشلايدۇ، رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەنگلىيە ئەلچىسىگە: «ياقۇپبەگ بىر ھۆكۈمەت قۇرىدىغان بولسا، رۇسىيە چىڭ سۇلالىسى بىلەن كېلىشكەن ئەھدىنامە بويىچە چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بىر ئاسىي بىلەن

مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ» دېگەن شەكىلدىكى باياناتىنى ئەلچى رەت قىلالمايدۇ، لېكىن «ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيەگە قارىتا دۇشمەنلىك غەرىزى يوق، بۇ جەمەتتىكى مەسىلىلەردە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلەرگە موھتاج، مۇبادا قوشنىدارچىلىق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلساڭلار، بىز سىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشنى خالايمىز. مۇبادا قەشقەردە راستىنلا ئەمىر دۆلىتى قۇرۇلىدىغان بولسا، رۇسىيە تەرەپمۇ ئاشكارا سۆھبەتلىشىدۇ» دېگەن شەكىلدە كېپىللىك بەرگەن («قەشقەر تارىخى»، 372- بەت).

شۇ سەۋەبتىن، ياقۇپبەگ 1872- يىلى تۈركىستان ۋالىيسى كائۇفمان (Kaufman)غا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە بىر ھۆكۈمدار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ۋە قەشقەرگە مۇۋاپىق بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، سودا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش خۇسۇسىدا كېڭىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇ يىلى كائۇفماننىڭ بارون كولبار باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە ياقۇپبەگ بىلەن تاشقى سودا ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ، بۇ كېلىشىمنامە تاشكەنتتە ئىمزالىنىدۇ. بۇ كېلىشىمنامىدە چېگرا پاسىللىرى بېكىتىلگەن ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر- بىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى توختىتىش بەلگىلەنگەن. ھىجرىيە 1290- يىلى (مىلادىيە 1873- يىلى) ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئەلچىسى ياقۇپھاجى موللا تۇرابىنى پېتىربۇرگقا ئەۋەتىدۇ. رۇسىيەنىڭ ھەر قېتىملىق زىيارەت ئۆمىكى قەشقەرنى زىيارەت قىلغاندا، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بۇلارنىڭمۇ ھەر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. قەشقەر بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە تۈزۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىستانبۇل گېزىتلىرىدە، ياقۇپبەگ بىلەن رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك دۆلەتلىرىگە قارشى شەرتنامە تۈزۈپتۇ دېگەن خاتا تەقرىز ئېلان قىلىنىدۇ، قەشقەردىكى ئىستانبۇل ۋەكىلى مۇھەممەد زىيا ھىجرىيە 1291- يىلى (مىلادىيە 1874- يىلى) زۇلھەججىنىڭ 26- كۈنى بۇ شەرتنامىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىستانبۇلغا خەۋەر قىلىدۇ («قەشقەر تارىخى»، 382- بەت).

ئەنگلىيە ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەردىن يولغا چىققان

ئەلچى ياقۇپخان مۇراد ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە ھىجرىيە 1292 ـ يىلى (مىلادىيە 1875 ـ يىلى)نىڭ باشلىرىدا ئىككىنچى قېتىم ئىستانبۇلغا كېلىدۇ ۋە ياقۇپبەگنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى بىلەن مەكتۇپلىرىنى تۈركىيە سۇلتانىغا تەقدىم قىلىدۇ (بۇ ۋەقەلىكلەر ئۈچۈن كانان بەيىنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ، 4 — 7 ـ بەتلەر). ئەلچى ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئوغۇللىرىغا كاتتا ئىنئاملار بېرىلىدۇ. قوشۇن مەشقاۋۇلى (زەمبىرەك مۇتەخەسسىسى قول ئاغسى ئەلى، پارتلاتقۇچ دورا مۇتەخەسسىسى ـ يۈز بېشى ئەلى ۋە ئىستىھكام قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى ـ يۈز بېشى قازىم) بىلەن قورال ـ ياراغ ئەۋەتىش ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت ئۆتكۈزۈلىدۇ (بۇ قېتىم ئەۋەتىلگەن قوراللارنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى ئۈچۈن «قەشقەر تارىخى»غا قاراڭ، 387 ـ بەت). ئەلچىگە بېرىلگەن نامەئى ھۇمايۇن (سۇلتان يارلىقى) دا، باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا، بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئارزۇسى بويىچە قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بار (ھىجرىيە 1292 ـ يىلى رەجەپنىڭ 15 ـ كۈنى، مىلادىيە 1875 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نامەئى ھۇمايۇننىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ئۈچۈن «قەشقەر تارىخى»، 388 ـ بەت ۋە كەنان بەي ئەسىرىنىڭ 9 ـ بەتلىرىگە قاراڭ). ئەلچى ياقۇپخان ئىستانبۇلدا رۇسىيە ئەلچىسى ئىگنات (Ignat) بىلەن كۆرۈشىدۇ، رۇسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە پېتېربۇرگنى زىيارەت قىلىدۇ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتتە كائۇفماننىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ قالىدۇ.

ياقۇپبەگ ھىجرىيە 1294 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەللىنىڭ 16 ـ كۈنى (مىلادىيە 1877 ـ يىلى) كورلىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولىدۇ، جەسىتى ئۇزاققا قالماي قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ ئاپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ. كورلىغا يېقىن يەردە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ھەققۇلىبەگ ئۇ يەرگە كېلىپ، دادىسىنىڭ ئەمىرلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلماقچى بولغان بەگقۇلىبەگكە قارشى بەزى سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بەگقۇلىبەگ مۇھىم مەركەزلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ئائىلە ئىچىدە يۈز بەرگەن

ئىچكى نىزا ۋە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن باشقا، يەرلىك بەگلەر خەۋەر تېپىپ تەشۋىشكە چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇرغان چىڭ سۇلالىسىغا قارىتا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايدۇ. ئاقىۋەت ھاكىمىيەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا، بەگقۇلىبەگ بىلەن ئىنىسى ھەيدەرقۇلىبەگ قوقەند خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە پاناھلىنىدۇ. قەشقەردە قالغان ئىنىسى ئىشانقۇلى بولسا چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولىدۇ، ئىلگىرى ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئېرىشكەن بۇ شاھزادە ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بەگقۇلىبەگ ھىجرىيە 1298- يىلى (مىلادىيە 1881- يىلى)نىڭ ئاخىرلىرىدا ئىستانبۇلغا كېلىدۇ ۋە كۆكسۇ سارىيىدا كۈتۈۋېلىنىدۇ. كېيىن پادىشاھنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئالى بەي بىلەن بىرگە ھىندىستان يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىدۇ، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، بەگقۇلىبەگ قەشقەر كونا شەھىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە يېڭىشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قورشاۋغا ئالىدۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي قەشقەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1888- يىلى قەشقەردە ياقۇپبەگ زامانىدا ھۆكۈمەتنىڭ قەلەمدار ئەمىرى بولغان مۇھەييەدىن مەخدۇمنىڭ ئىنىسى ئابدۇقادىر ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ. 1900- يىلى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىسياندىن كېيىن خەلق ئېغىر زۇلۇمغا دۇچار بولسىمۇ نىسبىي تىنچلىققا ئېرىشىدۇ.

(تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن)

# قەدىمكى قەشقەر[1]

ئادىل مۇھەممەت

## قەدىمكى قەشقەر توغرىسىدا

قەشقەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمىي بوستانلىق. ئۇنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخى بۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، قەشقەرنى تارىم ئويمانلىقىدىكى مەركىزىي رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قەشقەر شەھىرى ئۆزىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق، ئەتراپىدىكى قوشنا جايلارغا، شۇنداقلا پۈتكۈل تارىم بوستانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، يەرلىك مەدەنىيىتى سەۋەبلىك، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالى، ھەتتا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ھامىي بولغان، يەنى غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئاۋۋال بۇ جايغا كىرىپ، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن سىڭىشكەن ھەم گىرەلەشكەن ھالدا باشقا جايلارغا — تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. قەدىمكى دىنلاردىن بۇددا، مانى، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە سودا كارۋانلىرى مۇشۇ يەر، مۇشۇ يول ئارقىلىق باشقا جايلارغا تارقالغان. دېمەك، قەشقەر تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ،

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي نەشرى.

خىلمۇخىل، موللۇقى ۋە يەرلىك پۇراقىنىڭ قويۇقلۇقى ھەممىدە كۆچلۈك تەسىرچانلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە «قەدىمكى قەشقەر توغرىسىدا» دېگەندە، پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىنى ئەمەس، بەلكى قەشقەر شەھىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك بىر مەمۇرىي بىرلىكنى يەنى قەدىمكى سۇلى (سۇللۇغ — قەشقەر) بەگلىكىدىن باشلانغان تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىكى بۇ قەدىمكى بەگلىك ھەققىدە چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىشنى مەقسەت قىلدۇق.

## قەشقەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، قەشقەر دەرياسى (قىزىل دەرياسى باشلىنىش مەنبەسىدىن قەشقەرگىچە قىزىلسۇ دەرياسى، ئاياغ قىسمى قەشقەر دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ئۇنىڭ «شىمالىي پامىر دەرياسى» دەپمۇ ئاتالغانلىقى خاتىرىلەنگەن) ۋادىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°20′ — 79°57′ بىلەن شىمالىي كەڭلىك 35°20′ — 40°18′ قا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1285 مېتىر. ئومۇمىي يەر تۈزلۈكىدىن ئالغاندا، شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس، غەربىي تەرىپى تاغلىق، شەرقىي تەرىپى تۈزلەڭلىك. دەريالىرى ئەسىرلەردىن بويان ئۆز ئېقىنىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ، قەشقەرنىڭ يەر شەكلىدە مۇرەككەپ شەكىل، ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى دەريا شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىرگەندە سۇ بۆلۈنىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 59 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كۆچمە مۇز قار ئېرىمىسىدىن باشلىنىدۇ ۋە ھۆل-يېغىن، بۇلاق سۇلىرىنىڭ توپلىنىشى بىلەن كۆپىيىدۇ. سۇيى لاي، دەريا قاشلىرى لاتقىلىق ھەم پەلەمپەيسىمان، ئەگرى - بۈگرى، شىمالىي

تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس. تۇمەن دەرياسى تىپىك بۇلاق سۈيى ئېقىنى بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ، شەھەر مەركىزى رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 126 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. دەريا قاشلىرى پەلەمپەيسىمان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى جەنۇبىي تەرىپىدىن پەسرەك. شەھەرنىڭ مەركىزى تۇمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبى، قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالىي تەرەپتىن شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە ساقىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىسى ئېگىزرەك، جەنۇب - شىمال تەرىپى پەسرەك.

قەشقەر شەھىرى ئىسسىق بەلباغ چوڭ قۇرغاقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا ياتىدۇ. تۆت پەسلى ئېنىق، ياز ئۇزاق، قىش قىسقا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃؛ 1- ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -6.5℃، ئەڭ ئىسسىق ئاي بولغان 7- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.9℃. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -24.4℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1℃. يىللىق قىروۋسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 215 كۈن، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2822 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 62.7 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 26.33 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. كۆپ ھاللاردا غەربىي شىمال قىيپاش شامىلى چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە چاڭ - توزان ۋاقتى 10.2 كۈن بولىدۇ[1].

قەشقەر دەريا ۋادىلىرى تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، قىزىل دەرياسى بىلەن تۇمەن دەرياسى بۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ياپيېشىل ئورمانلىقلارنى، كەڭ كەتكەن ئوتلاق، تېرىلغۇ يەر بەلباغلىرىنى بەرپا قىلغان. نۇرغۇنلىغان باغلار ئەھيا قىلىنىپ، دۇنياغا داڭلىق بولغان مېۋە سورتلىرى يېتىشتۈرۈلگەن. قەشقەردە تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە، جىگدە، ئاكاتسىيە، چىنار، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىق دەرەخلەر؛ شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئامۇت، توغاچ، بېھى، ئالما، بادام، ئەنجۈر، ئانار، گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، شال، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت، ئارپىبەدىيان، بېدە

زىرە قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار تېرىلىدۇ. چۇچۇكبۇيا قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ. كۆندۈرۈلگەن نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار بېقىلىدۇ.

قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان. قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن سودا ـ تىجارەتلىرى بىلەن نام چىقارغان، ئاھالىسى زىچ، ئاۋات ئىدى. شۇڭا، تارىختا «ئەزىزانە قەشقەر» دەپ نام ئالغان. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ يەر «قەلئەسى، بازىرى بار، غەربىي يۇرت بويىچە ھەممە دۆلەتلەردىن چوڭراق» ھەمدە «كوچىلىرى گىرەلەشكەن، بازارلىرى تۇتاشقان»، بازىرىدا «رەڭگارەڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ھەممىشە تېپىلىدىغان، چارۋا، مېۋە ـ چىۋىلەر ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ» ئاۋات جاي بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان، سودىسى ئىنتايىن گۈللەنگەن قاتناش تۈگۈنى ئىدى[2]. بولۇپمۇ ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا يول لىنىيەسى ئۆزئارا ئۇچراشقان جاي بولۇش بىلەن بىللە، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. قەدىمدە بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مۇشۇ جاي ئارقىلىق شىنجاڭغا، ئاندىن باشقا جايلارغا تارقالغان.

### قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى

قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 220 ـ يىللار) دىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ «سۇلى» (疏勒، سۇللۇغ) دەپ خاتىرىلەنگەن[3]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى تاكى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەرگىچە مۇشۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. بىراق،

يېقىنقى يىللاردىكى قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، سۇلى نامى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى[4]. بولۇپمۇ «سۇلى» نامىنىڭ كېيىنكى قوللىنىلغان يىل دەۋرىدە ۋەياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان «قەشقەر» دېگەن نامىنىڭ بارلىققا كەلگەن يىل دەۋرى مەسىلىسىدە ئىلگىرى شەكىللەنگەن «مىلادىيە 8- ئەسىر» دېگەن قاراشقا نىسبەتەن، يېڭىچە بىر تونۇش يەنى مىلادىيە 970- يىلى ئۇدۇن ساك تىلىدا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 727- يىلى مۇشۇ شەھەردىن ئۆتكەن چاۋشىيەنلىك ساياھەتچى خۇي چاۋ خاتىرىسىدە «سۇلى» (سۇللۇغ) دېگەن بۇ شەھەرنى يەرلىك خەلق «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇ «قاشقارا» دېگەن شەكىل خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «سۇلى» (سۇللۇغ) نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت دېگەنلىك بولاتتى...... بۇنىڭدىن «قەشقەر» نامىنىڭ مىلادىيە 5 — 7- ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئاللىقاچان «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ[5]. قاراخانىيلار دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1212- يىللار) گە كەلگەندە، «ئوردۇكەنت» دېگەن بىر نام بارلىققا كېلىپ[6]، «قەشقەر» نامى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولدى ھەمدە قەشقەرنىڭ «خان تۇرىدىغان شەھەر» ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ «سۇلى» (سۇللۇغ)، «قەشقەرى» (قاشقارا)، «ئوردۇكەنت» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بۇنىڭدا «قەشقەر» دېگەن نام، قەدىمدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھەقىقىي نام سۈپىتىدە، مۇشۇ بىر زېمىننىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

**قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئورنى ۋە مەركىزىي شەھىرى**

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەھۋالى توغرىسىدا،

ئىلىمىزنىڭ كىلاسسىك تارىخىي ئەسەرلىرىدىن «خەتنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇلى (سۇللۇغ) بەگلىكى، مەركىزىي سۇلى شەھىرى بۇ يەردىن چاڭئەن شەھىرىگىچە 9350 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1510 تۈتۈن، 18 مىڭ 647 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2000 نەپەر. بىر نەپەردىن قەشقەر بېگى، هۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ئاتبىبەگ، كاھبەگ، ئوڭ ۋە سول تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2210 چاقىرىم، جەنۇبىدىن ساكارائۇلغا 560 چاقىرىم كېلىدۇ. بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە ۋە كانگا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان»[7] دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. بۇ ھازىرغىچە بىز ئىگە بولغان قەشقەر ھەققىدە يازما مەنبەلەردىكى تۇنجى ھەم بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بولۇپ، بۇ بىزنىڭ قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) نىڭ خەن دەۋرىدىكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«خەتنامە» دىكى غەربىي يۇرت خانلىق - بەگلىكلىرى ھەققىدە بېرىلگەن جۇغراپىيەۋى ئارىلىقلارنىڭ كۆرسىتىشى ۋە غەربىي يۇرت تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ ئورنى «ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان، ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندا ئىدى»[8]. «ئۇ شەرقتە كۇسەن بەگلىكى بىلەن، شەرقىي شىمالدا قۇم، ئۇچ، سەپەرباي بەگلىكلىرى بىلەن، شىمالدا ئۇيسۇن (ئاسىيۇ) خانلىقى بىلەن، غەربتە ئەركەشتام، ئۇلۇغچات بەگلىكلىرى بىلەن، غەربىي جەنۇب، جەنۇبتا تاشقورغان، ۋۇلىي، ئىناي، ساكارائۇل بەگلىكلىرى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا پاسىيان، ئۇدۇن، نىيە بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشاتتى»[9]. شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتىكى بىر قىسىم بەگلىكلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ[10]، بۇ بەگلىكنىڭ زېمىن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەندى.

قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ مەركىزى سۇلى (سۇللۇغ) شەھىرى

بولۇپ، دەسلەپكى قەدىمدە ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكسار كەنتىنىڭ شىمالىدىكى «ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى» دا ئىدى، دەپ بېكىتىلدى[11]. بۇ «ئەسكىھىسار» دېگەن نامدىكى «ئەسكى» تۈركىي تىلدا «كونا، قەدىمكى» دېگەن مەنىدە، «ھىسار» سۆزى «شەھەر، قەلئە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قەدىمكى شەھەر» ياكى «كونا قەلئە» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

مىلادىيە 1906 ـ يىلى 8 ـ ئايدا فىرانسىيەلىك ئارخېئولوگ پائول پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش قىلغاندا، ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ، ئۆلچەپ تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ سىزغان خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى چاغدا بۇ شەھەرنىڭ خارابە ئىزى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئىزدا پەقەت شىمالىي تەرەپ ۋە غەربىي تەرەپتە ئىككى بۆلەك سېپىل تېمى قالغان. شىمالىي سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 287 مېتىر، غەربىي سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 205 مېتىر، تامنىڭ ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 7 مېتىر كېلىدىكەن. ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 200 موغا يېقىن كېلىدىكەن. قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قىزىل دەرياسى، شەرقىي تەرىپىدە تۈمەن دەرياسى بار. قەدىمكى شەھەر دەل ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى يەر شەكلى ئېگىز، سۈيى ئەلۋەك، شەھەر، قەلئە سېلىشقا ئەڭ باب كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. چىڭ خاقانلىقىنىڭ شيەنفىڭ يىللىرى (مىلادىيە 1854 — 1861 ـ يىللار) دا، شۇ سۆڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەندە، ئولتۇراق ئائىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن[12].

«كېيىنكى خەننامە» دىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي خەن خاقانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر بەگلىكى ئىلگىرىكىدىن كۈچلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە، نوپۇس ۋە ئەسكەر سانى تېزدىن كۆپەيگەن ھەمدە مەركىزىي شەھەرلىرىمۇ كۆپەيگەن.

«كېيىنكى خەننامە» نىڭ «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ بىرقانچە شەھىرى — پەنتو (槃橐) شەھىرى، ۋۇجى (乌即) شەھىرى،

سۇنجۇڭ (损中) شەھىرى، جېنجۇڭ (桢中) شەھىرى تىلغا ئېلىنغان[13].

خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ ئورنى ۋە مەركىزىي شەھىرى ھەققىدە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزقارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ يەردە مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قەدىمكى قەشقەر (پۈتكۈل غەربىي يۇرت) ھەققىدىكى يازما ماتېرىياللار بەك كەمچىل بولغانلىقى ۋە قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەك كۆپ، مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈش قالدۇرغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمىز پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئوخشاشمىغان قاراشتىكىلەرگە قارىتا قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك ئېنىق بىر جاۋاب بېرەلمىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت يەنى «خەننامە» ۋە «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى تارىخ، جۇغراپىيە مەسىلىلىرىگە ئېنىقلىما بېرىلگەن تەتقىقات ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) نىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئېنىقلىما بېرىپ، بىر قىسىم يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى[14]. يېقىندا يەنە بەزى ئالىملار ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى توغرىسىدا يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتتى[15]. ھالبۇكى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ قاراشلارمۇ ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئورنى ۋە مەركىزىي شەھەرلىرى ھەققىدە يېڭى بىر كەسكىن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاۋۋال، يەنىلا مول بولغان تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتقا ئىگە بولۇش زۆرۈر.

## قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ بەگلىرى

قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ خانلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات «خەننامە» دە ئۇچرىمايدۇ. «كېيىنكى خەننامە» نىڭ «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، بۇ بەگلىكلەر ھەققىدە قىسمەن مەلۇمات بېرىلگەن. بىز مۇشۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئىسمى، يىل دەۋرىنى تىزىپ چىقتۇق:

ميلادىيە 73 - يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى)، كۈسەن بېگى جيەن سۇلى بېگى چېڭنى ئۆلتۈرۈپ، كۈسەنلىك دۇتى (兜题) سۇلى (قەشقەر) غا خان قىلىپ تىكلەنگەن.

ميلادىيە 74 - يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى)، ئالدىنقى سۇلى بېگىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇڭ (忠) بەگ قىلىپ تىكلەنگەن.

ميلادىيە 84 - يىلى (خەن جاڭدىنىڭ يۈەنخې 1 - يىلى)، سۇلى (قەشقەر) نىڭ ياردەمچى بېگى چېڭدا بەگ قىلىپ تىكلەندى.

ميلادىيە 114 — 120 يىللىرى (خەن ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى)، سۇلى بېگى ئەنگو (安国) ئاغرىپ ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىڭ بەگ قىلىپ تىكلەندى. كېيىن، چېڭ پەن (臣磐) توخرى خانىنىڭ قوللىشى بىلەن سۇلىغا بەگ بولدى.

ميلادىيە 168 - يىلى (خەن لىڭدىنىڭ جيەنىڭ 1 - يىلى)، سۇلى بېگى چېڭ پەن ئۆزىنىڭ تاغىسى قودىر (和德) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قودىر ئۆزىنى بەگ دەپ ئېلان قىلدى.

(بۇ تىزىملىك «كېيىنكى خەننامە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 281—289 -، 547 — 549 - بەتلەردىن رەتلەپ ئېلىندى.)

## قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە توختالغاندا، بىز يەنىلا «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق قەدىمكى كلاسسىك تارىخىي ئەسەرلەردىكى قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا تايىنىمىز.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە قەشقەر ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ:

«سۇلى ‹سۇللۇغ› بەگلىكى، مەركىزى سۇلى شەھىرى...... بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە ۋە كانگا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان»[16].

«...... ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە مېڭىپ سۇلىغا بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگا ۋە ئائورسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ»[17].

«كەشمىر خانلىقى...... ئىلگىرى ھۇنلار ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتىرىيەگە، ساكلار خانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى»[18].

«ئىناي بەگلىكى...... ئاشلىق ئاز چىقىدۇ. سۇلى (سۇللۇغ)، ساكارائۇل يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ»[19].

«كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەزكىرىسى» دە، بەن چاۋنىڭ مىلادىيە 78 ـ يىللاردا خەن خاقانىغا يوللىغان مەكتۇپىدىن مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«...... كىمىنىلىرى سۇلى، ساكارائۇللارنىڭ زېمىنى مۇنبەت ۋە كەڭ، ئوت ـ چۆپى بولۇق ئىكەنلىكىنى، دۇنخۇاڭ بىلەن پىشامشان ئارىلىقىدەك قاقاس ئەمەسلىكىنى كۆردۈم. لەشكەر چىقارساق خانلىقىمىز ھېچقانچە چىقىم تارتمايدۇ. لەشكەر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىنلا ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەرنى ئېلىپ تەمىنلىنىپ كېتەلەيدۇ»[20].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى چوڭقۇر قاتلىمىدىن تەھلىل قىلساق، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) نىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، قەدىمكى قەشقەر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن. قەدىمكى قەشقەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى مەركىزى سۇلى شەھىرى بولۇپ، نۇرغۇن بازارلىرى بولغان. ئۇ غەربتىكى ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە، كانگا ۋە ئاتورسى قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئەھۋاللاردىن بىز قەدىمكى قەشقەرنىڭ يىپەك يولىدىكى سودىسى تەرەققىي قىلغان، شەھەر - بازارلىرى ئاۋات، شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە سودا كارۋانلىرى، سەيياھلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان بىر جاي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچىدىن، غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم بىر بەگلىك — سۇلى (قەشقەر) دە، خەن دەۋرىدە ساكلارنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا، قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ساك قوۋمىنىڭ ياشىغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

ئۈچىنچىدىن، قەدىمكى قەشقەرنىڭ زېمىنى مۇنبەت ۋە كەڭ، ئوت - چۆپى مول بولۇپ، ئۆزلىرىنى تەمىنلەپلا قالماي، باشقا قوشنا ئەللەر ۋە بۇ يەرگە كەلگەن سودىگەر، سەيياھ ۋە لەشكەرلەرنىمۇ تەمىنلەيدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئىناي بەگلىكى قاتارلىق قوشنا ئەللەرگە تېرىقچىلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن يەر ئۆتنە بېرىپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكىلەر قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىكى كەڭ مەنزىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، تۇرمۇش شارائىتىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قەدىمكى قەشقەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىكى ئەۋزەللىك قەشقەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بولسا، قەشقەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى ئالاھىدە مەھسۇلاتلار قەشقەرنىڭ ئىچكى - تاشقى سودا ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان. يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدىن كۆپلەپ شەھەر خارابە ئىزلىرى، بازار - مەھەللە خارابىلىرى

ۋە ئۆتەڭ - قونالغۇ ئىزلىرىنىڭ بايقىلىشى ھەمدە بۇ خارابە ئىزلاردىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇل، تاۋارلار قالدۇقلىرىنىڭ تېپىلىشى ھەقىقەتەنمۇ قەدىمدە قەشقەرنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

قەشقەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا سۇيى ئەلۋەك، زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى تۈزلەڭ، ئوت - چۆپى مول بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى پايدىلىق ئامىللارنىڭ بىرى. يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان خارابە ئىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەريا ئېقىنلىرى، سۇ بويلىرىنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدىن قارىغاندا، تۈزلەڭ يەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دېھقانچىلىق قىلىشقا پايدىلىق جايلاردۇر. قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ئېگىزلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالى، غەربى، غەربىي جەنۇبىدىكى تاغقا يانداش كەتكەن ئېگىزلىك رايونىدا بۇ خىل ئەھۋال روشەن بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە تۈزلەڭ جايلارنى ئاساس قىلغان تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق) بىلەن بىرقەدەر ئېگىز، تاغقا يانداش جايلارنى مەركەز قىلغان چارۋىچىلىق (كۆچمەن چارۋىچىلىق) ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان.

قەدىمكى قەشقەردە يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ھەمدە تاغ باغرى، ئېگىزلىكلەردە زۆرۈر بولغان قورال - سايمانلار ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە كۆپلەپ سىرتقا توشۇلغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدە بۇ خىلدىكى كۇلالچىلىق ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ تېپىلدى (بۇنداق ئىزلار قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توققۇز ساراي

ئەتراپى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىن تاكى مىگىيولغىچە بولغان جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ). بۇ ئىزلاردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇم پارچە-لىرىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە قەشقەردە كۇلالچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

### قەدىمكى قەشقەرنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە زېمىن دائىرىسى

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قەشقەر (سۇلى) بەگلىكى...... ئاھالىسى 1510 تۈتۈن، 18 مىڭ 647 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2000 نەپەر» دېيىلگەن[21]. بۇ قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206- يىلىدىن مىلادىيە 23- يىلىغىچە) دىكى نوپۇس ۋە ھەربىي كۈچ ئەھۋالى بولۇپ، بۇ چاغدا غەربىي خەن خاقانلىقى شىمالدىكى دۈشمەن ئەل ھۇنلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقان، گەرچە غەربىي يۇرت ئەينى چاغدا ھۇنلار بىلەن خەن خاقانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان مەركىزىي رايون بولسىمۇ، لېكىن مەيلى خەن خاقانلىقى بولسۇن ياكى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بولسۇن، ھەر ئىككى تەرەپ غەربىي يۇرتقا قارىتا تىنچلىق دىپلوماتىيەسىنى ئىشقا سېلىۋاتقان، غەربىي يۇرتتىكى خانلىق- بەگلىكلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، غەربىي يۇرت نىسبەتەن تىنچ بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىق- بەگلىكلەر ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن بەند ئىدى. بىراق، ۋاڭ ماڭنىڭ تەختكە چىقىشى يالغۇز خەن خاقانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى غەربىي يۇرتتىكى خانلىق - بەگلىكلەر ئۈچۈنمۇ زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، يەنى ئىلگىرى خەن خاقانلىقى غەربىي يۇرتقا قارىتا تىنچلىق دىپلوماتىيە تەڭلىك ۋە يۇمشاق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزىگە قارىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتتىكى زور كۆپچىلىك خانلىق - بەگلىكلەر خەن خاقانلىقى بىلەن دوست بولغان، تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولسا، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن خان- بەگلەرنىڭ ئورنى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇڭا، غەربىي يۇرتتىكى

خانلىق - بەگلىكلەر نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈردى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ھۇنلارغا بېقىندى[22]. بۇ چاغدا يەنە غەربىي يۇرتتىكى بىرقەدەر چوڭ بولغان بەگلىكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا غوجا بولۇۋېلىپ، ئەتراپتىكى ئاجىز بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق، ئۆزئارا تەسىر دائىرە بۆلۈشۈۋالىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

غەربىي يۇرتتىكى بۇنداق تىنچسىز ۋەزىيەت ئېنىقكى، ھەرقايسى خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولغان. ئىلگىرى «خەننامە» دە قەدىمكى قەشقەر بېگلىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى 2000 نەپەر دېگەن بولسا، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئاھالىسى 21 مىڭ تۈتۈن، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 30 مىڭدىن ئوشۇق كىشى» دېيىلگەن[23]. ئاھالە ۋە لەشكەر سانىنىڭ بىرنەچچە 10 يىلنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە ئېشىشى (ئاھالىنىڭ 1510 تۈتۈندىن 21 مىڭ تۈتۈنگە، ئەسكەرنىڭ 2000 كىشىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە يېتىشى) «كۆپىنچە ھەربىي ئېھتىياجدىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرماقتا»[24]. دېمەك، شەرقىي خەن خاقانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 25 — 220- يىللار) گە كەلگەندە، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەن ۋە ئەسلىدىكى بىر شەھەرنى ئاساس قىلغان بەگلىكتىن تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە شەھەر - قەلئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بەگلىككە ئايلانغان. بەگلىكنىڭ ئاھالە، نوپۇسى ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ بۇنداق تېزدىن ئېشىشى، بويسۇندۇرۇلغان بەگلىك ۋە خەلقلەرنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ئېشىش ئىدى.

«كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شۇ چاغدا ھۇنلار جيەننى كۈسەن خانى قىلىپ تىكلەپ قويغان بولۇپ، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شىمالىي يول (قاشقوۋۇقتىن چىقىپ، ئالدى قوش خانلىقىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ ئېتىكىنى بويلاپ قەشقەرگە بارىدىغان يول «شىمالىي يول» دەپ ئاتىلاتتى) نى تىزگىنلىۋالغان ھەمدە قەشقەر (سۇلى) نى ھۇجۇم بىلەن

ئېلىپ، ئۇنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، كۇسەنلىك دۇتىنى قەشقەرگە خان قىلىپ تىكلىگەنىدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى، خەن مىڭدىنىڭ يۇڭ پىڭ 17 ـ يىلى) باھاردا بەن چاۋ خىلۇەت، يېقىن يول بىلەن سۇلىغا كېلىپ، دۇتى تۇرۇۋاتقان پەنتو (槃橐) شەھرىگە 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا توختىدى...... ئالدىنقى قەشقەر بېگىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇڭنى بەگ قىلىپ تىكلىدى. مىلادىيە 75 ـ يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭ پىڭ 18 ـ يىلى) كۇسەن بىلەن قۇم لەشكەر چىقىرىپ قەشقەرگە تېگىش قىلدى. بەن چاۋ پەنتو شەھرىگە قامىلىپ قېلىپ، جۇڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى...... بەن چاۋمۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئىككى شەھرى (سۇلى ۋە پەنتو شەھرى) بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن، يەنە كۇسەنگە ئەل بولۇپ كەتكەن ھەمدە سەپەرباي بەگلىكى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىگەنىدى. بەن چاۋ كېلىپ ئىسيانكارلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە قەشقەردە تىنچ ـ خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلدى.

مىلادىيە 84 ـ يىلى (خەن جاڭدىنىڭ يۈەنخې 1 ـ يىلى) بەن چاۋ قەشقەر، ئۇدۇنلارنىڭ لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ يىغىپ، ساكارائۇلغا تېگىش قىلدى. ساكارائۇل خانى ئاستىرتتىن قەشقەر خانى جۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغىلار بىلەن ئۇنى قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭ خەن خاقانلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ساكارائۇل بىلەن بىرلىشىۋالدى ۋە غەربتىكى ۋۇجى (乌即) شەھرىگە بېكىنىۋالدى. بەن چاۋ دەرھال قەشقەر خانى جۇڭنىڭ ياردەمچى بېگى چېڭدانى قەشقەرگە خان قىلىپ تىكلىدى ـ دە، خەن خاقانلىقىغا ئاسىيلىق قىلمىغانلارنى توپلاپ جۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. كانگىيە خانى لەشكەر چىقىرىپ جۇڭغا ياردەم بەرگەنلىكتىن، بەن چاۋ ۋۇجى شەھرىنى ئالالمىدى. شۇ چاغدا توخرىلار كانگىيە بىلەن ئەمدىلا قۇدىلاشقان بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ئىدى. بەن چاۋ ئەلچى ئەۋەتىپ توخرى خانىغا نۇرغۇنلىغان تاۋار ـ دۇردۇنلارنى سوۋغا قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ كانگىيە خانىغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى سورىدى. كانگىيە خانى دەرھال لەشكەرلىرىنى چېكىندۇردى، شۇنداقلا جۇڭنىمۇ بىللە

ئېلىپ قايتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋۇجى شەھىرىدىكىلەر بەن چاۋغا ئەل بولدى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن (مىلادىيە 86- يىلى، خەن جاڭدىنىڭ يۈەنخې 3- يىلى) جۇڭ يەنە كاڭگىيە خانىدىن لەشكەر سوراپ ئېلىپ، قەشقەرگە قايتىپ سۈنجۇڭ (损中) شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئاستىرتتىن كۇسەن بىلەن مەخپىي سۈيىقەست پىلانلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ بەن چاۋغا يالغاندىن ئەل بولدى. بەن چاۋ ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى سەزگەن بولسىمۇ، چاندۇرماي ئۇنى قوبۇل قىلدى. جۇڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئاز بىر قىسىم ئاتلىق لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپلا بەن چاۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى. بەن چاۋ قوشۇنىنى مۆكتۈرۈپ قويۇپ، جۇڭ ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى ھەم جۇڭغا ھاراق زورلاۋېتىپ، ئەمەلدارلىرىغا بۇيرۇق بەردى - دە، جۇڭنى چەمبەرچاس باغلىتىپ كاللىسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، 700 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي يول يەنە راۋانلاشتى»[25]. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«مىلادىيە 114—120- يىللىرى (خەن ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى) قەشقەر بېگى ئەنگور تاغدىكى چېڭ پەننى تۇخرى خانلىقىغا سۈرگۈن قىلدى، كېيىن ئەنگور ئاغرىپ ئۆلدى، ئىفۇ قەشقەر بېگى قىلىپ تىكلەندى. تۇخرى خانى لەشكەر چىقىرىپ ئۇنى (چېڭ پەننى) قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويدى. قەشقەر خەلقى چېڭ پەننى خان قىلدى، ئىفۇنى پەنتو قەلئە بېگى قىلىپ بەلگىلىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ساكارائۇل ئارقا - ئارقىدىن ئۇدۇنغا ئاسىيلىق قىلىپ، قەشقەرگە بېقىندى، قەشقەر (سۇلى) قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئورۇن ۋە كۈچ- قۇدرەت جەھەتتە كۇسەن، ئۇدۇن بىلەن تەڭ تۇرىدىغان بەگلىككە ئايلاندى.

مىلادىيە 127- يىلى (خەن شۈندىنىڭ يۇڭجيەن 2- يىلى) چېڭ پەن ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، خەن شۈندى چېڭ پەننى خەن خاقانلىقى چوڭ كاھبېگى قىلىپ بەلگىلىدى. مىلادىيە 168- يىلى

(خەن لىڭدىنىڭ جيەنننىڭ 1 ـ يىلى) قەشقەر بېگى چېنىڭ پەن تاغىسى قودىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قودىر ئۆزىنى بەگ قىلىپ ئېلان قىلدى. مىلادىيە 170 ـ يىلى (خەن لىڭدىنىڭ جيەنننىڭ 3 ـ يىلى) لياڭجۇ ئايماق بېگى مېڭ تو ئۆزىنىڭ مۇلازىمى رېن شېنى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى قوشۇنىدىن 1500 لەشكەر ئېلىپ، تىركەك ئەمىر لەشكەر ساۋ كۇەن، غەربىي يۇرت دورغابېي جاڭ يەن بىلەن بىللە كىنگىت (قارا شەھەر)، كۇسەن، ئالدى قوش، ئارقا قوش لەشكەرلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 30 مىڭ كىشىلىكتىن ئوشۇق قوشۇن باشلاپ، قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلدى. جېنجۇڭ (桢中) شەھىرىگە 40 كۈندىن ئوشۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالماي چېكىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر بېگى ئارقا ـ ئارقىدىن قىرغىنچىلىق قىلسىمۇ، ئوردا بۇنى توختىتالمىدى»[26].

دېمەك، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ: قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى كېيىنكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا قاتناشقان ھەم ئۆزى ئۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. قىسمەن ۋاقىتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەن خاقانلىقىنىڭ ئەمەل، مەنسەپ، نام، تارتۇقلىرىغا قوللىشىغا ئېرىشىپ تۇرغان. ئەتراپىتىكى بەگلىك ۋە شەھەرلەرنى قورشىۋېلىپ، نوپۇسى ئاشقان، ھەربىي كۈچى كۈنسېرى زورىيىپ، پۈتۈن غەربىي يۇرت بويىچە كۈچلۈك بىر بەگلىككە ئايلانغان. ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەسلىي بىر بولغان بولسا، كېيىن ئەسلىدىكى مەركىزى قەشقەر شەھىرى (سۇلى شەھىرى) گە يانداش، مۇداپىئەسى كۈچلۈك، مۇستەھكەم بولغان بىرقانچە شەھەرلىرى ــ پەنتو، ۋۇجى، سۇنجۇڭ، جېنجۇڭ شەھەرلىرى بولغانىدى.

قەدىمكى قەشقەر نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى، ھەربىي كۈچىنىڭ ئېشىشى، مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ ئاۋۇشى ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ بارغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. غەربىي خەن خاقانلىقى دەۋرىدە 1510 تۈتۈن، 18 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە، 2000 لەشكىرى بولغان بولسا، شەرقىي خەن خاقانلىقى دەۋرىگە

كەلگەندە، ئاھالىسى 21 مىڭ تۈتۈنگە، لەشكىرى 30 مىڭدىن ئارتۇقتا يەتكەن قەشقەر بەگلىكىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئەسلىدىكىدىن يەنە بىرقانچە ھەسسە ئاشقان، يەنى «غەربىي خەن خاقانلىقى دەۋرىدە قەشقەرنىڭ زېمىن دائىرىسى شىمالدا ئۈيسۈن (ئاسىيۇ) خانلىقى بىلەن، شەرقىي شىمالدا سەپەرباي، قۇم، كۇسەن بەگلىكلىرى بىلەن، شەرقتە نىيە بەگلىكى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا ئۇدۇن، پاسىيان، ساكارائۇل بەگلىكلىرى بىلەن، جەنۇبتا تاشقورغان، ئىنناي بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ۋۇلبېي بەگلىكلىرى بىلەن، غەربتە ئەركەشتام، ئۇلۇغچات بەگلىكلىرى بىلەن چېگرىلىناتتى. شەرقىي خەن دەۋرىدە، قەشقەرنىڭ زېمىن دائىرىسى شىمالدا ئۈيسۈن (ئاسىيۇ) خانلىقى بىلەن، شەرقىي شىمالدا سەپەرباي، قۇم، كۇسەن بەگلىكلىرى بىلەن، شەرقتە نىيە بەگلىكى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا ئۇدۇن، پاسىيان، ساكارائۇل بەگلىكلىرى بىلەن، جەنۇبتا تاشقورغان، دېرو بەگلىكى (غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئىنناي بەگلىكى ئورنىغا شەرقىي خەن دەۋرىدە ئالماشقان بەگلىك) بىلەن غەربىي جەنۇبتا ۋۇلبېي بەگلىكى، غەربتە پەرغانە خانلىقى بىلەن چېگرىلانغان»[27]. قارىماققا، قەدىمكى قەشقەرنىڭ زېمىن دائىرىسى ئۆزگەرمىگەندەك، ئەسلىي چېگرىلانغان خانلىق - بەگلىكلەر ئوخشاش تۇرغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، تەپسىلىي كۆزەتكەندە بىر قىسىم بەگلىكلەرنىڭ ئورنى ئالماشقان، بىر قىسىم بەگلىكلەرنىڭ تەرەپلىرى ئۆزگەرمىگەن بىلەن، دائىرىسى كىچىكلىگەن. مۇھىم بىر مەسىلە، غەربىي چېگرادىكى ئۇلۇغچات ۋە ئەركەشتام قاتارلىق ئىككى بەگلىك مەۋجۇتلۇقتىن قالغان. ئېھتىمال بۇلار قەدىمكى قەشقەر ۋە پەرغانە قاتارلىق چوڭ خانلىق - بەگلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

### قەدىمكى قەشقەرنىڭ تىل - يېزىقى ۋە دىنىي ئېتىقادى

قەدىمكى قەشقەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ قوللانغان تىل - يېزىقى ھەققىدە قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. پەقەت بىر قىسىم

خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ خەلقىگە باغلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاسىتىلىك ئۇچۇرلار — «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى ئازغىنە بايانلار بار. گەرچە «خەننامە» دىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرقەدەر كۆپرەك مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن يەنىلا ئېنىق بىر يەكۇن چىقارغىلى بولمايتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، تارىم ئويمانلىقىدىن كەڭ كۆلەمدە بايقالغان يېزىق ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە بۇ ھەقتە تىلشۇناسلارنىڭ ئېلىپ بارغان جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىقاتلىرى، تارىختا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى خانلىق - بەگلىكلەردە بىرقانچە خىل ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىراق، كۇسەن، ئاگنى ۋە ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارغا تارقالغان توخرى تىلى بىلەن خوتەنگە تارقالغان ساك تىلى ھەققىدە بىرقەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىياللار تېپىلىپ، ئېنىق بىر خۇلاسە چىقىرىلغان بولسىمۇ، قەشقەر دەريا ۋادىسى (قىزىل دەريا ۋە تۈمەن دەريا ۋادىلىرى) دىكى قەدىمىي قەشقەر بەگلىكىدە قايسى خىل تىلنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق بولماي كەلدى.

ھازىرغىچە بايقالغان (تېپىلغان) ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، مىلادىيە 3 — 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ خەنۇبىدىكى خوتەن (ئۇدۇن)، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىران تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر خىل دىيالېكتىنى قوللانغان. ھازىر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى تاجىكلار قوللانغان شىگنان (shignan) تىلى، ۋاخان تىلى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر سىستېمىغا تەۋە[28] بولغان.

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن لىن مېيسۇن 1989 - يىلى ۋە 1991 - يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولىنىڭ بويلىرىدىكى قەدىمىي شەھەرلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ پېللىئوت (p. pelliot) ۋە لېكوك

(A. V. Lecoq) لار ئۆزلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ئەسەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بىلەن تۇمشۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە كەلگەن ھەمدە بۇ قەدىمكى ئىزلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدە ئالاھىدە دىققەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ئىكەنلىكى، ئۇلار جايلاشقان قەشقەر دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىنىڭ قەدىمكى قەشقەرگە تەۋە زېمىنلار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىنى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، تۇمشۇق ئەتراپىدىكى جايلارغا ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ بۇ يەردىن تېپىلغان ئۆلگەن يېزىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەسلىي تۇمشۇق ئەتراپىغا تارقالغىنى قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىيالېكتى ئىدى. بۇ خىل دىيالېكت بىلەن قەدىمكى خوتەن (ئۇدۇن) خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە تارقالغان ساك تىلى بەك يېقىن بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ئۇنى «تۇمشۇق تىلى» (Tumshuqese) دەپ ئاتىماقتا. لىن ئەپەندى نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدە، قەشقەر بەگلىكىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى مۇھىم بازار (شەھەر) ئىكەنلىكىگە. بۇ ئەتراپقا تارقالغان قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي دىيالېكتىنىڭ باشقا تىل ئەمەس، دەل كىشىلەر ئىزچىل ئىزدەپ كېلىۋاتقان قەدىمكى قەشقەر تىلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان[29].

گېرمانىيە ئالىمى كېلىنكېت (克林凯特) نىڭ قارىشىچە، مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھار (建它罗) رايونىدا ئىشلىتىلگەن تىل خوتەن رايونى بۇددا دىنىنىڭ ئاساسى بولغان، مىلادىيە 330- يىللىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە، ساك تىلى (خوتەن ساك تىلى ياكى خوتەن تىلى) يېزىقتا ئىشلىتىلىدىغان (كىتابىي) تىلغا ئايلانغان. بۇ خىل

كىتابىي تىلىدا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولسا، ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقلىرىنىڭ ھەرپلىرى بولغان[30]. ئادەتتە، «خوتەن يېزىقى» دېگەن ئۇقۇم «خوتەن ساك يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىپ، ئۇ تۇرپان، خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرگە قارىتىلغان. بۇ يېزىقتىكى قەدىمكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغان. «بەزى ئالىملار ساك تىلىنى بۆرۈنقى (دەسلەپكى) خوتەن (ئۇدۇن) ساك تىلى، كېيىنكى (ئاخىرقى) خوتەن (ئۇدۇن) ساك تىلى، مۇرتۇق ساك تىلى (بۇ تۇرپان ئىدىقۇتتىكى مۇرتۇقنى كۆرسىتىدۇ)، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، كېلورا (克罗拉) ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىقلارغا ئايرىيدۇ»[31]. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن (ئۇدۇن) ھۆججەتلىرى ئىچىدە تۇمشۇقتىن تېپىلغىنى ئەڭ قەدىمىي ئىكەن[32].

ئىلگىرى بىر قىسىم ئالىملىرىمىز «شىنجاڭنىڭ قەشقەر، مارالبېشى، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىن قىبىس قوۋزىقىغا، تارىشىغا، نېرىگە، قەغەزگە يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزم ئەسەرلىرى تېپىلدى. ھازىر بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 3 — 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ دەپ قارىماقتا. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەزمەپلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى[33]. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: يىراق قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا قەدىمكى زامانغىچە بولغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى «قەشقەر دۆلەتلىرى» نىڭ ئاھالىسى ئاساسلىقى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان توخرىلار ۋە ساكلار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇچا، كىنگىت (قارا شەھەر) ئەتراپىغا كىنگىت ـ كۇسەن تىلى (خاتا ھالدا توخرى B.A تىلى دەپ ئاتالغان) تارقالغان بولۇپ، يېزىقى ھىندىستاندىن تارقالغان بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىيپاش

(يانتۇ) شەكلى ئىدى[34]. سۇلى (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) ئەتراپىغا تارقالغان يېزىق بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىپ (تۇز) شەكلى ئىدى. دېمەك، قەدىمدە قەشقەرگە تارقالغان تىل «تۇمشۇق - قەشقەر ساك تىلى» بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت يېزىق ماتېرىياللىرى قەشقەر دائىرىسىدىن كۆپلەپ تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردە سانسكرىتچە يېزىقمۇ قوللانغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن، قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە - لىك قېزىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان يېزىق ماتېرىياللىرى ئىچىدە سانسكرىتچە ھۆججەت - ماتېرىياللىرى بار.

1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى ئارخېئولو-گىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش خىزمىتى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا، ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى جايلاشقان موللام تېغى ئېتىكىدىن (تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىدىن) بىر بۆلۈك چالمىغا يېپىشىپ قالغان يېزىق ماتېرىياللىرىنى تاپقان ھەم بۇ يېزىق ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىراخما يېزىقى دەپ قارىغان (بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى يېزىلغان قەغەز پارچىسى چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز ئېرىپ ياكى چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، چالما يۈزىدە يېزىق شەكلى قالغان. لېكىن، يېزىقنىڭ بەزى جايلىرى بەك ئوچۇق بولمىغاچ، ئۇنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «سانسكرىت يېزىقى» دەپ قارىماقتا. بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى ھازىر قەشقەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش زۆرۈر).

1992 - يىلى كۈز ۋە 1993 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكار-

لىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە، قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى تۆتۈرگە دېگەن جايدا، قەشقەر ئايرودۇرۇم رايونىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، بۇ جايدىكى ياۋۇلۇق ئىز ـ خارابىسىدە قۇتقۇزۇش، تازىلاش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چاقماق دەرياسى قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن بىر تۈركۈم بۇددىزم يادىكارلىقلىرى بىلەن بىراخما، سانسكرىت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تاپقان (بۇ يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى تېخى ئېلان قىلىنمىدى).

1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى خاڭدى يېزىسىنىڭ 6.9 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا يەنى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاش يولىنىڭ چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىغا ياۋۇلۇق ئىزنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان «دەقيانۇس بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى» دا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، چالمىغا يېپىشىپ قالغان يېزىق پارچىسى (قەغەز چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز ئېرىپ ياكى چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت چالما يۈزىدە قېتىپ قالغان) ئۇچرىغان (بۇيۇم ئەۋرىشكە نومۇرى T8:1). ئۇنىڭ تەرەپلىرى ئۆلچەمسىز بولغان بىرقەدەر چوڭراق پارچىسى (ئۇزۇنلۇقى 11.2 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى .6 مىللىمېتىر كېلىدۇ) نىڭ يۈزىدىكى خەت ئېنىقراق بولۇپ، قىسقا بەش قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. دەسلەپكى قەدەمدە بۇ، بىراخما يېزىقىنىڭ قىيپاش (يانتۇ) خەت شەكلىدە يېزىلغان كىنگىت ـ كۇسەن تىلى دەپ قارالدى[35].

قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) دە قوللىنىلغان تىل ھەققىدىكى قاراشلار بىرقەدەر ئومۇمىيراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللارنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئوخشاش بىر دەۋردە تىل

ۋە يېزىقىنىڭ بىرقانچە خىل ھالەتتە بولۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى قەشقەر دائىرىسىدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىلگىرى تەتقىق قىلىنغانلىرى بىلەن كېيىن تېپىلىپ تېخى رەسمىي تەتقىق قىلىنمىغانلىرى (ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ۋە قەشقەردىن تېپىلىپ باشقا جايلاردا ساقلىنىۋاتقان يېزىق ماتېرىياللىرى) ئۈزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىشى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىشى كېرەك.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قىزىق نۇقتا. چۈنكى، قەشقەر ئۆز زامانىسىدا غەرب - شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇش بىلەن قەدىمدىن باشلاپ نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە شاھىت ھەم سەۋەبچى بولغان. قەدىمدە غەربىي يۇرتتىكى خەلق بىرقانچە مىڭ يىل تەڭرى ئېتىقادچىلىقى، توتېم، شامان قاتارلىق كۆپ خۇدالىق دىنلارنى باشتىن كەچۈرگەن، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە، بىر خۇدالىق دىنلاردىن زوروئاستېر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك)، بۇددا دىنى، مانى ۋە خىرىستىيان دىنلىرى ئۆزئۆكسىز تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە بىرقانچە خىل دىن ۋە دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە قەشقەر ئالدىنقى سەپ ۋە مەركىزىي رايون بولغان. تارىم ۋادىسى، پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان ئىسلام دىنىمۇ يەنىلا مۇشۇ قەشقەردە قوبۇل قىلىنىپ يىلتىز تارتقان ۋە قەشقەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. دېمەك، قەدىمكى قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە توختىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، بىز بۇ سەھىپىمىزدە قەدىمكى قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالماي، پەقەت قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكى دەۋرىدىكى (مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدىكى) دىنىي ئېتىقاد بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلدۇق.

قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى دەۋرىدە، قەشقەردە قايسى دىنىنىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. «تارىخىي خاتىرىلەر»،

«خەنناﻣﻪ. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق ئىلىمىزنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە تۇنجى ۋە بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئەنەتكەك ماددىسى» دا: «...... توخرىلارنىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۆرپ ـ ئادىتى توخرىلار بىلەن ئوخشاش...... بۇددا دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىدۇ، جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئۇرۇشمايدۇ» ، «كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، خەن مىڭدى چۈشىدە ئالتۇن بۇت كۆرگەن. بۇ ئالتۇن بۇت ناھايىتى يوغان بولۇپ، چوققىسىدىن يورۇق نۇر چىقىپ تۇرىدىكەن...... خەن مىڭدى ھىندى خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بۇددا دەستۇرىنى تەلەپ قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رەسىملىرىدە بۇددا ئوبرازى سىزىلىدىغان بولغان، چۇ بەگلىكى بېگى ليۇ يىڭ بۇددانىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىشكە باشلىغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا جۇڭگولۇقلاردىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپەيگەن، كېيىنكى چاغدا خەن خۇەندى ئىلاھقا ئ[illegible]زمەت بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان، بۇددا ۋە لاۋزىغا ئاتاپ بىرقانچە [illegible]تىم نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن، پۇقرالارمۇ بارا ـ بارا بۇددىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان ۋە كېيىن تېخىمۇ كۆپەيگەن»[36] دېگەن مەلۇمات خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى بىر خۇدالىق دىن — بۇددا دىنى ھەققىدە ئىلىمىز تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ئالغان تۇنجى ئۇچۇرىمىزدۇر، شۇنداقلا بۇ بۇددا دىنىنىڭ ئىلىمىزگە تارقالغان ۋاقتى ھەققىدىكى ۋاستىلىك بىر يىپ ئۇچى. بىراق، ئۇنى بۇددا دىنىنىڭ ئىلىمىز تەۋەسىگە تارقالغان ۋاقتى ۋە ئەھۋالى توغرىسىدىكى پاكىت قىلىۋالغىلى بولمايدۇ ھەمدە بۇ يەردە يەنە، بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشى ئۈچۈن چوقۇم غەربىي يۇرتتىن ئۆتۈش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. ئۇنداقتا، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا ۋە غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم ئۆتكەل — مەركەزلەرنىڭ بىرى بولغان قەدىمكى قەشقەرگە قاچان تارقالغان؟

غەربىي يۇرت، جۈملىدىن قەدىمكى قەشقەرگە قايسى ۋاقىتتىن

باشلاپ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. نۇرغۇن ئالىملار «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە ئاساسەن، بۇ يىل دەۋرىنى دەلىللەيدۇ. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «مىلادىيە 114 — 120 ـ يىللىرى» (خەن ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى) سۇلى بېگى ئەنگور تاغىدىكى چېلىك پەننى جىنايەتتى بولغانلىقى ئۈچۈن توخرى خانلىقىغا سۈرگۈن قىلدى، توخرى خانى بولسا ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى. كېيىن ئەنگور ئاغرىپ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، شۇڭا بەگلىك ئىشلىرىنى ئانىسى باشقۇرۇپ تۇردى، ئۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە چېلىك پەننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىفۇنى سۇلى بېگى قىلىپ تىكلىدى. چېلىك پەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، توخرى خانىدىن ئىلتىماس قىلىپ: ‹ئەنگورنىڭ ئوغلى يوق، ئۇنىڭ جەمەتى ئىنتايىن ئاجىز، ئەگەر ئانا جەمەتىدىن بەگ تىكلەشكە توغرا كەلسە، مانا مەن ئىفۇنىڭ ئانا تەرەپ ئاغىسى بولىمەن، مەن بەگ بولۇشۇم كېرەك› دېدى، توخرى خانى لەشكەر چىقىرىپ ئۇنى قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئادەتتە قەشقەر خەلقى چېلىك پەننى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توخرىلارنىڭ قۇدرىتىدىن قورقاتتى، شۇڭا دەرھال ئىفۇنىڭ بەگلىك تامغىسىنى تارتىۋېلىپ، چېلىك پەننى بەگ قىلدى»[37]. چېلىك پەن توخرىلار يېنىغا بارغان چاغ خەن ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى (مىلادىيە 114 — 120 ـ يىللار) بولۇپ، بۇ چاغدا توخرىلاردا كانىشكاII (kaniskaII) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ چېلىك پەننىڭ ئىلگىرىكى خان ئىگىلىگەن كونا زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. مۇشۇ مەزگىل توخرىلاردا بۇددا دىنى تازا گۈللەنگەن چاغ بولۇپ، قەشقەر بىلەن توخرىلارنىڭ بۇنداق يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىدە قەشقەرنىڭ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر ئىدى[38].

بىر قىسىم ماتېرىياللاردا توخرى خانى كانىشكا چېلىك پەننىڭ

خانلىق ئورنىنى تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى پامىرنىڭ
شەرقىگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ رايوندىن زېمىن
ئىگىلىمىدى، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ[39]. دەرۋەقە، ئۇ بىۋاسىتە زېمىن
ئىگىلىگەن بولماستىن، بەلكى ئاۋۋال چېك پەننى يۆلەپ تەختكە
چىقارغان ھەمدە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك بەگلىك بولۇپ،
ئىلگىرىكى كۈچلۈك قوشنىلىرى بولغان ساكارائۇل (يەكەن)، ئۇدۇن
(خوتەن) قاتارلىق خانلىق - بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىغا ياكى
قارام ئەل قىلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ھالبۇكى، بۇ يەردە شۇنىسى
ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ بۇ جايلارغا
تارقىلىپ كىرگەنلىكى ئەمەلىيەت ئىدى. چۈنكى، «چېك پەننىڭ
توخرىلاردىكى ۋاقتىدا ئاللىقاچان بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ
بولغانلىقىغا گۇمان قىلغىلى بولمايتتى، بولمىسا ئۇ ‹توخرى خانىنىڭ
ھۆرمىتى› گە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا، بۇددا دىنىنىڭ مىلادىيە 2 -
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلى (قەشقەر)گە تارقىلىپ كىرگەنلىكى
ۈبھىسىز. لېكىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - يىلى توخرى ئەلچىسى
سۇن (伊存) شەرققە مېڭىپ، پامىردىن ئۆتۈپ، سۇلىغا كەلدى دەپ
ارىساق (يىسۇننىڭ سۇلىغا كەلگەنلىكىنى نەزەرگە ئالساق)، ئۇنداقتا
بۇددا دىنى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى
كېرەك»[40]. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بۇددا دىنى توخرى ئەلچىسى
يىسۇن ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن دېگەن قاراش خېلى كۆپچىلىك
ئالىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ[41]. ئەمما، ياپونىيە ئالىمى
خانېداتورۇ بۇ مەسىلىنى باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ: «بۇددا
دىنىنىڭ تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتقا تارقالغانلىقى
ھەققىدە ھەقىقىي دەلىل - ئىسپاتلار يوق. ئەمما، 3 - ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا كۇسەنلىك بەيىيەننىڭ ۋېي خانىدانلىقىغا كېلىپ بۇددا
نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى،
شىمالىي ۋېي خانىدانلىقىدىن جۇ شىنىڭ خوتەنگە بېرىپ ماھايانا
نوملىرى ئىزدىگەنلىكى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى
بۇددا نوملىرىدا كۇسەن تىلىدىن ئاھاڭى بويىچە ياكى مەنىسى بويىچە

تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قارىغاندا، بۇددا نوملىرىنىڭ مۇشۇ خەنزۇچە نۇسخىلىرى پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال يەنى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا بۇ يەرلەرگە بۇددا دىنى تارقىلىپ بولغان. غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتقا، ئاندىن جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنى (بۇددا دىنىنىڭ تارقالغانلىقى بىلەن چەكلەنمەيدۇ) ئادەتتە تەبىئىي ئەھۋال دەپ قاراش كېرەك. كۇسەن، خوتەنلەردىن باشقا، قەشقەر، قاراشەھەر ۋە بۇ رايوندىكى نۇرغۇن جايلاردا بۇددا دىنى تارقالغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇنىڭغا باشقا دەلىل ـ ئىسپاتلارنى قوشقاندا، بۇ يەردىكىلەرنى مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەردىلا ئومۇميۈزلۈك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەپ قاراش كېرەك»[42].

قەدىمكى قەشقەرگە بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ دىن قەشقەردىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى ئاساسىدا، ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىنغان بۇددا دىنى ئېتىقاد ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. قەدىمكى قەشقەر كېيىنكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى تۆت چوڭ بۇددا دىنى مەركىزىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددا دىنىي مەركەزلىرى قەدىمكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرى ۋە دەريا بويلىرىدىكى خىلۋەت جايلارغا توپلاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەشكېرەم يېزىسىدىكى كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانا ئىزى، مورا بۇددا مۇنارى، قوغان يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى تۇتتۇرگىگە جايلاشقان ياۋۇلۇق ئىزى، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ خاڭدى يېزىسىغا جايلاشقان دەقيانۇس بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسى، ئۈچ بۇرھان ئۆڭكۈرى (توققۇز ھۇجرا مىڭئۆيى)، مۇش يېزىسى مىگيول كەنتىگە جايلاشقان بۇددا مىڭئۆي خارابە ئىزى؛ شۇنداقلا، كوناشەھەر ئوپال يېزىسى ھەزرىتى موللام تېغى باغرىدىكى بۇددىزمغا ئائىت ئىزلار؛ قەدىمكى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مارالبېشى توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى، تۇمشۇق بۇددا دىنى ئىز

خارابىسى قاتارلىقلار قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنىڭ ئەھۋالىنى نامايان قىلىدۇ.

## قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قەدىمكى قەشقەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەدىمكى بوستانلىق ۋە يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇش سۈپىتىدە، قەدىمكى چاغدا غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. «خەننامە» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى قەشقەر دەسلەپتە كىچىك بىر بەگلىك بولۇپ، شەھەرنى مەركەز قىلغان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانغان. ئارىدىن 100 — 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەدرىجىي كۈچىيىپ بارغان ھەم ئىلگىرىكى بېكىنىك، ئاجىز ھالەتتىن ئاھالىسى كۆپ، ھەربىي كۈچى زور، زېمىن دائىرىسى كەڭ بولغان بەگلىككە ئايلانغان. «كېيىنكى خەننامە»نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئايرىم بۆلەكلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ چاغدىكى قەشقەر «سۇلى» بەگلىكى ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا ئاكتىپ دىپلوماتىيەنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ تۇرغان. پۇرسەت تاپسىلا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلىپ، بىر قىسىم ئاجىز، ئۇششاق بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىپ تۇرغان.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن بايان قىلىشقا بولىدۇ:

سىياسىي جەھەتتە

مەلۇمكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209- يىلى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىدا شاھزادە باتۇر (مودۇن) ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بولغاندىن كېيىن، ھۇنلار ئۆزىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە ئەتراپتىكى توخرى (月氏 قاتارلىق ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176- يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى خەن خاقانىغا يوللىغان مەكتۇپىدا

«كىچىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقى ئارقىسىدا، ئوڭ تۇغ خاننى جازالاپ، ئۇنى غەربكە توخرىلار ئۈستىدە ئۇرۇشقا ئەۋەتتىم، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ - بەگلىكلەرنىڭ خىلى، ئاتلارنىڭ قاۋۇللۇقى ئارقىسىدا، توخرىلار تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. روران، ئۇيسۇن (ئاسىيۇ)، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى، ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»[43] دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ خەتتە دېيىلگەن ئىشلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 177- يىلى ياكى 176- يىللىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، خەتتىكى روران (كىروران) بەگلىكى لوپنۇرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، ئۇيسۇن خانلىقى ھازىرقى قومۇل ئەتراپلىرىغا، ئوغۇزلار بولسا ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقانىدى: «26 ئەل» بولسا «36 ئەل»نىڭ ئۆزگىرىپ يېزىلىپ قېلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى «36 ئەل» تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردىكى خانلىق - بەگلىكلەرنى كۆرسىتەتتى. باتۇرنىڭ خەتتە كىروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە تارىم ئويمانلىقى بوستانلىقىدىكى خانلىق- بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغانلىقىنى جاكارلىشى، ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنىڭ ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى[44]. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلار ھازىرقى بايىنغولىن ئوبلاستى تەۋەسىدە «مالاي تۇتۇق مەھكىمىسى» (چاكار تۇتۇق مەھكىمىسى دەپمۇ ئېلىنىۋاتىدۇ) دېيىلگەن ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى[45]. غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن خانلىق - بەگلىكلەر ھۇنلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى ھۇنلارغا تۇرغاق (بارىمتاي) قىلىپ ئەۋەتتى، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ۋە تۇرغاق ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئەمما، ھۇنلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەسىرى ۋە بۇ تەسىرنىڭ قەدىمكى قەشقەرنىڭ قوشنىلىرى بولغان ساكارائۇل، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەردە بىۋاسىتە ئەكس ئېتىشى، قەدىمكى قەشقەرنىڭمۇ ھۇنلار

ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرت — قەدىمكى قەشقەردىكى تەسىرى غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ناھايىتى ئۇزاق ھەم مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق، ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ جاڭ چيەننىڭ ئىككى قېتىملىق غەربىي يۇرت سەپىرى ئارقىلىق، غەربىي يۇرتتىكى خانلىق - بەگلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، بولۇپمۇ ھازىرقى بۈگۈر ناھىيەسى تەۋەسىدە «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىشى غەربىي خەن خاقانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا تولۇق تىكلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى[46] بولۇپ، مۇشۇ چاغ يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلىدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىق - بەگلىكلەر ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خەن خاقانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈشكە باشلىدى. قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىمۇ خەن خاقانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. خەن خاقانلىقىنىڭ سەركەردىسى بەن چاۋ ئۇزاق يىل قەشقەردە تۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ۋە غەربىي يۇرتتىكى خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى،. غەربىي يۇرتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى.

ئۇلۇغ توخرىلار ئەسلىي دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەن تېغى ئارىلىقىدا ياشايتتى. ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇن) نىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە ھۇنلار توخرىلارنى تارمار قىلدى. كېيىن ئاغا تەڭرىقۇت توخرىلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى مەي جامى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخرىلار يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى ۋە پەرغانىدىن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىن باكتىرىيە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇردى[47]. توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، ھۇنلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 177 — 176- يىللىرىدىكى ھۇجۇمىدىن كېيىن بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى يەنى تارىم ئويمانلىقىدىكى تەسىرى تۈگىگەندى. لېكىن، شەرقىي خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەربىي يۇرتتىكى تەپرىقىچىلىك تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر

ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار توخرىلارنىڭ تەسىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىردى، بولۇپمۇ مىلادىيە 114 — 120 ـ يىللىرى توخرى خانىنىڭ لەشكەر چىقىرىپ، چېلىڭ پەننى قەشقەر بېگى قىلىپ تىكلىشى[48] ھەممىدە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنى قەشقەردىن ھالقىپ، ساكارائۇل (ياركەنت)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزۈشى[49]، توخرى خانلىقى بىلەن قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ساكلار ئەسلىي ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەريا ۋادىلىرىدا ياشايتتى. «ھۇنلار ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتىرىيەگە، ساكلار خانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتەم، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى»[50]. بۇ يەردىكى ساكلارنىڭ ئىلى، چۇ دەريا ۋادىلىرىدىن كۆچكەن ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 177 — 176 ـ يىللىرى بولۇپ، ساكلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا مېڭىپ، پامىرغا تارقىلىپ كەتكەن، كېيىن ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسمى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قەندىھار رايونىغا كىرىپ، كەشمىر خانلىقىنى قۇرغان. يەنە بىر قىسمى شەرققە ـ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كىرىپ، بىرمۇنچە كىچىك خانلىق ـ بەگلىكلەرنى قۇرغان[51]. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ بەگلىكلەردىن قوش، كىنگىت، كۇسەن، قۇم، سۇلى، ئۇدۇن...... قاتارلىقلارنى ساكلار قۇرغان خانلىق ـ بەگلىكلەر ئىدى، دەيدۇ[52]. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى «ئۇدۇن» (于阗)، ساكارائۇل (莎车) دېگەن بەگلىك ناملىرى ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. (于阗) قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدا (hratana) دەپ خاتىرىلەنگەن، مەنىسى «ئىنتايىن كۆچلۈك» (莎车) قەدىمكى تەلەپپۇزى Kiwo ـ sua بولۇپ، ساكا دېگەن نامغا ئىنتايىن يېقىن. شۇڭا، بەزى ئالىملار يەكەننى ساكلارنىڭ يېرى دەپ قارايدۇ[53].

قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكى ئۆز ئەتراپىدىكى خانلىق- بەگلىكلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. غەربىي خەن خاقانلىقى دەۋرىدە قەشقەر بەگلىكى ئاجىز بەگلىك بولۇپ، ساكارائۇل ۋە كۇسەن قاتارلىق بىرقەدەر كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ دائىم ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدە قوشۇۋېلىشىغا ئۇچراپ تۇرغانىدى. ئۇ خېلى بىر مەزگىل كۇسەن بەگلىكىگە بېقىنغان. شەرقىي خەن خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ بارغان ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا تارىم ئويمان- لىقىنىڭ غەربىي جېنۇبىدىكى بىردىنبىر كۈچلۈك بەگلىككە ئايلىنىپ، ساكارائۇل، ئۇدۇن قاتارلىق بىرقەدەر چوڭ بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. بۇ دەۋردە يەنە قەشقەر بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يوقاتقان بولۇپ[54]، ئۇلارمۇ قەشقەر بەگلىكىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سەپەرباي، ئۈچ، قۇم ۋە كۇسەن بەگلىكلىرى ئىلگىرىكى قەشقەر بەگلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان ئورۇندىن قالغان. تاشقورغان قاتارلىق جەنۇبىتىكى بەگلىكلەر بولسا دوستانە ئالاقىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا، قەشقەر بەگلىكى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىدىغان تەقدىردىن قۇتۇلالمىغان.

ئىقتىساد جەھەتتە

قەدىمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەك مۇرەككەپ ھەم تەكشىسىز ئىدى. «خەننامە» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىرى بىرقەدەر تۈزلەڭلىك، سۇيى مول جايلاردىكى خانلىق - بەگلىكلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، تاغلىق ۋە تاغ باغرىغا جايلاشقان خانلىق - بەگلىكلەر چارۋىچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان خانلىق - بەگلىكلەر بولسا سودىگەرچىلىك (سودا - سېتىق) بىلەن شۇغۇللانغان.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر ياخشى بولغان. بۇ بەگلىك تۈزلەڭ، سۇيى مول شەرقىي قىسىم جايلاردا دېھقانچىلىق

ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغان، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. جۇغراپىيەلىك ئورنى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول لىنىيەلىرىنىڭ كېسىشىدىغان جايىدا بولغاچقا، بۇ خىل ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. قەشقەرنىڭ كېيىنكى چاغدا قۇدرەت تېپىپ كېتىشى، نوپۇسىنىڭ تېزدىن كۆپىيىشى مانا شۇ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

قەشقەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ئەتراپتىكى كىچىك بەگلىكلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيتتى ياكى ئاشلىقنى ئۇلار بىلەن مال ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلاتتى. تاشقورغان، ئىناي قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ تېرنۇبلىشى ئۈچۈن يەر ئۆتنە بېرەتتى.

يىپەك يولىدا ئۇزۇلمەي مېڭىپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى قەشقەرنىڭ سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، قەدىمكى قەشقەر يىپەك يولى ئارقىلىق غەربتە توخرى، پەرغانە قاتارلىق ئەللەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان بولسا، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تەگرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى نۇرغۇن خانلىق - بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۈچەيگەنلىكى قەشقەردىن باشلانغان كارۋان يوللىرىنىڭ يالغۇز يىپەك يولىنى ئاساس قىلىپ قالماي، بەلكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوللارنىڭمۇ كۆپەيگەنلىكىدە ئىپادە قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىن يىپەك يولىنى بويلاپ، غەربكە ۋە شەرققە بارىدىغان ئاساسلىق كارۋان يوللىرىدىن باشقا، قەشقەر — شىزاڭ (تىبەت) يولى، قەشقەر — تاشقورغان يولى، قەشقەر — ئاقسۇ — ئىلى يولى، قەشقەر — مارالبېشى يولى، قەشقەر يەكەن يولى[55] ۋە قەشقەر — قاغىلىق يولى[56] قاتارلىق كارۋان يوللىرى بارلىققا كەلگەن.

### مەدەنىيەت جەھەتتە

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن ئەتراپتىكى قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۈكسەك بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ

شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تەسىرىنى كۆرسەتكەن[57]. تارىم مەدەنىيىتى بولسا، تارىم بوستانلىقىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەمدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، سىرتقى جايلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ بېيىغان.

قەدىمكى قەشقەر تارىم ئويمانلىقىدىكى مەركىزىي رايونلارنىڭ بىرى بولۇش بىلەن، پۈتكۈل تارىم بوستانلىقى مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھەم يىپەك يولىنى مەركەز قىلغان غەرب - شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ناھايىتى ئاكتىپ ئۆتكۈزگۈچلۈك رول ئوينىغانىدى.

مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى، بولۇپمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىرلەردە باشلانغان مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش جەريانىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش، سىڭىشىش ۋە سىقىپ چىقىرىلىش جەريانلىرى بىلىپ - بىلمەي تارىم ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەتنىڭ بىر قېتىملىق يېڭىلىنىش ۋە سىرتقا ئېقىش ھادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. مۇشۇ جەرياندا، شەرق ۋە شىمالدىن غەرب ۋە جەنۇبقا كۆچكەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس، ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن يەرلىك مەدەنىيىتىنى تارىم ئويمانلىقىغا ئېلىپ كىردى، شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىدا بىر قېتىملىق «تاسقاش» نى باشتىن كەچۈرۈپ، يەنە ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كەتتى (بىر قىسىم سىڭىشىپ، قوشۇلۇپ كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا). مۇشۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېلىپ ماڭغانلىقىمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئەمەلىيەت ئىدى. قەشقەر بۇ ئىشلارغا شاھىت بولدى ھەم ئۇلارنىڭ غەربكە ئۆتۈش ئېغىزى بولدى.

بۇددا دىنىنىڭ ئېلىمىزگە، جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كىرىشى ئۇزاقتىن بېرى مۇنازىرە ئىچىدىكى مەسىلە ئىدى. يېقىندا بىر قىسىم ئالىملار «كېيىنكى خەننامە» دىكى تۇخرىلار بىلەن قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى

120 — 114 - يىللاردىكى چېلى پەنىنىڭ تـوخرى خانىنىڭ يۆلـشى بىلەن قەشقەرگە بەگ بولۇپ تىكلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە ئارقىلىق، بۇددا دىنى ئاۋۋال قەشقەرگە[58]. ئاندىن تارىم ئويمانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغانلىقىنى ياكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - يىلى تـوخرى ئەلچىسى يىسۇنىنىڭ پامىردىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەلچى بولغان مۇشۇ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددا دىنىي تارقالغان ۋاقىت دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى[59]. دېمەك، مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى قەشقەر ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن. قەدىمكى قەشقەر غەربتىكى بۇددىزم ئەللىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.

خەن خاقانلىقى دەۋرىدە يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى ۋە 119 - يىللىرى جاڭ چيەنىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىق-بەگلىكلەرنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتكەنىدى. جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك قىلىش جەريانىدا، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن جايلارغا باردى، ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردە بولدى. ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيىتىنى غەربىي يۇرتتىكىلەرگە تونۇشتۇردى ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ نۇرغۇن ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئەۋرىشكىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئالغاچ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تارىم بوستانلىقلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇيۇم ئەۋرىشكىلىرى (زىغىر، سەۋزە، بېدە قاتارلىق) بار ئىدى.

بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ بولۇپ تۇرۇشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتكەنىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەدىمكى قەشقەردە ئۇزاق مەزگىل تۇرۇشى قەشقەر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ تۇرمۇش، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قەدىمكى قەشقەر تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى خانلىق-

بەگلىكلەر بىلەنمۇ ناھايىتى قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ باردى، بولۇپمۇ ساكارائول، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەردىكى ئوخشاش تىل-يېزىق، كۇسەن، كىنگىت قاتارلىق جايلاردىكى تۇغقان تىل، ئۆرپ-ئادەت، شۇنداقلا پۈتكۈل تارىم بوستانلىقىدا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقان بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى ھەرقايسى بەگلىكلەر ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئوتتۇرىسىدا قويۇق باردى-كەلدى، ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاقىنى يېقىنقى يىللاردا تارىم بوستانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تۇتاش كەتكەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

ئىزاھلار:


[1] «قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، قەشقەر شەھەرلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى، 1984- يىلى 10- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 — 5- بەتلەر؛ مەمەتئىمىن غوپۇر: «قەدىمكى شەھەر، مەشھۇر سەيلىگاھ — قەشقەر»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسى»، 1998- يىلى 1- سان، ئۇيغۇرچە، 75 — 76- بەتلەر.

[2] نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 11- ئاي نەشرى، 58- بەت.

[3] «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 882- بەت.

[4] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «سۇلى نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1993- يىلى 3- سان، 113 — 118- بەتلەر.

[5] قۇربان نىياز: «ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997- يىلى 2- سان، 41- بەت.

[6] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى 8- ئاي نەشرى، 168- بەت.
[7] «خەننامە»، ئۈيغۇرچە نەشرى، 882- بەت.
[8] «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى، 1987- يىلى 7- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 8- بەت.
[10] «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، II توم، جۇڭخۇا خەرىتىچىلىك جەمئىيىتى، 1975- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 24-، 25-، 52-، 53- بەتلەر.
[11] نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، 62- بەت.
[12] «بۈگۈنكى قەشقەر»، شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى 1992- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 33- بەت.
[13] «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىلى 12- ئاي ئۈيغۇرچە نەشرى، 281 — 289-، 549- بەتلەر.
[14] سېن جۇڭمىيەن: « ‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھ» (سۇلى بابى)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1981- يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ؛ جۇ لىيەنكۇن: « ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى» (سۇلى بابى)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1981- يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ؛ جۇ لىيەنكۇن: « ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى» (قەشقەر بابى)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1984- يىلى خەنزۇچە نەشرى.
[15] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» (سۇلى تىلى تەتقىقاتى)، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى.
[16][17][18][19] «خەننامە» ئۈيغۇرچە نەشرى، 882-، 849-، 865-، 863- بەتلەر.
[20] «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىلى 12- ئاي ئۈيغۇرچە نەشرى، 284-، 285- بەتلەر.

[21] «خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 882_ بەت.

[22][23] «كېيىنكى خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 516_، 547_ بەت.

[24] «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997_ يىلى 2_ سان، 42_ بەت.

[25][26] «كېيىنكى خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 281 — 289_، 8_، 54_، 549_ بەتلەر؛ سېن جۇڭمىيەن: «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھ» (سۇلى بابى)، 342_، 343_ بەتلەر.

[27] «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، II توم، 24_، 25_، 52_، 53_ بەتلەر.

[28] جى شيەنلىن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985_ يىلى 2_ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 997_ بەت.

[29] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، 234 — 236_ بەتلەر.

[30][31][32][34] شاۋ جۇگيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997_ يىلى 3_ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3_، 63 — 65_، 3_، 4_ بەتلەر.

[33] قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار _ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986_ يىلى 8_ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 131_ بەت.

[35] «قەشقەر ياۋۇلۇق ئىمزىنى قېزىش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە)، 1997_ يىلى 3_ سان، 52 — 55_ بەتلەر.

[36][37] «كېيىنكى خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 537 — 539_، 548_ بەتلەر.

[38] جۇ ليەنكۇن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ _ جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 213_ بەت.

[39][40][41]گــاۋ يۈگجــۈ: «غەربــي يــۇرتتىكى قەدىمكــى مىللەتلەرنىــڭ دىنــى ھەققــدە مــۇلاھىزە» ، ئــالىي مائارىــپ نەشــرىياتى 1997 - يىلــى 10 - ئــاي خەنــزۇچە نەشــرى، 136 - ، 137 - ، 112 - بەتلەر.
[42] خانىدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى 1 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 105 - ، 106 - بەتلەر.
[43] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى 9 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 406 — 407 - بەتلەر.
[44][51] يۈتەيــشەن: «غەربــي يۇرتنىــڭ ئومــۇمىي تــارىخى» ، جوڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى 6 - ئاي خەنــزۇچە نەشرى، 47 - ، 50 - بەتلەر.
[45] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى 1 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - بەت.
[46] «شــىنجاڭنىڭ يەرلىــك تــارىخى» ، شــىنجاڭ ئۇنىۋېرســىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 548 - بەت.
[49][56][58] جۇ ليەنكۇن: « ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى» ، 218 - بەت.
[52] فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 - يىلى 8 - ئاي خەنــزۇچە نەشرى، 25 - بەت.
[53] يۈتەيشەن: «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» ، جوڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى 1996 - يىلى 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 69 - بەت.
[54] «جوڭگــونىــڭ تارىخىــي خەرىتــىلەر توپلىمى» ، II توم، 52 — 53 - بەتلەر.
[55] نىيــاز كېرىمــى: «شــىنجاڭنىڭ قەدىمكــى كــارۋان يــوللىرى» (ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەتلىرىگە قاراڭ).

[57] غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى-نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 - يىلى 2 - سان، 48 - بەت.
[59] گاۋ يۇگجۇ: «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ دىنى ھەققىدە مۇلاھىزە»، 112 — 137 - بەتلەر.

# قاراخانىيلار[1]

## تۈمەلژان پىرتساك (گېرمانىيە)

### 1. خانلىقنىڭ نامى

قاراخانىيلار ــ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن دەسلەپكى ئىسلام خانلىقىغا بېرىلگەن نامدۇر. غەرب ئىلىم ساھەسىدە تارىخچى ھەم شەرقشۇناس ۋ.ۋ. گرىگورىېۋ (V. V. Grigorev) (1816 — 1881 ـ يىللار)نىڭ ماۋارەئۇننەھر ۋە قاراخانىيلارغا دائىر يازغان ماقالىسىدىن كېيىن (1874 ـ يىلى) قاراخانىيلار(Karachaniden) نىڭ تەبىرى ئورۇن ئېلىپ شۇ دەۋرگىچە ئىلىم ساھەسىدە قوللىنىپ كېلىنگەن ھەمدە «ئۇيغۇر خانلىقى» (1756 ـ يىلى دېگۇيگنېس ‹Deguignes› ، گرىگورىېۋ ‹Grigorev› لار تەڭگە پۇللار توغرىسىدا 1862 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئەسىرىدىمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوللانغان) دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىنى ئالغان. «قاراخانىيلار» ئاتالغۇسى بۇ سۇلالىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قارا» سۆزىدىن كەلگەن (مەسىلەن، قاراخان، قاراخاقان، ئارسلان تاۋغاچ بۇغرا قاراخاقان ۋە باشقىلار). كېيىنكى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئالتاي قوۋملىرىدىمۇ جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش تۆت رەڭ (قارا، قىزىل، كۆك، ئاق) تەرەپلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان، تۈركچىدىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەرەپلەرنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆزى بولۇپ، «شىمال» تەرەپنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرنىڭ ھوقۇق جەھەتتە بويۇكلۇك ۋە يۈكسەكلىكىنى ئىپادە

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سان، 2005 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلار.

قىلىنغان بىر ئاتالغۇ ئىدى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، قاراخان، قارا ئوردۇ ۋە باشقا تېگىشلىك سۆزلەردە «بۈيۈك، باش» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن (ئۆ.پىرىتساك: «قارا سۆزى ھەققىدە تەتقىقات»قا قارالسۇن).

بۇ خانلىق ئۈچۈن يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەردە باشقىچە بىر خىل نام ئىلىگ خانلار ئاتالغۇسى بار بولۇپ، بۇ خىل قاراشلار پۇلشۇناس س. ج. تورنىبورگ، بولۇپمۇ ب. دورن (B. Dorn) (1805 — 1881) تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بۇ ئاتالغۇ يازما مەنبەلەردە، بولۇپمۇ بۇ سۇلالىگە ئائىت پۇللاردا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن تۈپ قوللىنىلىدىغان «ئىلىگ» سۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما، ھازىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئىلىگ» سۆزى بۇ سۇلالە ئۈچۈن ئايرىم بىر ئالاھىدىلىكنى تەشكىل قىلالمىغاندەك، پەقەتلا (بۇ ئاتالغۇ ئۇنۋان بولۇپ ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە سالجۇقلاردا قوللىنىلغان) بۇ سۇلالىنىڭ پۈتۈن مەنسەپ سىستېمىسىدىلا قوللىنىلغان. دەرۋەقە، «ئىلىگ» نامى ئۇنگۇن (توتېم) نامى بولغان «ئارسلان» ۋە «بۇغرا» بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى تۆت خاقان ئىچىدە پەقەت ئىككىسى تەرىپىدىن قوللىنىلغان، بۇنىڭدىن باشقا ئىلىگ خان (ئىلىك خان) تەركىبىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۈچۈن قوللىنىشىدا باشقا توسالغۇمۇ بار. چۈنكى، بۇ يەردە ئىككى ئۇنۋان (ئىلىگ ۋە خان) بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىككى ئۇنۋاندۇر. خان ياكى خاقان يايلاق خەلقلىرىگە نىسبەتەن «ئىلىگ» دىنمۇ يۇكسەك ئۇنۋاندۇر. ئىلىگ خان (ئىلىك خان) تەبىرىگە ماۋارەئۇننەھردە دەسلەپكى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە زاماندىش بولغان ئىسلام تارىخچىلىرىمۇ دۇچ كەلگەن. بۇ ئۇقۇم ھەر خىل ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ماۋارەئۇننەھرنى بىرىنچى، شۇنداقلا ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغان ئارسلان ئىلىگ ناسىر ئىبنى ئەلى (1012- ياكى 1013- يىللىرى ۋاپات بولغان) بۇ يەردە خاتا ھالدا ئەسلىي ئۆزىگە ئائىت بولغان «ئىلىگ» ئۇنۋانىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، قېرىندىشى ئەبۇ ناسىر ئەھمەد ئىبنى ئەلىنىڭ ئىسمىنى خان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىشقا باشلايدۇ.

قاراخانىيلارنىڭ ئىككى ھۆكۈمدار ئاساسىغا تايانغان ھاكىمىيەت سىستېمىسى ئىرانىيلارنىڭ دۆلەت قارىشىغا ئاساسلانغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن تازا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىرلا ھۆكۈمدار مەۋجۇت. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، يىراقتىكى بالاساغۇندا تۇرۇشلۇق، ئەتراپقا نامى مەشھۇر بۈيۈك خان (قاراخاقان) ئەھمەد ئىبنى ئەلىنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ھىماتچىسى ۋە ماۋارەئۇننەھرنىڭ بويسۇندۇرغۇچىسى بولغان «ئىلىگ» دېگەن شەخس بىلەن بىرلەشتۈرگەن. شۇ دەۋرگە زامانداش ئىسلام مەنبەلىرىدە بۇ سۇلالىگە ئەل خانىيە، ئەل خاقانىيە («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1- جىلد، 14- بەت)، ھىلالۇل سابى (III The Ecli pse تۇم، 374- بەت)، مولۇكۇل خاقانىيە - مولۇكۇل خانىيە («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1- جىلد، 88- بەت) دېگەن ناملار بېرىلگەن.

بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەبىر ئىراننىڭ «شاھنامە»سىدىن كەلگەن بولۇپ، ئافراسىياپنىڭ تۈركچە نامى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا (ئالىپ ئەر) تۇڭا بولۇپ، تۇڭا ياكى تانا سۆزى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن قاراخانىيلار يېڭى ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆپ قوللىنىدىغان تاڭاچ (تافقاچ - تابغاچ - تامغاچ// توڭاچ - توفغاچ ۋە باشقىلار) ئۇنۋانى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. قاراخانىيلار بۇ ئۇنۋاننى 893- يىللاردا «قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك» مەنىسىدە قوللانغان. تاۋغاچ نامىنى تۇنجى بولۇپ («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1- جىلد، 378- بەت) شىمالىي جۇڭگودا ۋېي سۇلالىسى (385 — 550- يىللار)نى قۇرغان ئالتاي قوۋمى (توغرىسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) قوللانغان. تېخىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ سۆز ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ھەممىدە جۇڭگولۇقلار قۇرغان كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەر ئۈچۈن يېڭى قوۋم ياكى دۆلەت تەبىرى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. تاۋغاچنىڭ «ئۇيغۇر» ياكى «تۈرك» مەنىسىدە مەھمۇد كاشغەرىي («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1- جىلد، 378- بەت) ۋە شۇەنزاڭ («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» 29- جىلد، 56- بەت، 1949- يىلى)نىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ ۋە باشقىلار. تاۋغاچنىڭ جۇڭگو ئىكەنلىكى 10- ئەسىردە شىمالىي جۇڭگودا

بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە تەرىپىدىن قۇرۇلغان لياۋ (قىتان) سۇلالىسىنىڭ تاۋغاچ نامىنى قوللانغانلىقىغا قارىتىلغان.

## 2. سۇلالىنىڭ قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە مەۋجۇت مەنبەلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلار بىر ـ بىرى بىلەن پەرقلەنگەچكە، بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تۈرلۈك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا (ج. دېگۇيگنېس (J. Deguignes) (1756 ـ يىلى)، ج. ھ. كلاپروت (J. H. Klaproth) (1826 ـ يىلى)، ج. ئابېل. رېموسات (J. Abelremusat) (1820 ـ يىلى)، ج. م. فرېيىن (Chi. M. Fraene) (1826 ـ يىلى)، ج. رېنائود (J. Reinaond) (1848 ـ يىلى)، ھ. ۋامبېرى (H. Wambery) (1870 ـ يىلى)، ۋ. رادلوف (W. Radlov) (1891 ـ يىلى) ۋە ج. ماركوۋارت (J. markwart) (1912 ـ يىلى)لار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

2) تۈركمەنلەر قۇرغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا ج. ۋ. ھاممېر ـ پۇرگستالل (J. V. Ham mer — purgstall) (1835 ـ يىل)، گ. ۋېل (G. Wel) (1851 ـ يىلى) لار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

3) ياغمىلار قۇرغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا ۋ. بارتولد (W. Barthold) (1898 ـ يىلى)، ۋ. مىنورسكىي (W. minorsky) (1937 ـ يىلى)لار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

4) قارلۇقلار قۇرغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا ف. گرېنارد (F. Grenard) (1900 ـ يىلى)، ئېدۋار. چاۋاننېس (Edward. chavannes) (1903 ـ يىلى)، مۇھەممەد كۆپرۈلۈ (M. f. koprulu) (1923 ـ يىلى)لار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

5) قارلۇق ـ ياغمىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا مۇھەممەد كۆپرۈلۈ (M. f. koprulu) (1923 — 1939 ـ يىللىرى) ۋەكىللىك قىلىدۇ.

6) چىگىللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا

ۋ. بارتولد (W.Barthold) (1927- يىلى) ۋەكىللىك قىلىدۇ.

7) تۈركلەر (Tu jue) تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن قاراش. بۇ قاراشقا ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان (1939- يىلى) ۋەكىللىك قىلىدۇ.

پىرىتساك ئۆزىنىڭ «قاراخانىيلار ئۈستىدە تەتقىقات» (karachan — studien) ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توغرا بولغان نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سۇلالىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەر خىل پەرەزلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان دەلىللىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، بىر پەرەزدىكى دەلىللەرنىڭ توغرىلىقى، باشقا دەلىللەرنىڭ توغرىلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويماقتا ئىدى. ئەينى زاماندىكى يەتتە ئاپتورنىڭ توغرا بولغان پەرەزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا ئۆزىگە لايىق ئاساسلار بار بولۇپ، ئۇ كېيىنكى قاراشلارغا كۆپ ئاساس سالغان ۋە كۆپ قېتىم دۇچ كېلىنگەن مەسىلىدۇر. مەنبەلەرگە ئاساسەن يەتتە ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى مەۋجۇ- دىيەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ ئاشىنا خانىدانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان قارلۇق خانلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. قارلۇق قوۋمى ئىتتىپاقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۈچ قوۋمنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئىككى قوۋم چىگىل ۋە ياغمىلاردۇر. قارلۇقلار 774 — 840- يىللىرىدا ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ۋە ئەينى ۋاقىتتا سىياسىي نام بولغان تۈركمەن دېگەن نامنىمۇ قوللانغان.

### 3. قاراخانىيلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن بۇخارانىڭ فەتھە قىلىنىشىغا قەدەر

ئىككىنچى شەرق تۈرك دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى بىلەن يايلاق ئەللىرىدىكى ھاكىمىيەت دەسلەپتە ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنىڭ ئىتتىپاقىدىكى بولغان باسمىللارغا ۋە كېيىنچىرەك ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان ھەمدە سايان نۇر، ئالاكۆل، ئۇلۇنگۇر نۇردىن ئىبارەت ئۈچ جايغا جايلاشقان. قارلۇقلارنىڭ يول باشچىسى دەسلەپتە «ساي يابغۇ» (742- يىلى) دەپ ئاتالغان ۋە كېيىن دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنى بولغان «سول يابغۇ»غا ئىگە بولغان. قارلۇقلار دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال

(جۇڭگو بىلەن ئەرەب ۋە تىبەتلەر ھەممىدە ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي مۇناسىۋەتلەر)دىن پايدىلىنىپ يەتتىسۇدا غەربىي تۈركەش زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلارنىڭ مەركىزى بولغان سۇياب (بالاساغۇن) ۋە تىرازدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى بېسىۋالدى. 8-ئەسىردىكى تىبەتلەرنىڭ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشى 8-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قارلۇقلارغا قەشقەرنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى ياراتتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئەكسىچە بۇلار تاكى 840-يىلىغىچە ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ تۇرغان. 840- يىلدا تۈرك دۆلەت سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۇلۇغ بىر ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. قىرغىز (قەدىمكى قىرغىزلار) لارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار (ئەرەب مەنبەلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار) دۆلىتى يىمىرىلدى. قىرغىزلار تۈركلەر ئەنئەنىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشى ئەينى ۋاقىتلاردىكى يايلاق ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆتۈكەن بىلەن باغلىق بولغان ئېتىقادىنىڭمۇ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلار ئۆز نەزىرىدە قەدىمكى ئەنئەنىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، تېخىچە شامانىزمدا قالغانىدى. ئۆزلىرىنى ئاشىنا قەبىلىسى (ئاشىنا قەدىمكى تۈرك - موڭغۇل تىلىدا چىگا، تىنگا، جىنا ۋە باشقىلار دېيىلەتتى)گە باغلايدىغان قارلۇق يابغۇسى ئۆزىنى چارۋىچى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق پادىشاھى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇلۇغ قاغان (قارا خاقان) دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى. ھاكىمىيەت مەركىزى چۇ دەريا بويىدىكى بالاساغۇن ئەتراپىدا بولۇپ، مەنبەلەردە قارا ئوردۇ ياكى قۇز ئوردۇ ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان جاي پايتەخت قىلىندى. دۆلەت زېمىنى قوۋملىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان ئالتاي ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىككى قاغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىككى قىسىمغا ئايرىلدى. شەرق قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئۇلۇغ قاغان قارا ئوردۇدا ماكانلىشىپ ئارسلان قارا قاغان ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ شۇ زاماندىكى پۈتۈن قاراخانىيلار ساھەسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى بولۇپ ھېسابلىناتتى. غەربىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمدارى شەرق قاغان دەسلەپتە تىرازدا، كېيىنچە قەشقەردە ۋە يەنە تىرازدا ئولتۇراقلىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇنۋانى بۇغرا قارا خاقان ئىدى. ھەر ئىككىلا ئۇنۋاندىكى ھايۋان ئىسمى بولغان ئارسلان بىلەن بۇغرا ئەسلىدە قارلۇق قوۋمى بىرلەشمىسىگە ئەزا بولغان بۇيۇك قوۋملەرنىڭ ئونگونى (توتېم) ئىدى، يەنى چىگىللەرنىڭ ئارسلان، ياغمىلارنىڭ بۇغرا ئىدى. ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا بۇ ئىككى باش ھۆكۈمداردىن باشقا يەنە تۆۋەن دەرىجىلىك تۆت قاغان بىلەن ئالتە ھۆكۈمدارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قەدىمۇقەدىم ئۆسۈش ئاساسىغا تايانغان، مۇئەييەن بىر سىستېمىنى تەشكىل قىلغانىدى. بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرسەك، ئارسلان ئىلىگ ئورنىغا ئالمىشىدۇ ۋە باشقىلار. ئورۇنباسارلار ئاساسەن دەرىجىگە قاراپ تەيىن قىلىنىدۇ. ھەربىر دەرىجىنىڭ مۇئەييەن بىر ئۇنۋانى بار بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ تۈركچە ئۇنۋانلىرى مانا مۇشۇنداق ئالمىشىپ تۇرغانىدى. ئۆزگەرمەيدىغان ئۇنۋانلار ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئىسىملىرىنى قوللىنىش بىلەن ئەمەلدىن قالغان. ئەينى زامانلاردا مەلۇم شەخسلەر يەنە مەخپىي ھالدا پەخرىي ئۇنۋان (لەقەب)مۇ قوللانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنى تەتقىق قىلغاندا، ئەڭ ئاۋۋال بۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىسىملىرىنى مۇقىم بېكىتكەندىن كېيىن خان ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر شەخسنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ دەرىجىسىگە مۇۋاپىق كەلگەن تۈركچە ئۇنۋانلىرى بىلەن لەقەملىرىنى تېپىش ئىنتايىن مۇھىم.

ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورگان يۇغۇرۇشتۇر. ئەڭ مۇھىم مەنسەپدارلار تۆۋەندىكىچە: سۇ باشى (باش قوماندان)، تايانغۇ (ئەرەبچە ھاجىب، ساراي ۋەزىرى دېگەن مەنىدە)، ئىلىمئاغا (بەزىدە بىتىكچىمۇ دېيىلىدۇ)، ئاغىچى (مالىيە ۋەزىرى) قاتارلىقلار. پۈتۈن مەنسەپ خانلىق ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەلۇم. سۇلالىگە مەنسۇپ ھۆكۈمدارلار ئەركىن (ئىلخان)، ساغۇن (بەزىدە كۆل ئىركىن، كۆل ساغۇن) ۋە ئىنانچ ئۇنۋانلىرىنى قوللىناتتى. ئونگون (توتېم) نامى بولغان چاغرى، توغرۇللارنىمۇ قوللىناتتى. مەنبەلەردە ئىلىگ قاغان (بىلگە كۆل قادىرخان) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان قاغان 819- يىلىدىن كېيىن ماۋارەئۇننەھردە ھۆكۈم سۈرگەن ھەمدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش

ئۇچۇن كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتقان سامانىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان. نۇھ بىننى ئاساد ھىجرىيە 225 - يىلى (مىلادىيە 840 - يىلى) ئىسپىجاپ (بادىخان)نى قاراخانىيلار (بىلگە كۆل قادىرخان)نىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان. بىلگە كۆل قادىرخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. بازىر (ئارسلانخان) چوڭ قاغان نامى بىلەن بالاساغۇندا، ئوغۇلچاق شەرق قاغانى نامى بىلەن تىرازدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. بۇ خۇسۇستىكى ۋە كېيىنكى غەربىي قاراخانىيلار ھەققىدىكى مەنبەلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، قەشقەر توغرىسىدا (جەمال قارشىنىڭ كىتابىدا) پەقەت بەزى رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بىراق، بۈيۈك قاغانلار ھەققىدە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىز ھېچقانداق نەرسە بىلمەيمىز. ئوغۇلچاق ناھايىتى مۇھىم ئۇرۇشلارنى قىلغان. سامانىيلاردىن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد (874 - ، 892 - ، 907 - يىللىرى) ئۇنىڭ زامانىدىشى ئىدى. 893 - يىلى 3 - ، 4 - ئايلاردا (ھىجرىيە 280 - يىلى) ئىسمائىل ئۇزاق مەزگىللىك بىر مۇھاسىرىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان تىرازنى ئىشغال قىلغان ھەم ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنى بىلەن 15 مىڭ ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان. ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ سامانىيلارغا قارشى ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. سامانىيلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن پىتنە - ئىغۋالاردىن تۈنجى بولۇپ ئوغۇلچاق پايدىلانغان ۋە ئىسيانچى سامانىيلارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كېلىپ پاناھلىق تىلىشىگە (قەشقەر ئەتراپىدا) رۇخسەت قىلغان.

ئىسلام سوپى ۋائىزى بىلەن ئۇچراشقان ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇتۇقنىڭ شەخسەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى ۋە كېيىن ئۆز تاغىسىغا قارشى مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلىشى دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي ھالدا (10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ھال غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. بۇ چاغدا «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى قوللانغان سۇتۇق ئەمدى شۇ ۋاقىتقىچە سۇلالىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلانغان ناسىر II سامانىي تەرىپىدىن لايلا بىننى ئەلى نومان ئەل دايلامىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەمگە

چاقىرىلغان (920 — 921- يىللىرى). يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكىلەر قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جۇڭگودىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا سۇلتان سۇتۇق مۇسۇلمان پىدائىيلارغا تايانغان. ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكەرىم بولۇپ، ھىجرىيە 344- يىلى (مىلادىيە 959- يىلى) ۋاپات بولغان ۋە ئارتۇچ (قەشقەرنىڭ شىمالىدا)قا دەپنە قىلىنغان.

سۇتۇقنىڭ ئوغلى مۇسا بىننى ئابدۇلكەرىم (تۈركچە ئىسمى بايتاش) شەرق قاغانى (ئارسلان خان)نى مەغلۇپ قىلىپ سۇلالىنىڭ بۇ قىسمىنى قوشۇۋالغان ۋە ئىسلام سوپى ۋائىزى ئەبۇلھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان ئەل كالاماتىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. بۇ ھىجرىيە 349- يىللار (مىلادىيە 960- يىللار) غا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز زامانىسىدا قوشنا ئەللەرنىمۇ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا كىرگۈزۈشكە باشلىغان (مەسىلەن، خوتەن ئەڭ ئاز دېگەندە 971- يىلدىن تارتىپ ئىسلاملىشىشقا باشلىغان. ئىبنى سۇلايمان (992- يىلى بۇغراخان بولغان كىشىنىڭ دادىسى) نىڭ تۇنجى قېتىم «ئىلىگ» ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن).

## 4. 992 — 1041- يىللىرى ئارىلىقىدىكى ۋەقەلەر

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسانىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەبۇل ھەسەن ئەلى بىننى مۇسا ئولتۇردى. بۇ شەخس ھەققىدە پەقەت ئۇنىڭ 998- يىلى 11- ئايلاردا ۋاپات بولۇپ، قەشقەردىكى خان مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز (جەمال قارشىنىڭ كىتابى، 132- بەت). بىراق، ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاش شەرق ۋە جەنۇبتىكى قوشنىلىرىغا جىھاد (غازات ئۇرۇشى) ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە شېھىت بولغانلىق ئېھتىماللىقى بار. ئۇ «ئەل ھارق» ۋە «ئەل شەھر» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان. يازما مەنبەلەردە ئۇ ئارسلان خان، قاراخان ۋە تۇڭا خان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان، پۇل ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، 862/861 — 998/997- يىللىرىدا سامانىيلارنىڭ قولىدىكى پەرغانە شۇنىڭ زامانىسىدا تارتىۋېلىنغان بولسا كېرەك.

سامانىيلار دۆلىتى ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ ھالاكەتكە يۈز تۇتقان.
شەرق قاغانى (قىلىچ بۇغراخان) ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇل مۇسا ئەل ھەسەن (ھارۇن) بىننى سۇلايمان سامانىي ئىسىلزادىلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئىسپىجابنى بېسىۋالغان. (990- يىلى) ۋە 992- يىلى 5-، 6- ئايلاردا سامانىيلارنىڭ پايتەختى بولغان بۇخاراغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار ۋە سامانىيلارنىڭ خۇراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى بىننى مۇھەممەد سىمجورى ئارىسىدا سامانىيلارنىڭ دۆلىتىنى بۆلۈشۈۋېلىش خۇسۇسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان. كېلىشىم بويىچە خۇراسان ئەبۇ ئەلىگە، ماۋارەئۇننەھر ھارۇن بىننى سۇلايمان ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھارۇن كېسەل سەۋەبىدىن شەھەرنى تاشلاپ قەشقەرگە قايتىش يولىدا قوچقارباش دېگەن يەردە ۋاپات بولغان. بۇ زاتنىڭ «شەھابوددەۋلە زاھىدۇ رەۋا» دېگەن ئىسلامچە لەقەب قوللانغان قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ لەقەب بىروسىنىڭ قارىشىچە، خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلگەن بولماستىن، ئۆزى ئۇنۋانىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇۋالغانىكەن. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا قاراخانىيلار بىلەن ئىسلام مەھىتى ئارىسىدا تېخى رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلمىغانىدى. تەخت ۋارىسى مەسىلىسىدە ھارۇن شەرق ئىسلام ئۆلىمالىرىغا تونۇشلۇق بولغان ئەبۇل ئابىد ئاللاھ بىننى ئوسمان ئەل ۋاسىفنى تەيىنلىگەنىدى. ئەلىنىڭ شەرق قاغانلىق ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئەھمەد بىننى ئەلى (998- يىلى) بۈيۈك قاغان سۇپىتى بىلەن ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار تارىخىنىڭ بىرگە ئاز - تولا مەلۇم بولغان دەسلەپكى دەۋرى (1041-، 1042- يىللىرىغا قەدەر) باشلاندى. بۇ دەۋردە سۇلالىنىڭ ھەر ئىككى قىسمى ۋەكىللىك ئاساستا رول ئوينىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئەلى نەسەبى بولۇپ، دەسلەپكى (نەسلى) ئەلى بىننى مۇسانىڭ تۆت ئوغلىدىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇلار: ئەھمەد بىننى ئەلى (توغانخان I)، ناسىر بىننى ئەلى (ئېلىگ خان)، مەنسۇر بىننى ئەلى، ئارسلانخان (ئاكىسى مەنسۇر دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ) قاتارلىقلار. ئىككىنچى نەسەب بولسا ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى

يەنى مۇھەممەد بىننى ناسىر (ئەينۇل دەۋلە) ۋە ئىبراھىم بىننى ناسىر (بۆرە تېكىن) ياكى تاۋغاچ خاندىن ئىبارەت. يەنە بىرى ھەسەن تارمىقى بولۇپ، دەسلەپكى نەسەبنى ھارۇن (ئەل ھەسەن) بىننى سۇلايماننىڭ ئۈچ ئوغلى تەشكىل قىلىدۇ، يەنى يۈسۈپ بىننى ئەل ھەسەن (ھارۇن قادىرخان)، ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (توغانخان II) ۋە ئەلى بىننى ئەل ھەسەن (ئەلى تېكىن)دىن ئىبارەت. ئۈچىنچى نەسەبنى يۈسۈپنىڭ ئۈچ ئوغلى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار سۇلايمان بىننى يۈسۈپ، مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ ۋە ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۈسۈپ بىننى ئەلىدىن ئىبارەت.

ئەبۇ ناسىر ئەھمەد ئەلىنىڭ ھىجرىيە 388 — 407- يىللىرى (مىلادىيە 998 — 1017- يىللار)دىكى لەقەبلىرى ناسىر ئۇلھەق ۋە سەيفۇل دەۋلە، قۇتبۇل دەۋلە قاتارلىقلاردۇر. مىلادىيە 1015- يىللاردىن ئېتىبارەن، شەمسۇل دەۋلە ۋە مۇئەييەدۇل ئادىلدىن ئىبارەت ئىسلام تارىخچىلىرى بىلەن ياۋروپالىق تارىخچىلار بۇنى باشقا - باشقا كىشىلەر دەپ تەخمىن قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىسمى — ماۋارەئۇننەھرنى فەتھ قىلغان ناسىر (ئىلىگ خان) ھايات ۋاقتىدا قوللانغان مۇسۇلمانچە ئىسمى بولۇشى مۇمكىندۇر. بىراق، كېيىن ئۇ توغان خان نامى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر مۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسمى ناسىرنىڭ 1012- ، 1013- يىللىرى (ھىجرىيە 403- يىلى) دىكى ئۆلۈمىگە قەدەر ئۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ ئابباس خەلىپىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ (ھىجرىيە 390- يىلى، مىلادىيە 999- ، 1000- يىللار) قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرىنىڭ ئالدى يۈزىگە خەلىپىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىكتە كۆپ قېتىم «مەۋلە - ئەمرۇلمۆئمىن» دېگەن خەتلەر چېكىلگەن. بۇنىڭدىن ئىسلام دۆلىتىگە (مۇناسىۋەتلىك) خاس ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋالالايمىز.

سامانىيلار ياكى ئۇلارنىڭ ھامىيلىرى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەر ھىجرىيە 388 — 403- يىللىرى (مىلادىيە

998 — 1013/1012ـ يىللار) ئارىسىدا (يەنى ۋاپات بولغانغا قەدەر) دۆلەتتە كىچىك قاغان (ئارسلان ئىلىگ) مەنسىپىدە تۇرۇۋاتقان ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئەلىگە تاپشۇرۇلغان. پادىشاھ ئۆزى ئۆزكەنتتە تۇرغان بولۇپ، لەقەبى «مۇئەييەدۇل ئەدىل» ئىدى. ناسىر بىننى ئەلى ئىلگىرى پەرغانىدە تېكەتېكىن نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، سامانىيلار دۆلىتىدىكى زىددىيەتلەردىن، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقىنى تۇتقۇچى فائىق ئەبۇ ئەلى بىلەن سەبۇق تېكىن ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلاردىن تولۇق پايدىلانغان. بولۇپمۇ ھىجرىيە 386ـ يىلى (مىلادىيە 996ـ يىلىدا) فائىقنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قاراخانىيلارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر شەرتنامە تۈزۈلگەن.

سامانىيلار نامىغا غەزنە ۋالىيسى سەبۇق تېكىن ۋاستىسى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ شەرتنامىدە سىر دەريا رايونىنى سامانىيلارغا، قەتۋان چۆلىگە قەدەر رايونلارنى قاراخانىيلارغا بېرىدىغان. فائىق سەمەرقەنت ۋالىيسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئەمما، يۇقىرىقى ئىش يەنى مىلادىيە 997ـ يىلى بۇخاراغا قىلىدىغان يۈرۈش فائىقنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولسىمۇ، ناسىر بىننى ئەلى مىلادىيە 999ـ يىلى يېڭى بىر تەشەببۇستا بولدى. لېكىن، بۇ قېتىم ھارۇن بىننى سۇلايماننىڭ 992ـ يىلىدىكى ئىشىغا ئوخشاش پۈتۈن ماۋارەئۇننەھردىكى ئالىملارنى ئۆزىگە قاراتقان. 999ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سامانىيلار پايتەختى ئىشغال قىلىنغان، شۇنداقلا سۇلالىنىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىنى دېگۈدەكلا ئۆزكەنتكە كۆچۈرۈپ، ئۇ يەرلەرنى ئەمىنلىك قويىنىغا ئالغان. ناسىر بىننى ئەلى بۇخارادا تۇرماي، ماۋارەئۇننەھردە ۋالىيلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ (بۇخارادا جەفەر تېكىن، چاغرى تېكىن ئۇنىۋانىنى ئالغان) ئۆزكەنتكە قايتتى؛ بۇنداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان يىللاردا (مىلادىيە 1000 — 1004ـ يىللىرى)، قاماقتىن قېچىپ قۇتۇلغان سامانىيلاردىن بولغان ئىسمائىل مونتەسىر ئۆز دۆلىتىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بەزى ئوخشىمىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ يېڭى كەنتىدىكى

ئۇغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئەلى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقى ئۇنى مەغلۇبىيەتتىن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. بۇ ئارىلىقتا سەبۇق تېكىننىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىيلار بىلەن «قورچاق ئىتتىپاقى»نى بارلىققا كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئەلچىلىرى (ئەبۇ تەييىب ساھىل بىننى مۇھەممەد سەلۇكى ۋە ئوردا ۋەزىرى تۇغانچىك) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ناسىر بىننى ئەلى بىلەن يېڭى شەرتنامە تۈزۈشكەن، يەنى ھەر ئىككى دۆلەت چېگراسى ھارۇن بىننى سۇلايمان ۋە ئەبۇ ئەلى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىگە ئوخشاش ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلغان، بۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد غەزنەۋى 1001- يىلى ناسىر بىننى ئەلىنىڭ قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلەندى. ئەمما، ناسىر سامانىيلارنىڭ پۈتۈن زېمىنىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مەھمۇدنىڭ ھىندىستان بىلەن بولۇپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خۇراسانغا ئىككى قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلاردىن بىرى سۇباش تېكىن باشچىلىقىدا (كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەلى تېكىنمۇ قانداق؟!) نىشاپۇر ۋە تۇسقا، ئىككىنچىسى جەفەر تېكىن قوماندانلىقىدا بەلىخكە يۈرۈش قىلدى. بىراق، بۇ قوشۇنلار مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ناسىر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئەمدى ناسىر بىننى ئەلى ئۆزىنىڭ باش قاغانى — شۇ چاغقا قەدەر خوتەننى پۈتۈنلەي ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇ يەرنى ئىسلاملاشتۇرۇش بىلەن بولۇۋاتقان شەرق قاغانى يۇسۇپ بىننى ھارۇن (قادىرخان) دىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بىرلەشمە قوشۇن بەلىخ ئۇرۇشىدا مەھمۇدنىڭ جەڭ پىللىرى بىلەن ئاتلانغان قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بۇ ئەينى زاماندا خۇراساننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان چوڭ يۈرۈش ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت خانىدانلىق ئارىسىدا بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ناسىر بىننى ئەلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلماقچى بولدى (1012/1011- يىللىرىدا پەرغانە، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوش، تۇنكاس قاتارلىق جايلاردا بېسىلغان پۇللاردا چوڭ قاغاننىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدۇ). چوڭ قاغان ئەھمەد بىننى ئەلى (گەردىزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1004- يىلىدا بۇددىستلارغا قارشى

ئاخىرقى ئۇرۇشقا قاتناشقان) قېرىندىشى ناسىرغا قارشى مەھمۇد بىلەن
دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ناسىر ھىجرىيە 402- يىلى (مىلادىيە
1012/10011- يىلى) قىشتا قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن
بولسىمۇ، قار توسۇۋالغانلىقتىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتىجىسىز
ئاخىرلاشتى. كېيىن ھەر ئىككى قېرىنداش ئارىلىرىدىكى چۈشىنىش-
مەسلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەھمۇدقا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى.
مەھمۇد غەزنەۋى بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئوردىسىنى
ھەشەمەتلىك بېزەپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە تۇتۇندى. ناسىر
بىننى ئىلىگ ھىجرىيە 403- يىلى (مىلادىيە 1013/1012- يىللىرى)
تەختكە چىققان، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا
بولدى. بەيھەقى (مورلەي نەشرى، 838- بەت)نىڭ «خان بىلەن
ئىلىگ» ئارىسىدا ئۆزگەنت دەرۋازىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋەقەسى ۋە
خارەزىم شاھ مەئمۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۈلھى،
شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى دۆلەت ئەھۋالىنى پەقەت مۇشۇ دەۋرگە ئائىت
پۇللار ئارقىلىقلا ئېنىقلاش مۇمكىن. قارا ئوردۇ (بالاساغۇن)دا بېسىلغان
پۇللارغا قارىغاندا، ھىجرىيە 406- يىلى (مىلادىيە 1016/1015-
يىللىرى)دىن ئېتىبارەن يېڭى بۈيۈك قاغاننىڭ ئارسلان ئىلىگ مەنسۇر
بىننى ئەلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن مەنسۇر بىننى ئەلىنىڭ
ئۆزىنى بۈيۈك قاغان دەپ ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ پايتەختىنى ئىشغال
قىلغانلىقىنى ۋە بۇ رايوندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن
ئىنىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پۇللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھىجرىيە 407-
يىلى (مىلادىيە 1017/1016- يىللىرى) ئۆزگەنت، تىراز، تۈنكاس،
خوجەند ۋىلايەتلىرىدە چوڭ قاغان نامى بىلەن تۆتىنچى ئىنىسى
مۇھەممەد بىننى ئەلى ئىنال تېكىن (ئارسلان ئىلىگ)نىڭ ئورنىغا
چىقتى. ھوقۇقنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىگە
قارشى ئەھمەد بىننى ئەلى ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇلاردىن شۇنى قىياس
قىلىش مۇمكىنكى، شەرق قاغانى يۈسۈپ (قادىرخان) بىلەن ئەلى تېكىن
ئۇنىڭغا سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن. يۈسۈپنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەربىي

بارمىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما بەزى
ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ياكى ئېلىپ بارمىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما بەزى مەنبەلەردە (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 323- بەت) بىرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەلى تېكىن بۇ ئارىدا مەنسۇر بىننى ئەلىگە ئەسىرگە چۈشكەن. خارەزىم شاھ مەئمۇن پۇرسەت تاپسىلا خارەزىمنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان غەزنەۋىيلەرگە قارشى قاراخانىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەرەپدارى بولدى ۋە مەنسۇر بىننى ئەلى ۋە مەھمۇد بىننى ئەلىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولدى. شۇڭا، بۇلار ھەربىي - سىياسىي ئىتتىپاققا بەكلا موھتاج ئىدى ۋە خارەزىم بىلەن غەزنە ئارىسىدا مۇئەييەن ئارىلىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۈلھى تۈزگەن بولسىمۇ، سۈلھى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلدى. مەھمۇد ئاخىر ھىجرىيە 407- يىلى (مىلادىيە 1017/1016- يىللىرى) دا خارەزىم شاھقا قارشى ئاتلاندى ۋە مەئمۇن ئۆلگەندىن كېيىن بۇ مەملىكەتنى ئىشغال قىلدى. قاراخانىيلار بۇ ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەنبەلەردە (ئەل ئۇتبى، I توم، 1- جىلد، 220- بەت، ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 209- ، 210- بەت) ھىجرىيە 408- يىلى (مىلادىيە 1018/1017- يىللىرى)دا غەيرىي دىندىكى 100 مىڭ چېدىردىن كۆپرەك كۆچمەن (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىتانلار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن)نىڭ يەتتىسۇغا كىرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن، بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئەھمەد بىننى ئەلى ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان. بۈيۈك قاغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

ئەھمەد بىننى ئەلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان چوڭ قاغان بولۇپ، ئەبۇل مۇزەففەر مەنسۇر بىننى ئەلى بىلەن تۇتۇشماقچى بولدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ ئورۇنغا شەرق قاغانى بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئىدى. مەنسۇر بىننى ئەلى بولسا ھىجرىيە 406- يىلى (مىلادىيە 1016/1015- يىللار)غا قەدەر پەقەت ئارسلان ئىلىگ ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن يۈسۈپكە قارشى ياردەم سوراش ئۈچۈن مەھمۇد غەزنەۋىگە باش ئۇردى. سۇلتان مەھمۇد يولغا چىقىپ ئامۇ دەرياسىدىن

ئۆتۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا كەلگەن يېرىگە قايتتى. روھى چۈشكەن مەنسۇر يۈسۈپ بىلەن سۆھبەتكە كىرىشتى ۋە مەھمۇد غەزنەۋىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. مەنسۇر بىننى ئەلى بىلەن يۈسۈپ بىننى ھارۇن ئەپلەشكەندىن كېيىن بېسىلغان پۇللارغا قارىغاندا، ئۇ ۋاقىتتىكى ئىسپىجاپ ۋە ئىتلىوھ بەگلىرىنىڭ پۇللىرىدا دۆلەتنىڭ ئىككىلا بۈيۈك قاغانى مەنسۇر بىننى ئەلى (ئارسلانخان) ۋە يۈسۈپ بىننى ھارۇن نەسرۇددەۋلە ياكى مەلىكۇل مەشرىق ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. قاراخانىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى خوراسانغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەلىخ ئەتراپىدا مەغلۇپ بولدى. ھىجرىيە 410- يىلى (مىلادىيە 1020/1019- يىللىرى) دىكى بۇ ۋەقە ھەققىدە يۈسۈپ ئىبنۇل ئەسىر ئۆز ئەسىرىدە (9- جىلد، 210- بەت) سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك، مەھمۇد بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولدى. ئارسلان ئىلىگ ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد بىننى ئەلى (لەقەبى سانائۇددەۋلە) كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن دۆلەتنى ئەڭ قۇدرەتلىك ھالەتكە كەلتۈردى. ئۇ ۋاقىتتا دۆلەت دائىرىسىگە تىراز، شاش، ئىلاق (مىڭلاق)، تۇنگاس، بىنكاس، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۇسرۇشنا، خوجەند، پەرغانە ۋە ئۆزكەنتلەر كىرگەن. ھىجرىيە 409- يىلى (مىلادىيە 1019/1018- يىللىرى)دا ئارسلان ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (ئەلى تېكىن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى) ئارسلان ئىلىگ ئۇنۋانىنى قوللىنىپ، تىراز بىلەن ئىلىگرى ئارسلان ئىلىگنىڭ پايتەختى بولغان ئۆزكەنتنى قولغا كىرگۈزۈپ، ھىجرىيە 410- يىلى (مىلادىيە 1019 — 1020- يىللار) ئاخىسكەندنى ئىشغال قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئەلى تېكىن (ئەلى بىننى ئەل ھەسەن، لەقەبى «باھاۋۇد دەۋلە»، «قۇتبۇد دەۋلە» ۋە «نەسىرۇل مىللىيە» ۋە «ئاررۇ ئۇددىن») مەنسۇر بىننى ئەلىنىڭ قولىدىن ئۇگۇشلۇق ھالدا قۇتۇلۇپ، ئىسرائىل (ئارسلان) بىننى سالجۇق بىلەن بىرلىشىپ، بۇخارانى ئىگىلىدى ۋە ھىجرىيە 411- يىلى (مىلادىيە 1021/1020- يىللىرى) مۇھەممەد بىننى ئەلىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلى بىننى ئەل ھۇسەن يىغان تېكىن نامى بىلەن بۇخارادا تەختكە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنى ماۋارەئۇننەھرنىڭ باشقا قىسىملىرىغا يەتكۈزدى ۋە قېرىندىشى ئەھمەد

بىننى ئەلى ھەسەننى ئىلىگ خان دەپ ئېلان قىلىپ، مەنسۇر بىننى ئەلىنى ئۇلۇغ قاغان دەپ تونۇدى. ئۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئارىسىدا ھېچقانداق شەكىلدىكى چۈشىنىش ۋە ئەپۇ قىلىشلار بولمىغان. مەنسۇر بىننى ئەلى ناھايىتى تەقۋادار سوپى كىشى بولۇپ، ھىجرىيە 415- يىلى (مىلادىيە 1023-، 1024- يىللىرى) شاھلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ دەرۋىش بولۇۋالدى (مۇنەججىم باشى، II جىلد، 511- بەت) ھەمدە 27 يىلدىن بېرى شەرق قاغانى يۈسۈپ بىننى ھارۇن (ئەل ھەسەن)نى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قاغان قىلدى. ئۇ ھىجرىيە 415 — 424- يىللىرىغىچە ئۇلۇغ قاغان (چوڭ) ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، «ناسىرۇلمىللىيە»، «ناسىرۇددىن»، «ناسىرۇلھەقىق»، «مەلىكۇل مەشرىق» دېگەن لەقەبلەر بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئەھمەد ۋە ئەلى يۈسۈپ بىننى ھارۇنغا قارشى ئۆزئارا بىرلەشتى. ئەبۇل مۇزەففەر ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (لەقەبى مۇزىئۇد دەۋلە، جالالۇد دەۋلە) ئۆزىنى چوڭ قاغان دەپ ئېلان قىلدى. ئىسلام مەنبەلىرىدە ئۇ تېكەخان، توغانخان ياكى تاۋغاچخان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەلى بىننى ئەل ھەسەن ئارسلان ئىلىگ بولدى. ئەھمەد بالاساغۇن، خوجەند، ئاخسىكەند، پەرغانە ۋە ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلدى. يۈسۈپ قايتىدىن مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. مەھمۇد يېڭى قوشنىسى ئارسلان ئىلىگ بىننى ئەل ھەسەنگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەن. مەكتۇپنىڭ يېتىپ كېلىشى يۈسۈپكە تېخىمۇ زور قولايلىقنى يارىتىپ بەرگەن. مەھمۇد غەزنەۋى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنتكە يېقىنلاپ كەلگەن. ماۋارەئۇننەھردە يۈسۈپ بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى ئىككىنچى قېتىم شەرتنامە تۈزۈشكەن. بۇ شەرتنامە گەردىزى (نازىم نەشرى، 81-، 84- بەتلەر)نىڭ ئەسىرىدە تولۇق خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئولپان تاپشۇرۇشتىن باشقا، ماۋارەئۇننەھر ئەلى تېكىندىن تارتىۋېلىنىپ، يۈسۈپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىگان تېكىن مۇھەممەد بىننى يۈسۈپكە بېرىش قارار قىلىندى. يەنە ئىككى خانىدانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قۇدىلىشىش ئىشلىرىمۇ قارارلاشتۇرۇلدى. مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن، مەھمۇدنىڭ

ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت بىننى مەھمۇد يۈسۈپنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئىلگىرى مەھمۇد ئەلى تېكىننىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئىسرائىل بىننى سالجۇقنى تۈركمەنلەرگە قارشى ھەرىكەتلەردە ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ھىندىستانغا ئەۋەتتى. ئەلى تېكىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى تاشلاپ يايلاققا قاچتى. مەھمۇدنىڭ ۋەزىرى بىلگەتېكىن ئۇنىڭ تەختىنى ئىگىلەپ، خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالماي بەلىختىن غەزنەگە ئاتلاندى. لېكىن، ئۇ ئەلى تېكىننى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتىشنى تازا خالىمايتتى.

ئەلى تېكىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە قايتتى. مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خوتتال ساغانىيان، قوبازىيان ۋە تىرمىز، بەلىخكە يېقىن رايونلارنىڭ ئۆز دۆلىتى بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئالاقىدە بولۇشى ئۈچۈن تىرىشتى. بۇ رايونلارنىڭ قولغا كىرىشى خارەزىم ئۈستىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە مەھمۇدنىڭ قەدىمكى سامانىي دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرىغا ھاكىم ئەۋەتىشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلىپە ۋە قاراخانىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر شەرتنامە تۈزدى. مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ زەينەپ بىلەن توي قىلماق ئۈچۈن بەلىخكە كەلگەندە، ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىندى. مەھمۇد ئۆز دۈشمەنلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپى ئۆگدىن كېلىپ، مىلادىيە 1026/1025- يىللىرى ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلىپ، مىلادىيە 1027/1026- يىللىرى پايتەخت بالاساغۇننى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. نەتىجىدە ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ (بۇنى شۇ ۋاقىتلاردا بېسىلغان پۇللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ)، يۈسۈپنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. بەيھەقىنىڭ ھاشىيەسى بۇ سۆلھى نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مىلادىيە 1031- يىلى باھاردا مەنسۇر بىننى مەھمۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەبۇلقاسىم ئىبراھىم بىننى ئابدۇللاھ ھۇسەيرى ۋە قازى ئەبۇتاھىر

ئابدۇللاھ بىننى ئەھمەد تابانىلارنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى غەزنەدىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار ئىككى خانلىق ئارىسىدا يېڭىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا كېڭەشتى. مەنسۇرنىڭ ئارزۇسى قادىرخاننىڭ قىزى شاھ خاتۇننى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ۋە ئوغلى مەۋدۇدقا بۇغرا تېكىن سۇلايمان بىننى يۈسۈپنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد خەلىپىنىڭ قاراخانىيلار بىلەن بولىدىغان كېڭەشنىڭ پەقەت غەزنەۋىيلەر ئارقىلىقلا بولىدۇ، دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشەنگەن. يۈسۈپ قادىرخان غەزنەۋىيلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق مەسىلىسىدە خارەزمگە مايىل بولغانلىقتىن، غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىسى قەشقەردە قارشى ئېلىنغان. يۈسۈپ مىلادىيە 1032- يىلى 10- ئايدا ۋاپات بولغان ۋە قەشقەردىكى خاقانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. دۆلەت ھوقۇقى ھىجرىيە 423- يىلى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان بىننى يۈسۈپ (ئارسلانخان) بىلەن مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان)نىڭ قولىغا ئۆتتى. مەنسۇرنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەۋەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق ئەلچىلىرى ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. شاھ خاتۇن غەزنەگە كەلگەن ۋە بۇ يەردە ناھايىتى كاتتا قارشى ئېلىنغان. ئەمما، مەۋدۇد تويلاشماقچى بولغان قىز يولدا ۋاپات بولغان. بۇ قېتىم مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان) غەزنەگە ئۆزىنىڭ نىشانىنى (ئالماقچى بولغان قىز زەينەپنى) ئالماق ئۈچۈن يېڭىدىن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. چۈنكى، مەسئۇد زەينەپنىڭ خوتۇن سۈپىتى بىلەن غەزنەۋىيلەر مىراسىنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولۇش تەمەسىدە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇھەممەد بىلەن ئەپلەشمەكچى بولۇپ، سۇلايمان بىننى يۈسۈپ (ئارسلانخان) نىڭ ۋاستىچى بولۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى ۋە قاراخانىيلارغا يەنە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ناھايىتى تەجرىبىلىك خاتىپ ئىمام ئەبۇ سادىق تابانى ئىدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى مەسئۇد بىلەن ئىككى ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر شەرتنامە تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

## 5. ئەلى تېكىن ۋە دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى (ھىجرىيە 433- يىلى، مىلادىيە 1042/1041- يىللىرى)

مەھمۇدنىڭ زىيانكەشلىكىدىن (ھىجرىيە 416/415- يىللىرى، مىلادىيە 1025/1024- يىللىرى) ساق - سالامەت قۇتۇلغان ئەلى تېكىن ئاكىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن (ھىجرىيە 417- يىلى، مىلادىيە 1027/1026- يىللىرى) ماۋارەئۈننەھرنىڭ مۇستەقىل غوجىسى بولدى. ئۇ بۇ رايونلار بىلەن ھىجرىيە 393- يىللىرى (مىلادىيە 1003/1002- يىللىرى) دىن تارتىپ زىچ ئالاقە ئورناتقانىدى. ئۇنىڭ ناسىر بىننى ئەلىنىڭ قوماندانى يەنى شۇ زامان مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان سۇباشى تېكىنىنىڭ ئۆزى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئۇنىڭ پائالىيەت رايونى بۇخارا ياكى بۇخارا ئەتراپىدا ئىدى. ھىجرىيە 417- يىلى (مىلادىيە 1027/1026- يىللىرى) دىن تارتىپ بېسىلغان پۇللاردا خارلوخ (خارلوغ) دېگەن ئوردا ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان بىر ئوردۇگاھ بار ئىدى، بۇ ئۇنىڭ قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئەنئەنىسىگە سادىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غەزنەۋىيلەر تەختىگە كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسئۇد ئەلى تېكىندىن ياردەم سوراپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ھوتتالنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدى. بىراق، مەسئۇد قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قان تۆكمەيلا ھاكىم بولدى، ئۇ ئىلگىرىكى ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، دادىسىنىڭ پىلانى بويىچە ماۋارەئۈننەھرنى ئەلى تېكىننىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇ يەردە مەھمۇد بىننى يۇسۇپنى تۇرغۇزۇش ئارزۇسىنى تېزرەك رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋەزىرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزى سەپەرگە چىقماي، ئەلى تېكىنگە قارشى يۈرۈش قىلىشنى خارەزىم شاھ ئالتۇنتاشقا ئەمر قىلدى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى بىلەن كۈچەيگەن ئالتۇنتاش مىلادىيە 1032- يىلى باھاردا ئەلى تېكىن ئۈستىگە ئاتلاندى. ئەلى تېكىننىڭ سېپىگە سالجۇق تۈركمەنلىرىمۇ قاتناشتى. دەبۇسىيا مەيدانى جېڭىدە ئالتۇنتاش يارىلىنىپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆز ئىقتىدارىغا

تايىنىپ خارەزىم ئۈچۈن پايدىلىق بىر سۈلھى تۈزدى. ئىككى يىلدىن كېيىن (ھىجرىيە 426- يىلى، مىلادىيە 1034- يىلى) ئالتۇنتاشنىڭ ۋارىسى ھارۇن مەسئۇدقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەلى تېكىن بىلەن شەرتنامە تۈزدى. شەرتنامە بويىچە ھارۇن مەرۋىگە، ئەلى تېكىن تىرمىز بىلەن بەلخكە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئەلى تېكىن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھەم تەخت ۋارىسى يۈسۈپ بىننى ئەلى (ئارسلان ئىلىگ) تەختكە چىققانلىقىنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن مەسئۇدقا ئەلچى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىمۇ قېرىنىدىشى (ئارسلان ئىلىگ)غا ئوخشاش خارەزىم شاھ بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامىگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە مەسئۇدقا قارشى ھەربىي ھەرىكەتكە ئاتلاندى. ئىتتىپاقداشلار ساغانىيانىنى ئىشغال قىلىپ تىرمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇشۇ پەيتتە ھارۇن ۋاپات بولدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىككىنچى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، يۈسۈپ قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ مەغلۇبىيەت يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن ئىتتىپاقچىلىرى بولغان سالجۇقىيلارنى ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىنمۇ بولدى. ئەلى تېكىن ۋاقتىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ «ئىنانچ يابغۇسى» بولغان يۈسۈپ بىننى سالجۇقىينىڭ يۈسۈپ بىننى ئەلىنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى، بۇ سەۋەبتىن كۆتۈرۈلگەن سالجۇقىيلار ئىسيانى قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئىلگىرىكى دوستلۇقنى پۈتۈنلەي يوق قىلغانىدى. نەتىجىدە سالجۇقىيلار دەسلەپتە خارەزىم شاھتىن ياردەم سورىغان. چۈنكى، ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلا توغرۇل بىننى مىكائىل (توغرۇل بەگ) بىلەن دوستانە ئۆتكەن، مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان)مۇ ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇلار يامان نىيەت بىلەن خۇراساننى ئىستېلا قىلدى ۋە بىرقانچە يىلدىن كېيىن (ھىجرىيە 432- يىلى، مىلادىيە 1040- يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلۇغ بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. يۈسۈپ بىننى ئەلى دەرھال مەسئۇد بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە كىرىشتى. دەسلەپتە سەمەرقەنت ئۆگەسى قاتناشقان تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكى بەلختە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا (مىلادىيە 1035- يىلى) مەسئۇد ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل
قىلغان. ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن، دەسلەپتە ئالىپ تېكىن بىلەن بۇخارا خاتىبى ئابد
ئابدۇللاھ پارسى قاتناشقان بىر بۇخارا ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىل
قىلىنغان. يۈسۈپ ئىككى دۆلەتنىڭ قۇدىلىشىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
بۇنىڭ بەدىلىگە ھوتتالدىن ۋاز كېچىش تەكلىپىنى بەردى، شۇنداقلا
مەسئۇدتىن ئۆزى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئارسلان خان سۇلايمان
بىننى يۈسۈپ ئارىسىدا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە
خانىدانلار ئارىسىدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى (يۈسۈپ
مەھمۇدنىڭ ئىنىسى ناسىر بىننى سەبۇق تېكىننىڭ قىزى بىلەن توي
قىلغان، شۇنداقلا سەئىد بىننى مەسئۇد يۈسۈپنىڭ سىڭلىسى بىلەن
تويلاشقان) ۋە مەسئۇدمۇ بەلىخ ھاكىمى ئابىد ئەل سالامنىڭ
رەھبەرلىكىدە ماۋارەئۇننەھرگە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى -
يۈسۈپنىڭ تۈركىستاندىكى ئورۇق - تۇغقانلىرىدىن يىراقلىشىشقا
ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى ۋەزىيىتىمۇ پايدىسىز ھالەتكە
چۈشۈپ قالغان. ماۋارەئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسى ئىلىك
خاننىڭ ئىككى ئوغلى بۇنداق بولۇشقا سەۋەبچى بولغان دەپ قاراشقا
بولىدۇ. ناسىر بىننى ئەلىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلى ئۇلۇغ خاقان مەنسۇ
بىننى ئەلى زامانىدىمۇ ئۆلكە باشلىقى بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا
مەھمۇد بىننى ناسىر (ئالىپ تېكىن) ھېچ بولمىغاندا ھىجرىيە
412/411- يىللىرى (مىلادىيە 1022/1020- يىللىرى) ئىسپىجاپ بىلەن
ئىتلوھىنىڭ ھاكىمى بولغان. ئىبراھىم بىننى ناسىر (بۆرە تېكىن) ھېچ
بولمىغاندا ھىجرىيە 411/409- يىللىرى (مىلادىيە 1021/1018- يىللىرى)
ئىلاكنىڭ ھاكىمى بولغان. كېيىنچە، يەنى ھىجرىيە 415- يىلى
(مىلادىيە 1025/1024- يىللىرى) مەھمۇد بىننى ناسىر (ئەينۇددەۋلە)
ئارقا - ئارقىدىن پەرغانىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋە بۇ يەرد
ھىجرىيە 417- يىلى (مىلادىيە 1027/1026- يىللىرى) «ئىلىك»
ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. لېكىن، ھىجرىيە 416- يىلى
(مىلادىيە 1026/1025- يىللىرى) يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى) دادىسىنىڭ پايتەختى ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلغان غىچە ۋە ھىجرىيە 423 ـ يىلى (مىلادىيە 1032/1031 ـ يىللىرى) ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىدا تۇتقان. ھىجرىيە 425/424 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1034/1032 ـ يىللىرى) مەھمۇد بىننى ناسىر يەنە ئۆزكەنتتە پەيدا بولغان (بۇ يەردە دادىسىنىڭ «ئەل مۇئەييەددۇل ئەدىل» دېگەن لەقىبىنى قوللانغان)، ئەمما قادىرخان ئوغۇللىرىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ يەردىن كەتكەن ھەمدە ھىجرىيە 426 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1035/1034 ـ يىللىرى) ۋە ھىجرىيە 428 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1037/1036 ـ يىللىرى) دا ئۆزكەنتتە ئولتۇراقلاشقان.

ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىبراھىم بىزگىچە نامەلۇم بولغان بىر ۋەقەدە ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن. ھىجرىيە 428 ـ يىلى (مىلادىيە 1037/1036 ـ يىللىرى) بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆزكەنتكە بېرىپ ئىنىسى مۇھەممەدتىن پاناھلىق تىلىگەن. ئۇ يەردە مەھمۇد غەزنەۋىگە مەكتۇپ يېزىپ ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزكەنتتە تۇرغان چاغلىرىدا تۈرك قوۋچىلىرىنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. ئۇ بەزىدە ئۇ يەردىكىلەرنى توپلاپ، ۋاخشى، ھوتتال، ھالۇك ۋە پەنج دەريا ۋادىلىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. بۇ پاتىپاراقچىلىققا تولغان ئۆلكىلەر غەزنەۋىيلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىيان سالغانلىقى ئۈچۈن، مەسئۇد ئىبراھىمغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ تاكى ساغانىيانغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ھەم تۈركمەنلەردىن ياردەم سوراپ ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلىپ قايتقان. ھىجرىيە 430 ـ يىلى (مىلادىيە 1039/1038 ـ يىللىرى) ئىبراھىمنىڭ تاغىسى ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرغان. ئىبراھىم كېيىنچە تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ھىجرىيە 431 ـ يىلى (مىلادىيە 1040/1039 ـ يىللىرى) كىشنى، ھىجرىيە 432 ـ يىلى (1041/1040 ـ يىللىرى) سوغدنى ۋە ھىجرىيە 433 ـ يىلى (مىلادىيە 1042/1041 ـ يىللىرى) بۇخارانى ئىشغال قىلغان. بۇ ھەربىي يۈرۈشكە ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ ئىشتىراك قىلغان. ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن يەنى يۇسۇپ قادىرخان

ئوغۇللىرىدىن پاناھلىق تىلىگەن. ھىجرىيە 432- يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن سالجۇقىيلار ئەلچىسى «تۈركىستان خانلىرى» نامىدا سۇلايمان بىننى يۇسۇپ، مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ ۋە ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنىڭ قېشىغىلا ئەمەس، ئىبراھىم (بۆرە تېكىن) ھەم مۇھەممەد (ئەينۇددەۋلە) لەرنىڭ قېشىغىمۇ كەلگەن. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مەسئۇد بىننى مەھمۇدمۇ سالجۇقىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن بەلىخ ۋە توخارىستاننىڭ «تەقدىرنامىسى»نى ئىبراھىمغا ئەۋەتكەن.

غەلىبە قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى يۇسۇپ قادىرخان جەمەتى ھەسەن ئائىلىسىگە ئايرىپ، كەلگۈسىدىكى ھاكىمىيەت ئاساسىنى تۇرغۇزغان، يەنى مۇھەممەد — بۈيۈك قاغان (ئارسلانخان)، ئىبراھىم شەرق قاغان (تاۋغاچ بۇغراخان) ئۇنۋانىنى ئالغان. ئەينى زاماندا يەنى مىلادىيە 581- يىلىدا تۈرك (Tu—jue) تارىخىدا مۇھىم بىر يىل بولغان بولسا، مىتال پۇللاردا ھىجرىيە 433- يىلى (مىلادىيە 1042/1041- يىللار) ئايان بولغان بۇ ۋەقەمۇ قاراخانىيلار تارىخىدا مۇھىم يىلدۇر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى خانىدانلىق (قاراخانىيلار خانلىقى) بارلىققا كەلدى.

شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى ماۋەرائۇننەھر فەتھىسىدىن ئىلگىرىكى قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىدىكى تىراز، ئىسپىجاپ، شاش، يەتتىسۇ، قەشقەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان. بەزى چاغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرغانىنىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقتىكى چوڭ قاغاننىڭ پايتەختى داۋاملىق بالاساغۇندا بولغان. شەرقتىكى شەرق قاغانى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قەشقەردە، ئاز بىر مەزگىل تىرازدا تۇرغان، قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەر شەھىرى مۇشۇ ۋاقىتلاردا خانلىقنىڭ دىنىي مەركىزى بولۇپ قالغان. خان جەمەتىنىڭ مازىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بۈيۈك قاغانلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، سوپى يۇسۇپ بىننى ھارۇن قادىرخان) بۇ قەدىمكى ئىسلام شەھىرىنى قەدىمكى شامانىزم ئەنئەنىلىرىگە زىچ

باغلىنىشلىق بولغان بالاساغۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇلۇغلىغان، شۇ سەۋەبتىن قەشقەرنى ئوردۇكەنت دەپ ئاتىغان.

غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى ئەسلىدىكى ماۋارەئۇننەھر بىلەن پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پەرغانىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا جايلاشقان ساغانىيان، قۇبازىيان، ۋاخش ھوتتال ۋە تىرمىز ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چېگرا سىرتىدا قالغان. بەلىخ بىلەن زىنج ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن بۇ ئۆلكىلەر دەسلەپتە غەزنەۋىيلەرنىڭ، كېيىنچە (ھىجرىيە 456- يىلى، مىلادىيە 1069- يىللىرىدا) سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. قاراخانىيلارنىڭ بۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي جەھەتتىن نەتىجىسىز ئاياغلاشقان. بۇ ئىككى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگراسى خوجەند ئىدى. سىر دەريا ۋادىسى (شاش ۋە ئىلاك) ۋە پەرغانە ئەسلىدە كۆپ قېتىم تالاش - تارتىش بولغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ھەربىي قوشۇنلارنىڭ نىسبەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

غەربىنىڭ چوڭ قاغانىنىڭ مەركىزى دەسلەپتە ئۆزكەنت، كېيىنچە سەمەرقەنت بولغان، غەربىنىڭ شەرق قاغانى بۇخارادا تۇرغان.

بۇ ئىككى دۆلەت قەدىمكى مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. غەربىنىڭ ھەر ئىككى مەركىزى ئىران ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر مەركەزلىرى ئىدى. شەرقنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بولغان قەشقەر قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەركىزى بولغانغا قەدەر جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر (بۇددا، مانى دىنى) مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغانىدى. مەلۇم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزا مەھەللىلەر بىلەن تولغانلىقى مەلۇمدۇر، يەنى ئاخسىكەند، بارسخان، ئىسپىجاپ، ئىستىفان، ئىتلىھ، قارا ئوردۇ (بالاساغۇن)، كارمىنا، كاسان، قەشقەر، كىش، ئەل كۇشانى، كاس، مەرغىنان، ئۆزكەنت، رىشان، ساغانىيان، شاش، تىراز، تۈنكاس، ئۇشرۇسانا، ياركەنت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭ سەۋەبى قاراخانىيلار دۆلىتىدە يالغۇز ئىران ئىسلام

مەدەنىيىتى (بولۇپمۇ، ماۋارەئۇننەھردە) داۋاملىق راۋاجلىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر جەھەتتىن شەرقىي قاراخانىيلار ساھەسىدە تۈرك ئەدەبىي تىلى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ھەم ئەينى زاماندىكى ئىسلام تۈرك ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگەن. ھەر ئىككى دۆلەت يايلاق خەلقلىرىگە تەتبىق قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇسۇللار بىلەن مەدەنىي ئۇلۇسلارنى ئىدارە قىلغان، ھەر ئىككى سۇلالە ئوخشاش بولغان ئىچكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. تۈرك دۆلىتىدىكى توققۇز ئوغۇزلار، كېيىنچە سالجۇقىيلار دۆلىتىدىكى ئوغۇز (تۈركمەنلەر)لارغا ئوخشاش قاراخانىيلاردا ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى قارلۇقلار (ياكى بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قوۋمى بولغان چىگىللەر) تەشكىل قىلغان ھەمدە يېڭى سۇلالىنى قوغۇچى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ مەركىزىي شەھەر تراپىدىكى چېدىرلاردا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يول قويغان. تېكىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان بۇخارا ئەتراپىدىكى ھەلجە چىك مەھەللە)نىڭ قارلۇق ئوردا نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىشى بۇنىڭ ئېنىك مىسالى بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىي ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن كۆندىن - كۈنگە شەھەر مەدەنىيىتىگە يۈزلەنگەن ھۆكۈمدارلار بىلەن قوشۇنلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق قانلىق ۋەقە ۋە تالاش - تارتىش قاتارلىق ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىمۇ خىلمۇخىل يېڭى دىنىي بۆلۈنۈش (بەزىدە شىئە، بەزىدە سۈننىي، يەنە بەزىدە زىندىك ۋە باشقىلار)گە سەھنە بولغان، ماۋارەئۇننەھرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىغان. قاراخانىيلار تارىخى ئۈچۈن ئانچە پايدىسى بولمىغان باشقا تارىخىي ئامىللار يېنىدا دۆلەتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغان ۋە سۇلالىنىڭ يوقىلىشىنى ئارقىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب دەل مۇشۇ ئىدى.

## 6. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى

بۇ دۆلەتنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمدارى بۆيۈك قاغان «شەرىپۇد

دۆلە» لەقەبىنى قوللانغان سۇلايمان بىننى يۇسۇپ (ھىجرىيە 423- يىلى، مىلادىيە 1032/1031- يىللىرى) ئىدى، ئۇ سالجۇقىيلار خۇراساندا، ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ماۋارەئۇننەھر ۋە پەرغانىدە ئۇلتۇراقلاشقاندىن كېيىن، سۇلالىنىڭ ھەسەن تائىپىسىگە مەنسۇپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئەھدىنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ھىجرىيە 435- يىلى (مىلادىيە 1044/1043- يىللىرى) پائالىيەت دائىرىسى بېكىتىلگەن بىر ئائىلە بىرلەشمىسىنى قۇرغان. سۇلايمان بىننى يۇسۇپ بۈيۈك قاغان نامى بىلەن بالاساغۇن ۋە قەشقەرگە ئۆزى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ بۇغراخان نامى بىلەن تىراز ۋە ئىسپىجاپنى، ئۈچىنچى ئىنىسى مەھمۇد بىننى يۇسۇپ (ئارسلان تېكىن) دۆلەتنىڭ شەرق ئۆلكىلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. سابىق بۈيۈك قاغان ئۆز نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن پەرغانىنى ۋە يۇسۇپ بىننى ئەلى (قېرىندىشىنىڭ ئوغلى)نىڭ زېمىنى بولغان ماۋارەئۇننەھرنى قايتىدىن قولغا چۈشۈرگەن ھەم پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى غەلىبىلىك ئىشغال قىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆزكەنتمۇ شۇ يىللاردا قولغا كىرگۈزۈلگەن. پەرغانىدىن ھازىر تېپىلىۋاتقان مىتال پۇللارغا ئاساسلانغاندا، تېكە تېكىن ئۇنۋانى، جالالىددىن لەقەبىنى قوللانغان قېرى ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن دېگەن كىشى ئىشغال قىلغان. بۇنىڭغا مەھمۇد بىننى يۇسۇپ (بۇغراخان) ئەڭ ماس كېلىدۇ.

ھىجرىيە 435- يىلى سەپەر ئېيىدا (مىلادىيە 1043- يىلى 10- ئايدا) بۇلغار بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 10 مىڭ چېدىرلىق كۆچمەن تۈركىي قەبىلە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان. تىبەتتىن بالاساغۇن ھۆكۈمدارى ئارسلان خاننىڭ يۇرتىغا كەلگەن ۋە ئۆزلۈكىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىككىنچى بىر «سان - سانافسىز» تۈرك قوۋمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار دۆلتى دائىرىسىدە مۇسۇلمان بولمىغان يات دىندىكىلەرنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۇلايمان بىننى يۇسۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئادىل ۋە دىندار، زاھىد بىر

كىشى ئىدى. ئۇ شۇ دەۋردە ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دوستى ۋە ھامىيسى بولۇپ تونۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، تەرەپ - تەرەپلەردىن ئالىملار كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا توپلانغان. ئۇمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئىلتىپات، ھەدىيەلەرنى كۆرسىتىپ تۇرغان (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 211- بەت). شۇنداق بولسىمۇ سۇلايمان ھىجرىيە 448- يىلى (مىلادىيە 1057/1056- يىللىرى) نادانلىق قىلىپ، ئۆز ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپكە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلماقچى بولغان. نامەلۇم بىر ئائىلە ماجىراسى سەۋەبىدىن مۇھەممەد ئۆز زېمىنىدىن ۋاز كەچكەن. بىراق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا سۇلايمان ئەسىرگە چۈشكەن. مۇھەممەد ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، ئۆزىنى بۈيۈك قاغان دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇمۇ 15 ئاي (ھىجرىيە 449/448- يىللىرى، مىلادىيە 1057/1056- يىللىرى) ھۆكۈم سۈرۈپ تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىنگە (ئۇنىۋانى چاغرى تېكىن) ئۆتكۈنگەن. ئۇ ئارسلان ئىلىگ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ھۇسەيىن بىننى مەھمۇد بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسى ئىدى. ئەمما، مۇھەممەدنىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن بولغان ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى. ئايالى ھۇسەيىننىڭ تەختكە چىقىشىغا نارازى بولۇپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۇسەيىننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئادەملەرنى قىرىپ تاشلاپ، ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارغان (ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىغا قارالسۇن). ئىبراھىم I بىننى مۇھەممەد (قىسارتىلىپ ئىبراھىم I دېيىلىدۇ) سەلتەنەت سۈرگەن يىللار (ھىجرىيە 451/449- يىللار، مىلادىيە 1059/1057- يىللار) نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى ئىبراھىم بىننى ناسىر پەرغانىنى قايتا بېسىۋالدى ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بەزى يەرلىرىنى (شاش، تۈنكاس)نىمۇ قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بارسخانغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد (بەزى مەنبەلەردە ئىنال تېكىن دەپ تىلغا ئېلىنغان) بارسخان ھاكىمى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ سەۋەبتىن، شۇ دەۋرلەرگە قەدەر شەرق قاغانى بولغان قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ بۆيۈك قاغان بولدى. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ (ھىجرىيە 451 — 467 ـ يىللارغىچە، مىلادىيە 1059 — 1075 ـ يىللارغىچە) يازما مەنبەلەردە كۆپ قېتىم توغرۇل قاراخان نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شەرق قاغانى ئەل ھەسەن سۇلايمان (تاۋغاچ بۇغراقاغان) بىلەن بىرلىكتە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىدارىسىغا ئېلىش مەقسىتى بىلەن، ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن (ھىجرىيە 460 ـ يىلى، مىلادىيە 1068 ـ يىلى) ئىز باسارى ناسىر بىننى ئىبراھىم ئۈستىگە قوشۇن تارتتى. بۇ ئۇرۇش ئىككى قاراخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چېگرا بەلگىلەش توغرىسىدىكى بىر شەرتنامە تۈزۈش نەتىجىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ كېلىشىم بويىچە سىر دەرياسىنى پاسىل قىلىپ خوجەندنى ناسىرغا قالدۇردى. پۈتۈن پەرغانە شەرقىي قاراخانىيلارغا قارايدىغان بولدى.

مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئوغلى ئۆمەر بىننى مۇھەممەد (توغرۇل تېكىن) پەقەت ئىككى ئايلا (ھىجرىيە 467 ـ يىلى، مىلادىيە 1075/1074 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇغراخان ئەل ھەسەن بىننى سۇلايمان ئۇنى ئەسىرگە ئالغان ۋە ئۆمەرنىڭ قوشۇنىنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان (ئىبنۇل ئەسىر). مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېزىشىچە (III توم، 173 ـ بەت)، ئارسلان تېكىن قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلماندىن تەشكىل تاپقان قوشۇن بۆكەبۇدراج قوماندانلىقىدىكى 700 مىڭ كۇپپارغا قارشى جەڭدە غەلىبە قازانغانلىقى مۇشۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. بۇ يۇرۇشتە ئىسلام قوشۇنى دەسلەپتە ئىلى، كېيىنچە ئېمىل دەريا ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغان.

ئەبۇ ئەلى ئەل ھەسەن بىننى سۇلايمان (لەقەبى «ناسىرۇل ھەق ۋەلىددىن» ۋە «ئىززەتۇلددىن» ئىدى) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى نامى بىلەن (تاۋغاچ بۇغرا قاراخان) قەشقەردە تەختكە چىققان مەزگىلدە، بۇ شەھەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

ھىجرىيە 462- يىلى (مىلادىيە 1070- يىلى) ياشانغان ئۇردا ۋەزىرى (تايانغۇ)، بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىسلام دەۋرىنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر ئابىدىسى بولغان ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەل ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ئىمام ئەبۇل پۇتۇھ ئەل ھەسەن ئابىد ئەل جەففار بىننى ئەل ھۇسەيىن ئەل ئالمائى (ھىجرىيە 486- يىلى، مىلادىيە 1093- يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ قەشقەرنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى كاشغەر» مانا شۇ چاغدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىرقىسمى ئەل قارشى (جەمال قارشى)نىڭ ئەسىرىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ئەل ھۇسەيىن بىننى سۇلايماننىڭ ھىجرىيە 466 — 470- يىللىرىدا باغدادتا مەشھۇر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى يازغان مەھمۇد كاشغەرىي (ئەل ھۇسەيىن بىننى سۇلايماننىڭ تاغىسى ئىدى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلمەيمىز. بىرىنچە ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان مانىسا (manisa) دا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەل ھۇسەيىننىڭ ئوغلى ئەل مەئمۇنغا تەقدىم قىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەل ھۇسەيىن بىننى سۇلايمان بۈيۈك قاغان بولۇپ، ھىجرىيە 467 — 496- يىلىغىچە (مىلادىيە 1077 — 1102- يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. ھىجرىيە 482- يىلى (مىلادىيە 1089- يىلى)دا ئۇلۇغ سالجۇقىيلاردىن مەلىكشاھ ماۋارەئۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ ئۆزكەنتكە كەلگەندە، ئەل ھەسەن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ھەسەننىڭ قېرىندىشى ئاتبېشى ھاكىمى ياقۇپ بىننى سۇلايمان سالجۇقىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىقتا سەمەرقەنتتە تەختتە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئاتبېشىغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ھەسەن سالجۇقىيلارغا بەيئەت قىلغاچقا، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇنى ئەسىرگە ئالغان بولسىمۇ، مەلىكشاھقا ئىتائەت قىلمىغان. مەلىكشاھ قايتىدىن ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا، ھەسەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئىمەلگە ئاشۇرغان ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئوغلى ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ياقۇپنى ئۆزكەنتكە

قايتۇرۇپ كەلگەن. مۇشۇ ئارىدا قەشقەر سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان توغرۇل بىننى ئىنال (ئەل ھەسەننىڭ تاغىسى جىبرائىل بىننى ئۆمەر) تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، شۇنداقلا ئەل ھەسەنمۇ ئەسىرگە ئېلىنغان. مۇشۇ سەۋەبتىن مەلىكشاھ ئۆزكەنتتىكى ياقۇپ بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈپ، ئۇنى توغرۇلغا قارشى ئۇرۇشقا سالغان ۋە ئۆزكەنتتىن ۋاز كەچكەن (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 112 — 116 ـ بەت). ئەپسۇسكى، بىزنىڭ قولىمىزدىكى مەنبەلەردە بۇ دەۋردىكى ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. ئەل ھەسەننىڭ ئۇزاق مەزگىل ئەسىرلىكتە يۈرگەندىن كېيىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى مەلۇم. ئەگەر توغرۇل بىلەن جىبرائىل بىننى ئۆمەرنىڭ ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ ھاياتى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان ماۋارەئۇننەھر تەۋەككۇلچىلىكىگە (ھىجرىيە 495 ـ يىلى، مىلادىيە 1102 ـ يىلى) كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەل ھەسەننىڭ ئوغلى ۋە ئىزباسارى ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن مىلادىيە 1105 ـ يىلىدا خەلىپە مۇستازھىد بىللاھقا مەھمۇد بىننى ئابىد ئەل جەلىل ئەل كاشغەرىي باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئۇنۋان سورىغان. خەلىپە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «نۇرۇد دەۋلە» ئاتىقىنى بەرگەن. بۇ توغرىدا بىز ئۇنىڭ ھىجرىيە 522 ـ يىلى (مىلادىيە 1128 ـ يىلى) ياكى ئۇنىڭدىن بىر ئىككى يىل كېيىن قاراقىتانلار (قاراقىتانلار — غەربىي لياۋ خانلىقى)نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەربكە ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويغانلىقىنى بىلىمىز. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قاراقىتانلار ئېمىل دەريا بويلىرىدا شەھەر قۇرۇپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقا كىرىشتى (جۇۋەينى، III توم، 86 ـ ، 87 ـ بەت). ئەھمەد ھىجرىيە 522 ـ يىلى (مىلادىيە 1128 ـ يىلى) ياكى ھىجرىيە 535 ـ يىلى (مىلادىيە 1140 ـ يىلى) ئەتراپىدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىزباسارى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد (ئىبراھىم II) مەنبەلىرىمىزدە (ئەل قارشىنىڭ مەلۇماتىدا) چوڭ قاغان (ئارسلان بۇغرا قاغان) ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلارنىڭ

خاقانىدۇر. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ غەربىدىكى قارلۇق ۋە قاڭلى قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ھەربىي توقۇنۇشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىمىل دەريا ۋادىسىدىكى قاراقىتانلارنى ياردەمگە چاقىرىدۇ (جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن قاراقىتانلار بالاساغۇنغا كىرىدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ ھۆكۈمدارى گۈرخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۇ دەرياسى بويىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەركىزى (قارا ئوردۇ، قۇز ئوردۇ)نى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بالاساغۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن قاراقىتانلارنىڭ پايتەختى بولىدۇ. گۈرخان ناھايىتى ئاسانلا قولغا كەلگەن سەلتەنەت تەختىگە چىقىدۇ. ئافراسىياپ ئورۇن باسارلىرىدىن خان مەنسىپى (بۈيۈك قاغان)نى ئالغان ئىبراھىمغا «ئىلىگ تۈركمەن» دېگەن مەنسەپنى بېرىدۇ. قاراقىتانلار ئۆزىگە بويسۇنغان ئىلىگ تۈركمەننىڭ پايتەختى بولغان قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ «ئىلىگ تۈركمەن» دېگەن ئەل نامىنىڭ مەنبەلەردە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىشى ئىدى.
شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمى قاراقىتانلارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قارلۇق ئەسكەرلىرى ھىجرىيە 553- يىلى (مىلادىيە 1158- يىلى)دا قاراقىتانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. گۈرخان «ئىلىگ تۈركمەن»نى ئۇلارنى يولغا كىرگۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇ يەردىن كەلگەندىن كېيىن، گۈرخان ئۇنى ماۋارەئۇننەھرگە قايتۇرۇۋېتىدۇ (جۇۋەينى، II جىلد، 15- بەت). ئۇنىڭغا ئەل شەھىد نامى بېرىلگەن بولسىمۇ، قاچان شېھىت بولغانلىقىنى ئېنىقلاش بەكلا قىيىن (ئەل قارشىنىڭ مەلۇماتى).

ئۆزلىرىنى قايتا ئارسلانخان نامى بىلەن ئاتىغان ئىككى تەخت ۋارىسى يەنى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم (مۇھەممەد II) بىلەن يۇسۇپ بىننى مۇھەممەد ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەل قارشى (132- بەت) بۇلارنىڭ ئىككىنچىسى يەنى ئەبۇل مۇزەپپەر يۇسۇپ بىننى مۇھەممەدنىڭ 601- يىلى رەجەپ ئېيى (ھىجرىيە 1205- يىلى 12- ئاينىڭ ئاخىرى، بىرىنچى ئاينىڭ بېشى)دا ۋاپات بولغانلىقىنى ھەم قەشقەردىكى خانلىق

قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

مۇشۇ ئارىدا، ئەبۇل فەتھ مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (مۇھەممەد III) گۈرخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاقلىقتا تۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا قىسقا ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن نايمان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى كۈچلۈك ئەلى ئاخىرقى گۈرخاننى ئەسىر ئېلىپ، مۇھەممەد III نى قەشقەرگە قايتۇرغان. ئەمما، مۇشۇ چاغدا قەشقەردە ئىسلزادىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە بۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاتامان شەرق قاغانىنى شەھەرگە كىرىشىگىلا قەتل قىلغان (ھىجرىيە 607- يىلى، مىلادىيە 1211/1210- يىلى، ئەل قارشى، 132- بەت، جۇۋەينى، 1- جىلد، 48- بەت). بۇ سەۋەبتىن نايمان خانى كۈچلۈك قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، تۇرغۇنلىغان ئىسلزادە ۋە بەگلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن (ئەل قارشى، 133- بەت).

## 7. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى

مۇھەممەد I بىننى ناسىر قۇيدۇرغان مىتال پۇللارغا قارىغاندا، ئۇ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى (ئارسلان قاراخان) بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ پايتەختى بولغان ئۆزكەنتتە تۇرغان.

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بۇخارا ۋە سەمەرقەنت توغرىسىدىكى تارىخىي مەنبەلىرىدە، ئۇنىڭ ئۆز نامىدا مىتال پۇل قۇيدۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. ئۇ دادىسىنىڭ لەقەبى بولغان «مۇئەييەدۇل - ئەدل» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، بۇ لەقەب شەرق قاغانى بولغان ئىنىسى ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ بۇخارادا بېسىلغان پۇللىرىدا ۋە ئوغلى ئارسلان تېكىن ئەبۇل فەزل ئاببباسىنىڭ ئىسفەرە بىلەن ۋاروھ ئوتتۇرىسىدىكى يان بوغازدا تۇرغۇزۇلغان ئابىدىدە (ھىجرىيە 433- يىلى، مىلادىيە 1041- يىلىغا ئائىت) كۆرۈلىدۇ. مۇھەممەد بىننى ناسىر ھەققىدىكى ئەينى چاغدا كېيىنكى مەنبەلەرگە ماتېرىيال بولغان پۇللار ھىجرىيە 444- يىلى (مىلادىيە 1063/1053- يىلى) غا ئائىتتۇر. مىلادىيە 11- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىن ئېتىبارەن قېرىندىشى ئىبراھىم بىننى ناسىر بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن پۇللاردا كۆرۈلىدۇ ۋە

شۇنىڭدىن تارتىپ ئائىلە بويىچە «ئەل مۇئەييەدۇل ئەدل» لەقەبىنى قوللانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھەممەد بىننى ناسىرنىڭ مۇشۇ ئارىدا ۋاپات بولۇپ، ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ بۈيۈك قاغان بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم بىننى ناسىر پەرغانىدە خانلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 211- بەت). ھىجرىيە 458- يىلى (مىلادىيە 1066/1065- يىللىرى)غا ئائىت ئۆزكەنت پۇللىرىدىن مۇھەممەد بىننى ناسىرنىڭ بالىلىرى بولغان ئاbbas بىلەن مۇھەممەدنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆلگەنلىكى ھەم ئىبراھىمنىڭ سۇلالىنىڭ ۋارىسلىقىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئايان بولىدى. ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم I بىننى ناسىر مىلادىيە 1052 — 1068- يىللىرى پايتەختىنى ئۆزكەنتكە يۆتكىمەي سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىدۇ. سەمەرقەنت ئەنە شۇ زاماندىن تارتىپ تاكى خاندانلىقنىڭ ئاخىرىغىچە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولۇپ قالىدۇ. يازما ماتېرىياللاردا كۆپىنچە تاۋغاچ خان نامى بىلەن ئاتالغان ئىبراھىم بىننى ناسىر ئەينى چاغدا ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئافىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دانا ھۆكۈمران ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېتۈك دانىشمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قارارلىرىنى ئۆزى پۈتۈپ چىقاتتى. دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئوغرى - يالغانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان. ئۇ قاسساپلارنىڭ ئىنسابسىزلىق بىلەن باھانى قالايمىقان ئۆستۈرگەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ، بۇ جەھەتتە زور نەتىجە قازانغان...... ۋەھاكازالار. ئىبنۇل ئەسىر ئۇنىڭ ئادالەتنى (ئىسلام فىقھىشۇناسلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ، يېڭى باج تۈرىنى يولغا قويمايتتى) ۋە سۈننىي تەسەۋۋۇپ (بۇ يەردە ئەلەۋىي مەزھىپىدىكى ئەبۇشۇجا بىلەن بولغان ۋەقەنى دېمەكچى، 9- جىلد، 211- بەت)نى ھەمىشە تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. نەتىجىدە ئىبراھىم شەرق قاغانى (بۇغراخان) بولغاندا، ھىجرىيە 436- يىلى (مىلادىيە 1046/1045- يىللىرى) ھىيلە بىلەن ماۋارەئۇننەھردىكى ئىسمائىللارنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتكەنلىكى

مەلۇم (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 358- بەت). لېكىن، بارتولد بۇ ۋەقەنى خاتا هالدا باشقا بىر بۇغراخان (مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ)غا باغلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھۆكۈمدارلار بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بىرگىچە نامەلۇم بولغان بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاغان ئىمام ئوبۇلقاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا (9- جىلد، 211- بەت)، ئىبراھىم ھەسەن مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ (بۇ ھىجرىيە 448/449- يىللىرى يۈز بەرگەن ۋەقە) ئۆلارنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرگەن. دەرۋەقە، چېگرا رايون (شاش، ئىلاك، مىگىلاق، تۈنگاس) بىلەن پەرغانىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا بېسىلغان پۇللار ھىجرىيە 440- يىللاردا مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغرا قاراخان)نىڭ نامى بىلەن قويۇلغان بولسا، ھېچبولمىغاندا 450- يىللاردا (1059/1060- يىللاردىن ئېتىبارەن) ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ نامىغا ئالماشقان. بۇ پۇللار قويۇلغان چاغلاردا يۈسۈپ قادىرخان ئاللىقاچان خوتەننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلام ئېچىپ، خەلىپە ئىنئام قىلغان «مەلىكۇل مەشرىق ۋەددىن» دېگەن ئۇنۋاننى قوللىنىپ بولغان. ئەمما، ئىبراھىم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سالجۇقىيلارنىڭ قانداق قىلىپ كۈچەيگەنلىكىگە شاھىت بولغان. سالجۇق دۆلىتىنىڭ شەرق ھاكىمى ئالىپ ئارسلان ئىبراھىمنىڭ بۆرە تېكىن لەقەبىدە تۇرغان يىللىرىدىن تارتىپ ئۆز قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ھوتتال ۋە ساغانىيانىنى ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قاراخانىيلارنىڭ زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. ئىبراھىم باغدادقا ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتىپ، سالجۇقىيلارنىڭ بۇ ئىشىنى (خەلىپىگە) شىكايەت قىلغان بولسىمۇ، خەلىپە ئۇنىڭغا يېڭى ئۇنۋان ۋە تون بەرگەندىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن، ئىبراھىمنىڭ لەقەبى «ئىمەدۇد دەۋلە ۋە تاجۇل مىللە سەيىق خەلىفەتۇللاھ ئىززەتۇل ئۇممە كەئبۇل مۇسلىمىن»، ئائىلە لەقەبى بولسا «ئەل مۇئەييەدۇل ئەدل» بولدى.

ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پۈتۈن ھاكىمىيەت مەنبەلەردە

شەمسۇلمۇلۇك نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان ئوغلى ناسىر I بىننى ئىبراھىمنىڭ قولىغا ئۆتتى. لېكىن، شۇ ۋاقىتلاردا شاش ۋە تۇنكاسلاردا ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شۇ ئەيس (ياكى شۇ ئەيىب، «تارىخى بۇخارا» شېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسىنىڭ 1- بېتىدە سىفەس، ئىبنۇل ئەسىر 9- جىلد، 213- بەتتە توغانخان ياكى توغان تېكىن دېيىلگەن) تەخت تەمەسىدە يۈرەتتى. ئاخىرىدا بۇخارا ھەم سەمەرقەنتتە ئىبراھىم ئۆلگىچە داۋام قىلغان تەخت تالىشىش كۈرىشى ئاخىر ناسىر شەمسۇلمۇلۇك I نىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى (مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد بىننى سۇلايمان) غەربىي قاراخانىيلار قاغانى ئىبراھىم بىننى ناسىر تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان زېمىنلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلاپ، تۈنجى جەڭ ئىككى تەرەپنىڭ سۈلھىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئىبراھىم I ھىجرىيە 472/460- يىلى (مىلادىيە 1080/1068- يىللار) سالجۇقىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 1072- يىلى كۈزدە ئالىپ ئارسلان 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ماۋارەئۇننەھرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغاچقا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. ناسىر ئۇنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن يوقاتتى. كېيىنچە تىرازنى ئىشغال قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلىخكە قىستاپ كەلدى. ئىككى يىلغا قەدەر داۋاملاشقان ھۇجۇمدىن كېيىن ناسىرنىڭ ئىنىسى (ئەل خىزىر بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) تىرمىزنى مەلىكشاھقا كېسىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى (ئىبنۇل ئەسىر، 10- جىلد، 49-، 50- بەتلەر). مەلىكشاھ ھۇجۇمىنىڭ تىغ ئۇچىنى سەمەرقەنتكە بۇراپ، بۇ شەھەرگە ئاتلاندى. ناسىر مەلىكشاھ بىلەن سۈلھى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە مەشھۇر ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن سۈلھى تۈزۈلدى (ئىبنۇل ئەسىر، 10- جىلد، 63- بەت). سۈلھىدە ناسىر ئالىپ ئارسلاننىڭ قىزى ئائىشەنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغان، تاغىسى ئەيسانىڭ قىزى ئەل جالالىيەنى سۇلتان مەلىكشاھقا بېرىدىغان بولدى.

ناسىر ياساتقان بىنالىرى بىلەن مەشھۇر. ئۇ بىنا قىلدۇرغان

ئىمارەتلەرنىڭ بىرى بۇخارا ئەتراپىدىكى فەرجەگدە، يەنە بىرى خوجەند ئارىسىدىكى ئاقكۆتەلدە بولۇپ، بۇ ئىككى بىنا شۇ دەۋردە «رەباتى مۈلۈك» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. شەمسۇلمۇلۇك ياخشى ۋە ئادىل ھۆكۈمران بولغاچقا، دادىسىغا ئوخشاش ئۆلىمالارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان (بۇخارادا ئىمام ئىسمائىل بىننى ئابىغا سىرئەل ساقفار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ناسىرنىڭ باشقىچە لەقەبى «ئەسىرۇل ھەقىق ۋە دىن» ۋە «مەلىكۇل مەشرىق ۋە دىن» ئىدى.

ناسىرنىڭ تەختىگە ئىنىسى ئەبۇشۇجا ئەل خىزىر ھىجرىيە 473/472 - يىللىرى (مىلادىيە 1081/1080 - يىللىرى) ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مەلۇمات يوق، پەقەت نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندىنىڭ «چاھار ماقالە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى ئەقىللىك ۋە ئادىل بىر ھۆكۈمدار، شائىرلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ شائىرلار مەجلىسىگە مۈلكۈل شۇئەرا، ئەمىر ئەمەك بۇخارى بىلەن نەجى فەرغانى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ راشىد سەمەرقەندىلەر داخىل ئىدى. نىزامى ئەرۇزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەل خىزىرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن غەربىي قاراخانىيلاردا سالجۇقىيلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ماھىر قاغانلار قالمىغان. ئەھمەد بىننى ئەل خىزىر ھىجرىيە 473 — 483/482 - يىللىرى (مىلادىيە 1081/1080 — 1089 - يىللىرى) كىچىك ۋاقتىدىلا خانلىق تەختىگە چىققان، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا يىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلگەن (ئۇ قازىيۇل قۇززات ئەھمەد بىننى سۇلايمان ئەل كاسانىنى ئۆلتۈرگەن). ئاخىر ئۆلىمالار ئۇزىنى مەلىكشاھنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز قاغانىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ياردەم تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەلىكشاھ مىلادىيە 1089 - يىلى (ھىجرىيە 481 - يىلى) بۇخارانى بېسىۋالغان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھاسىرىدىن كېيىن سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزكەنتكە يېتىپ كەلگەن ھەم ئەھمەدنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئىسپاھانغا پالىۋەتكەن.

سەمەرقەنتنىڭ ۋالىيلىقىغا مەلىكشاھنىڭ قول ئاستىدىكى ئەل ئامىر ئەبۇ تاھىر ئامىد سەمەرقەندىنى تەيىنلىگەن (ئىبنۇل ئەسىر، 10 - جىلد، 113 - بەت). بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار

قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەشكىل قىلغان چىگىللارنىڭ قوماندانى
ئەينۇددەۋلە سالجۇقىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋالىينى خارەزىمگە
قوغلىۋەتكەن، شۇنداقلا ئاتابېشى ھاكىمى ياقۇپ بىننى سۇلايماننى
سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. ياقۇپ ئىشنى ئاۋۋال
ئەينۇددەۋلەنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن چىگىل
ئەسكەرلىرى نىيىتىدىن يانغان. مەلىكشاھ قايتىدىن بۇخاراغا كەلگەندە،
ياقۇپ پەرغانىدىن ئاتابېشىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە
مەلىكشاھ ئىككىنچى قېتىم سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغان. بۇ قېتىم بۇ
شەھەرنىڭ ۋالىيلىقىغا شۇ زامانلارغىچە ئانچە مەلۇم بولماي كەلگەن
ئاتىسزنى تەيىنلىگەن. مەلىكشاھ بۇ يەردىكى ئىشنى تۈگەتكەندىن
كېيىن ئۆزكەنتكە كېلىپ، ئارقىدىنلا خۇراسانغا قايتىپ كەتكەن.
مەلىكشاھ بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئەھمەدنىڭ دۆلىتىگە قايتىشىغا
قوشۇلۇپ، ئۆزىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە
قىلىشىغا يول قويغان. ئەھمەد ئىراندا تۇرغان ۋاقتىدا زىندىك (باتىنى)
دېيىلىدىغانلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلىمالار
ئۇنى زىندىك (باتىنى) بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ ئەيىبلەپ راست-
بالغىنىنى سۈرۈشتە قىلمايلا ئۇنى تۇتۇپ، ھىجرىيە 488- يىلى
جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 18- كۈنى (مىلادىيە 1095- يىلى 6- ئاينىڭ 26-
كۈنى)دە ئۇچۇق - ئاشكارا سوراقتىن كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.
بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ شەھەر خەلقى ئارىسىدا زور شۆھرەت
قازىنالمىغان. شۇڭا، خەلق مۆتىۋەرلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قارشىلىقىنى
قوزغىغان. جىبرائىل بىننى ئۆمەر (شەرقىي قاراخانىيلار نەسلىدىن)
بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئىسيانچىلار ئەھمەدنىڭ «ئارسلان ئىلىگ»
نامى بىلەن ئاتالغان تاغىسىنىڭ ئوغلى مەسئۇدI بىننى مۇھەممەد
(ئىبنىۇل ئەسىر، 9- جىلد، 166- بەت)نى تەختكە چىقارغان.
ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى ھەققىدە قولىمىزدا ھېچقانداق مەلۇمات
يوق. «مەجمەئۇل فۇسۇھا» (2- جىلد، 262- ، 267- بەت)دا پەقەت
شائىر ئىسھابىددىن ئەھمەدنىڭ ئۇنىڭ مەدھىيەسىگە بېغىشلىغان
بىرقانچە قەسىدىسى بار بولۇپ، مەسئۇد بۇ قەسىدىدە «رۇكنىددىن

قىلىچ تاۋغاچ خان» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مىرا مۇھەممەد قەزۋىنى «چاھار ماقالە» نىڭ ئىلاۋەسى (155 ـ بەت) دە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ھىجرىيە 488 — 494 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1095 — 1101 ـ يىللىرى) دەپ يازغان بولسا، چ. شېفېر (ch. schefer) 494/492 ـ يىللىرى ئارىسىدا دەپ قارايدۇ. ئەمما، مەسئۇد I بىننى مۇھەممەد ھېچبولمىسا مىلادىيە 1097 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۆلمىگەن، چۈنكى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، بۇ يىللاردا ماۋارەئۈننەھر بەركىيارۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن ۋە مەسئۇدنىڭ ئورنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كىشى تەخت ۋارىسى قىلىنىپ قاغانلىق تەختىگە چىقىرىلغان (بۇندارى ـ ھوتسما، 258 ـ بەت قىۋامىددىن بورسلانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى، 235 ـ بەت). مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ھىجرىيە 488 — 490 ـ يىلى (مىلادىيە 1095 — 1097 ـ يىلى) دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەركىيارۇق تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان تۇنجى قاغان مەسئۇدنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان سۇلايمان بىننى داۋۇت (ھىجرىيە 490 ـ يىلى، مىلادىيە 1093 ـ يىلى) ئىدى. بىراق، ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان. ئۇ مەلىكشاھنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان بولۇپ، تەختكە چىقىرىلغانىغا قەدەر سالجۇقىيلارنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان. مەنبەلەردە بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىغا نەزەر سېلىنسا (ئىبنۇل ئەسىر، ئەل كامىل، 9 ـ جىلد، 121 ـ، 147 ـ بەتلەر)، ئۇنىڭ بىر مەزگىل شەرقنىڭمۇ قاغانى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مىتال پۇللار بار بولۇپ (ئەپسۇس يىل دەۋرى ئۆچۈپ كەتكەن)، بۇ پۇللاردا سۇلايمان قادىر تاۋغاچ بۇغرا قاغان نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان (ماركوف: «كاتالوگ»، 851 ـ بەت).

تەختكە چىقىرىلغان ئىككىنچى كىشى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد I (ھىجرىيە 492/490 ـ يىلى، مىلادىيە 1099/1097 ـ يىللىرى) بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا تايىنىمىز (9 ـ جىلد، 213 ـ بەت)، يەنى ئىبنۇل ئەسىر ئۇ توغرۇلۇق توختىلىپ: «ئۇنىڭ چوڭ دادىسى شۇلارنىڭ (قاراخانىيلارنىڭ)

ھۆكۈمدارلىرىدىن بولۇپ، گاچا ئىدى» دەپ يازغان. بارتولد مۇھەممەدنىڭ ئۆزى گاچا ئىدى دەپ قارايدۇ (بارتولد «تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 4- بۆلۈم، 318- بەت). بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىبنۇل ئەسىر قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىق بايان قىلىشنى ئويلىغان ھەم ئۆزىنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت مۇھىم مەنبە بولۇپ كەلگەن ئەل ئۇتبى (مانىنى، Manini نەشرى، 1- جىلد، 227- بەت) ھۆكۈمدارلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۈيۈك قاغان (ئارسلانخان) مەنسۇر بىننى ئەلى (ھىجرىيە 415- يىلى، مىلادىيە 1024/1025- يىللىرى ۋاپات بولغان)نىڭ گاچا ئىكەنلىكىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەگەر بىزنىڭ پەرىزىمىز توغرا بولىدىغان بولسا، مەنسۇر بىننى ئەلى مۇھەممەد بىننى خۇلانىنىڭ چوڭ دادىسى ئىمەستەك قىلىدۇ. ھىجرىيە 490- يىلى (مىلادىيە 1096/1097- يىللىرى) دا بۇخارادا قۇيدۇرۇلغان پۇللار خىرونولوگىيە (خىرونولوگىيە — ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقىتلىرىنى ئىزچىل تۈردە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىدىغان رويخەت) ئىلمى ئۈچۈن بىردىنبىر تايىنىدىغان مەلۇماتتۇر.

بەركىيارۇق تەختكە چىقارغان ئۈچىنچى ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى بۇندارى ھارۇن دەپ قەيت قىلىنىدۇ. شەرقىي قاراخانىيلارمۇ ھارۇن ئىسمىنى ئەسلىي بويىچە قوللانغانلىقىغا قارىغاندا، بۇنىڭ جىبرائىل بىننى ئۆمەر بىلەن بىر كىشى ئىمەسلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ھارۇن جەڭ ئارقىلىق مەھمۇدنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى قولغا كىرگۈزگەن (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 213- بەت) بۇ ۋەقە ھىجرىيە 491- يىلى (مىلادىيە 1099- يىلى) دا بولغان ئىمەس. جىبرائىلنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى سەمەرقەنت شەھرىدە ۋالىيلىقنى ئۆتەپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا، خۇراسانغا مېڭىشتىن بىرئاز ئىلگىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق. جىبرائىل (بۇخارادا بېسىلغان تىرازدىن تېپىلغان بىر مېتال پۇلدا نامى مەلۇم بولماقتا) شەرقىي قاراخانىيلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تىراز ھاكىمى سۈپىتى بىلەن شەرقتىكى دۆلەتنىڭ قاغانى بولغان. ئۇ تۇغرۇل بىننى ئىنال بىلەن بىر كىشى بولماسلىقى مۇمكىن (يەنە بىر ماقالىدە

يەنى شىفىر نەشرگە تەييارلىغان «بۇخارا تارىخى» نىڭ 12 - بېتىدە تۇغرۇل بەگنىڭ ئىسمى ھەمدە ئەرتېكىن دېگەن لەقەبى قەيت قىلىنغان). بۇ شەخس تارىخي ماتېرىياللاردا تۇغانخان ۋە قادىرخان نامى بىلەن كۆرۈلىدۇ. ئۇ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا (سەمەرقەنتتە ئۆزىگە نائىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەلۋىيلەردىن بولغان ئەبۇل مەئەھ مۇھەممەد بىننى زەيرۇل ئەلەۋىي ئەل باغدادىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان، ئىبنۇل ئەسىر، 9 - جىلد، 213 - بەت) مەلىكشاھ ئوغۇللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ خۇراسانىنى بېسىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا خۇراسان ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەنجەرنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدىن بىرى ياردەمچى (كۈنتۇغدى) بولغان. بىراق، تىرمىزنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا سەنجەر غالىب كېلىپ، جىبرائىلنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن (ھىجرىيە 495 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مىلادىيە 1102 - يىلى 22 - مايدا قەتل قىلىنغان). شۇنداق قىلىپ، ماۋارەئۇننەھر سۇلتان سەنجەرگە ئوگچىلا قېپقالغان. سەنجەر مەرۋىدە تۇغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قېشىدا چوڭ بولغان جىيەنى مۇھەممەدII بىننى سۇلايمان (ھىجرىيە 495 — 524 - يىللىرى، مىلادىيە 1102 — 1130 - يىللىرى) نى بۈيۈك قاغان ئۇنۋانى (ئارسلانخان) بىلەن سەمەرقەنتتە غەربىي قاراخانىيلار تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. ئۇنىڭ تارقاتقان بەزى پۇللىرىدا باشقا دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ نامى (بۇ يەردە سۇلتان سەنجەرنى دېمەكچى) تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. مۇھەممەد يەنە تاۋغاچخان ئۇنۋانى بىلەنمۇ مەشھۇر بولۇپ، لەقەبى «ئالالۇد دەۋلە» ئىدى. شەرق قاغانى سەنجەرنىڭ بۇخارادىكى ۋالىيسى مۇھەممەد بىننى شۇئەييب بولۇپ، ھىجرىيە 513 - يىلى (مىلادىيە 1119 - يىلى) دىن ئىلگىرى ۋاپات بولمىغان. چۈنكى، بۇ يىلدىن باشلاپ بۇخارادا بۈيۈك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى سۈپىتىدە ئۇز نامى ئەمەس، بەلكى يەنىلا بۈيۈك قاغان مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. (مۇھەممەد) بۇ چاغدا سەنجەرنىڭ تۇغقىنى (ئايالىنىڭ ئىنىسى ياكى قېيىنئاغىسى)، مەرتىۋىلىك ئابدۇل ئەزىزI بىننى ھازا بىلەن ئۈچەكىشىپ

قالغان بۇ زات، سىياسىي جەھەتتىن خەتەرلىك شەخس بولۇپلا قالماي، شۇ دەۋردە مەرۋىدە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىمام ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئەل سەنجەرنىڭ ئورنىغا ئۆزى «ئەل سەدىر» ئۇنۋانىنى بېرىپ بۇخارا ھەنەفىلىرىنىڭ باشلىقى بولدى (پىرىتساك «ئەل بۇرخان»). بۇنىڭ بىلەن ماۋارەئۇننەھردە قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچىدە يەنە بىر دۆلەت مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەنجەرنىڭ ھەر ئىككى ھامىيسىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىم مۇستەقىل بىر ئامىل سۈپىتىدە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ئۆلىمالار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك جەڭگى - جېدەلگە خاتىمە بەرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ خۇشاللىق پەيدا بولا - بولمايلا خانلىقتا ھېچقاچان مۇھىم رول ئويناپ باقمىغان شەخس ئۆمەرخان مۇھەممەد بىننى سۇلايماننى سەمەرقەنتتىن قوغلىۋەتكەن. ئەمما، ئۆمەرمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ خارەزىمگە كەتكەن ۋە ئاخىر شۇ يەردە سەنجەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن (ئىبنۇل ئەسىرمۇ ساغۇن بەگ نامى بىلەن تىلغا ئالغان باشقا بىر تەخت دەۋاگىرى بىلەن بولغان جەڭ تېخىمۇ مۇشكۇل لغان) (بارتولد: «تۈركىستان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى). «ساغۇن ن» نىڭ «ساغىر بەگ» شەكلىدە ئوقۇلۇشى مەنبە جەھەتتىكى القىتىن كېلىپ چىققان. بۇ كىشى دەل ھەسەن بىننى ئەلى بولۇپ، لى تېكىن ۋارىسلىرى شېخىغا تەۋە ئىدى (يۇقىرىقى ئەسەر). ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ سەككىز يىل داۋام قىلدى. مۇھەممەد بىننى سۇلايمان بىرقانچە قېتىم سەنجەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان. لېكىن، سەنجەر ئاۋۋال ھەسەن بىننى ئەلىگە مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ شەرق قاغانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان. ئەمما، ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ھىجرىيە 503- يىلى (مىلادىيە 1109- يىلى) دا سەنجەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەسەن بىننى ئەلىنى مەغلۇپ قىلغان (ئىبنۇل ئەسىر، 10- جىلد، 241-، 252-، 548- بەتلەر). سەنجەرنىڭ يازغان بىر پارچە مەكتۇپىغا قارىغاندا، ھەسەن بىننى ئەلى مەرۋىدە ئۆلتۈرۈلگەن (بارتولد: «ئىنشا»، 25-

بەت، ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 55- بەت). بۇندارى (ھوتسما Hutsma نەشرگە تەييارلىغان، II جىلد، 264- بەت، تەرجىمە نۇسخىسى، 239- بەت)نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد بىننى سۇلايمان (بۇندارى خاتا ھالدا ئەھمەد دەپ خاتىرىلىۋالغان) مەملۇكلاردىن 12 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، كۇپپار تۈركلەرگە قارشى پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. ئەل قارشى ئۇنى ئەل غازى دەپ تەرىپلىگەن (بارتولد: «تۈركىستان»، 132- بەت). مۇھەممەد مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان (مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بۇخارانىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار)؛ مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پالەچ بولۇپ قالغاچقا، ناسىر II (ئىبنۇل ئەسىر، 9- جىلد، 54- بەت)نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن دەسلەپ ئەھمەد II نى ئۆزىگە ياردەمچى قىلغان. كېيىنچە، سەنجەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. شۇڭا، سەنجەر سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى قولىغا ئالغان ھەم مۇھەممەدنى تۇتقان. مۇھەممەد ھىجرىيە 526- يىلى7- ئايدا (مىلادىيە 1132- يىلى 5- ئايدا) ۋاپات بولغان. سەنجەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي كەلگەن ئەھمەد II بىننى مۇھەممەدنىڭ ھېچقانداق بىر سەۋەبسىزلا ھىجرىيە 526- يىلى (مىلادىيە 1132- يىلى) غىچە سەنجەر ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكى مەلۇم (ئىبنۇل ئەسىر، 10- جىلد، 480- بەت). ئۇ توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇنى «ساھىبۇل ماۋارە- ئۇننەھر ئەھمەدخان» دەپ تەرىپلەيدۇ. ھازىر تېپىلىۋاتقان مېتال پۇللاردا قادىرخان ئۇنۋانىنى قوللانغان (ماركوف: «كاتالوگ»، 275- بەت).

شۇنىڭدىن كېيىن سەنجەر مەرۋىدە ئەسىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەل ھەسەن بىننى ئەلىنى سەمەرقەنتكە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. مەنبەلەردە بۇ كىشى ھەسەن تېكىن نامى بىلەن قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىدىكى ساغۇن بەگ دېگەن ئادەم بىلەن بىر شەخس ئىكەنلىكى، راشىددىن ۋەتۋەتۇل ئەل ھەسەن كۆك ساغۇن ئىسمى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم (ئا. ئاتەش: «سىندىبازنامە»

65_ بەت). كۆك ساغۇن ئۇنۋانىنى ئوغلى ئەلىمۇ قوللانغان. «سىندىبازنامە» (ئا. ئاتەش نەشرگە تەييارلىغان، 8_ بەت)دە ئەل ھەسەن قىلىچ قاراخان ئۇنۋانى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، لەقەبى «جەلالۇددۇنيا ۋە دىن» (سەمەرقەندى: «ئارزىئول سياسە»، ئاياسوفىيە كىتابخانىسى، 2841_ بەت) ئىدى. سالجۇقىيلاردىن كەلگەن «ئەل _ دۇنيا» بىلەن «ئەل _ دىن» ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى لەقەب شەكلى قاراخانىيلاردا تۇنجى قېتىم ھىجرىيە 474_ يىلى (مىلادىيە 1082/1081 _ يىللىرى)غا ئائىت مىتال پۇللاردا كۆرۈلىدۇ.

ئەبۇل مەئالى ئەل ھەسەن بىننى ئەلى (ھىجرىيە 526/524_ يىللىرى، مىلادىيە 1132/1131_ يىللىرى) سۇلالىنىڭ باشقا نەسەبىگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، ئىبنۇل ئەسىر پەقەت ئىككى جەمەتنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلغان، يەنى ئۇ ئىككى جەمەت دەل دادىسى ئەلى بىلەن چوڭ دادىسى ئابدۇل مۇئمىندىن ئىبارەت ئىدى. خوۋورس (Howorth) («ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1898_ يىلى، 496_ بەت) مۇ «تارىخي ئافى»دىكى بىر مەنبەگە ئاساسلىنىپ، بۇ نەسەبنىڭ ئەلى تېكىندىن كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بۇ خىل قارىشى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. ئىلگىرى بايان قىلغاندەك پەرغانە بىلەن ئۇنەييەن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن ئابدۇل مۇئمىننىڭ دادىسى ماۋارەئۇننەھرنى قولغا كىرگۈزۈش ھېسابىغا ئەلى تېكىندىن پەرغانىنى تەلەپ قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئەل ھەسەن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلگەچكە (مىلادىيە 1132_ يىلى)، سەنجەر مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ قېرىندىشى (ئىنىسى) ئەبۇل مۇزەففەر ئىبراھىم بىننى سۇلايمان (لەقەبى «رۇكنۇد دەۋلە ۋەلىددىن بۇرھانۇل ئىسلام ۋەلمۇئمىن»)نى بۇيوك قاغانلىققا تەيىنلىگەن. بۇ چاغدا مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئۆلۈمىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى (بارتولد: كىرىش/ ئىنشا، 24_ بەت). ئىبراھىم بىننى سۇلايمان ھەققىدە بىز پەقەت ئۇنىڭ سەنجەر سارىيىدا تەربىيە كۆرگەنلىكى ۋە تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز (بارتولد: كىرىش/ئىنشا، 241_ بەت). بۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئۈچىنچى

ئوغلى مۇھەممەد II بىننى مۇھەممەد (ھىجرىيە 526 ـ يىلىدىن 536 ـ يىلىغىچە، مىلادىيە 1132 ـ يىلىدىن 1141 ـ يىلىغىچە) ئۇلۇغ قاغان بولغان. سەنجەرنىڭ جىيەنى بولغان بۇ ھۆكۈمدار سەنجەرگە تامامەن بويسۇناتتى (ماركوف: «كاتالوگ»، 277 ـ بەت). ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىمۇ سالجۇقىيلارغا باغلىغان. قاراقىتانلارنىڭ ئىستېلاسى دەل مۇشۇ ھۆكۈمدار دەۋرىدە يۈز بەرگەن. ھىجرىيە 530 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 1136 ـ يىلى) رامىزان ئېيىدا ئۇلار بىلەن خوجەند يېنىدا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن، ئۇ جەڭدىن باش تارتىپ سەمەرقەنتكە قاچقان (ئىبنۇل ئەسىر، 11 ـ جىلد، 56 ـ بەت). بىرئازدىن كېيىن مەھمۇد بىلەن قارلۇقلار ئارىسىدا يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن سىياسىي كۆچ قاراقىتانلارنىڭ گۆرخانىغا باش ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى قەتىۋان (كاتىۋانمۇ دېيىلىدۇ) يايلىقىدا ئۇلۇغ سالجۇقىيلار بىلەن قاراقىتانلار ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر بولغان قەتىۋان ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. ھىجرىيە 536 ـ يىلى (مىلادىيە 1141 ـ يىلى) مۇسۇلمانلار 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، نەتىجىدە سۇلتان سەنجەر ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى تىرمىزدىن خوراسانغا قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ (ئىبنۇل ئەسىر، 1 ـ جىلد، 157 ـ بەت). شۇنىڭ بىلەن دەھشەت سېلىپ كەلگەن قاراقىتانلار پۈتكۈل ماۋارەئۈننەھرنى ئىشغال قىلىدۇ. غەربىي قاراخانىيلار قاراقىتانلارغا قارام بولىدۇ، لېكىن قاراقىتانلار ئۇلارغا ھېچقانداق قانۇن ۋە ياساق بەلگىلەپ بەرمەيدۇ.

مەھمۇدنىڭ بىر ئىنىسى تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنىۋانى بىلەن شەرق قاغانى بولغانلىقى مەلۇم. ئىبراھىم III بىننى مۇھەممەد ئەمدىلىكتە قاراقىتانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قاغان بولدى. ئۇ ھىجرىيە 536 ـ يىلىدىن 551 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1141 ـ يىلىدىن 1156 ـ يىلىغىچە) تەختتە ئولتۇرغان، دەسلەپكى يىلى يەنى مىلادىيە 1141 ـ يىلى ئالىپ تېكىن ئاتلىق بىرى بۇخارا ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنىدى («تارىخى بۇخارا»، شېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 23 ـ بەت، «چاھار ماقالە»، 22 ـ بەت). ئەمما، گۆرخانلار بۇخارادىكى قوشۇن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بورخان ئائىلىسىدىكى «ھەنەفى سادىر»لارغا ئېلىپ بەردى.

ئىبراھىم III مۇ قارلۇقلار بىلەن زىتلىشىپ قالغاچقا، كاللاباز (بۇخارا ئەتراپىدا) جىڭدە ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىتى يايلاققا تاشلىۋېتىلدى. بۇ ھىجرىيە 551- يىلى (مىلادىيە 1156- يىلى) بولغان ئىش ئىدى (ئىبنۇل ئەسىر، 11- جىلد، ئەل قارشى، بارتولد، 132- بەت؛ «سەمەرقەنت»، بارتولد، 72- بەت). مەھمۇد بىننى مۇھەممەد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە خۇراساندا تۇرۇپ قالغان. ئۇ بىرىنچى قېتىم (مىلادىيە 1153 — 1156- يىلىغىچە) سەنجەر ئوغۇز ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، غەربىي قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا سايلانغان. بۇ تاللاش سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان مۇھەممەد بىننى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد مەلىكشاھ تەرىپىدىن تەستىقلانغان (بوندارى، ھوتسما ‹Hutsma›، 82- بەت). مەھمۇد ناھايىتى تەدبىرلىك بۈيۈك قاغان بولۇپ، نىشاپۇردا يەرلىشىپ قالغان سەنجەر قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان. ئوغلى مۇھەممەد بىننى مەھمۇد ماۋارەئۇننەھردە ئۇنىڭغا شېرىك بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن (ماركوف: «كاتالوگ»، 277- بەت). 1159- يىلى بەلىخ رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوغۇزلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتامان بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندا (سۇلتان سەنجەرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن)، ئوغلى مۇھەممەدنى ئۇلارغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتكەن. ئوغۇزلارنىڭ يېگى ھاكىمى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەن. بۇ خەۋپ ئوغۇزلارغا بويۇنتاۋلۇق قىلغان سالجۇقىيلارغا تەۋە ئىل ئارسلان بىننى ئاتسىز (خارەزىم شاھ) ۋە توپىلاڭ كۆتۈرگەن بىر قىسىم ئوغۇزلاردىن كەلگەنىدى. ئۇ يەنە سەنجەرنىڭ كونا قوماندانى بولغان نىشاپۇر ۋالىيسى مۇئەييەدۇد دەۋلە ئاي جاھاننىڭ خۇراساننى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە مەھمۇد بىلەن ئوغلى مۇھەممەد ئاتسىزغا ئەسىرگە چۈشۈپ، كۆزىگە مىخ قېقىپ تۇرمىگە تاشلانغان. كېيىنكى يىلى ئاۋۋال دادىسى، كېيىن ئوغلى تۇرمىدە ئۆلگەن.

مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجەند ھاكىمى (ئەمىرى) ئىدى. ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ زات «كامالىددىن» لەقىبىنى قوللانغان.

ھىجرىيە 547- يىلى (مىلادىيە 1152- يىلى) خارەزىم شاھ ئاتسىز بىلەن بىرلىكتە كۆپچار قىپچاقلارغا قارشى يۈرۈشكە چىققان، كېيىنچە ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن (مىرزا مۇھەممەد: «تارىخىي جاھانكۇشاي» 2- جىلد، 10- بەت). مەھمۇد بىننى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى يوقىلىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي ئەلى تېكىن ئائىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ھەسەن تېكىننىڭ ئوغلى ئەلى بىننى ئەل ھەسەن (مەنبەلەردە ئومۇمەن قەدىمكى كۆك ساغۇن ۋە چاغرى خان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان) ئىبراھىم III بىننى مۇھەممەدنىڭ ۋارىسى بولغان. قارلۇقلارنىڭ ماۋارەئۇننەھردىن «ئاخىر» قوغلىنىشى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇشۇ خان دەۋرىدە (ھىجرىيە 551 — 556- يىللىرىچە، مىلادىيە 1156 — 1160- يىللىرىچە) يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. ئىبراھىم III نىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇ قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانى يابغۇخاننى ئۆلتۈرگەن ۋە لاچىن بەگ دەپ ئاتالغان ئوغۇللىرىنى قوغلاپ تۇتقان. كېيىنچە گۆرخاننىڭ تەلىپى بويىچە قارلۇقلارنى ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى ئەسكەرلىكتىن قالدۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار بىلەن قارلۇقلا ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۈرەشلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىشكە باشلىغان. بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا مەنبەلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى خىل رىۋايەت بار (ئىبنۇل ئەسىر، جۇۋەينى). مەيلى نېمە بولمىسۇن خارەزىم شاھ ئەلى ئارسلان قارلۇقلار تەرەپتە تۇرغان، نەتىجىدە بۇخارا ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا (ھىجرىيە 553- يىلى، مىلادىيە 1158- يىلى) ئەلى غەلىبە قىلغان. گۆرخاننىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم II بىننى ئەھمەدمۇ ھەمدەمگە كەلگەن. ئەلىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا بۇخارا سەردارى مۇھەممەد I بىننى ئۆمەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ھىيلە - مىكىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان («ئەلى بۆرخان»). ئەھمەد ئاتەشنىڭ «سىندىبازنامە» (64- بەت)دىكى مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارساق، ئەلى ھىجرىيە 556- يىلى (مىلادىيە 1160- يىلى) ۋاپات

بولغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەبۇل مۇزەففەر مەسئۇد II بىننى ئەلى ئەل ھەسەن (بارتولد: «تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 336 ـ بېتىدە خاتا ھالدا مەسئۇدII بىننى دەپ خاتىرىلەنگەن) تەختكە چىققان، لەقەبى «رۇكنۇد دۇنيا ۋەلددىن» بولۇپ، ئومۇمەن قىلىچ تاۋغاچ خان نامى بىلەن مەشھۇردۇر. تەختكە چىققان ۋاقىت توغرىسىدا «سىندىبازنامە» ناملىق ئەسەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ تەختكە چىققاندا دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، مەسئۇد II قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بەرگەن. كېيىن ئىبراھىم IIنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن نەقشاب، كىش، ساغانىيان ۋە تىرمىز قاتارلىق جايلاردا قارلۇقلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئوغۇزلار بىلەنمۇ ئۇرۇشقان. مەسئۇد II يەنە بىناكارلىق ئىشلىرى، سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن ھامىيلىقى بىلەن مەشھۇردۇر (شېفېر نەشرگە تەييارلىغان: «بۇخارا تارىخى»، 23 ـ، 34 ـ بەت). ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇھەممەد بىننى ئەل سوزانى ئەل سەمەرقەندى ۋە مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل زاھىدى ئەل ـ كاتىب ئەل سەمەرقەندى («سىندىبازنامە» ۋە «ئارزىئۇل سىياسەفى ـ ارزۇل رىياسە» ناملىق ئەسەرى بىلەن مەشھۇردۇر) قاتارلىقلاردۇر. ئەل زاھىدى مەسئۇدIIگە تەقدىم قىلغان «سىندىبازنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھۆكۈمران ئۈچۈن «ئالىپ قۇتلۇق تونگا بىلگە قىلىچ تاۋغاچ قاغان» دېگەن ئۇنۋانىنى قوللانغان.

مەسئۇدII نىڭ شەرق ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى مۇھەممەدII بىننى مەسئۇد «رۇكنۇد دۇنيا ۋەلددىن» ۋە «غىياسۇد دۇنيا ۋەلددىن» لەقەبىنى قوللانغان. ئەمما، ئۇ دادىسىدىن بۇرۇنلا يەنى ھىجرىيە 569 ـ يىلى (مىلادىيە 1174/1173 ـ يىلى) ۋاپات بولغان (ئەل قارشى، بارتولد: «تۈركىستان»، 138 ـ بەت).

مەسئۇد ھىجرىيە 574 ـ يىلى (مىلادىيە 1178 ـ يىلى)دا ئۆلگەن ـ چۈنكى، مۇھەممەد بىننى زۇھار ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «تارىخى بۇخارا» نىڭ يېگى نۇسخىسىدا (شېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 33 ـ بەت) بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇ يىلى

(1178- يىلى) سەمەرقەنت تەخت ۋارىسى ئىبراھىم بىننى ئەل ھەسەننىڭ پۇللىرى تارقىلىشقا باشلىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىبراھىم IV بىننى ئەل ھۇسەيىننىڭ نەسەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغاندى (بارتولد: «تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 353- بەت)، ئەمما ئەل قارشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن، ئۇنىڭ ئەلى بىننى ئەل ھەسەن بىلەن مەسئۇد II ئەل ھەسەننىڭ ئىنىسى پەرغانە ھاكىمى ئەل ھۇسەيىن بىننى ئەل ھەسەننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان (بارتولد: «تۈركىستان»، 132- بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا، ئىبراھىم IV نىڭ ئەجدادى مەسئۇد II بىننى ئەل ھەسەننىڭ جىيەنى بولۇپ، پۇللاردا قىلىچ تاۋغاچ ئۇنۋانى بىلەن بىرگە بۈيۈك قاغان ئۇنۋانى، ئارسلانخان ياكى كۈچ ئارسلانخان ئۇنۋانىمۇ قوللىنىلغان (ماركوف: «كاتالوگ»، 287- بەت)، ئۇنىڭ ئاساسلىق لەقەبى «نۇسرەتۇد دۇنيا ۋەلددىن» ئىدى. ئىمام مەجرۇددىن مۇھەممەد بىننى ئەدنان ئەل سۇرفاكتى «تارىخى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنى مۇشۇ ئىبراھىم IV گە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەردىن بىزگىچە پەقەت مۇھەممەد ئافى (مەجرۇددىننىڭ جىيەنلىرىدىن بىرى)نىڭ «جەمئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسىرىدە «قاراخان» ئۇنۋانىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز (نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى: «چاھار ماقالە»، 185- بەت، «لۇبابۇل ـ ئەلباب»، I جىلد، 179- بەت، II جىلد، 378- بەت). ئىبراھىم IV ھىجرىيە 600- يىلى (مىلادىيە 1204/1203- يىللىرى) ۋاپات بولغان. بۇ يىلغا مۇناسىۋەتلىك بۇخارادا بېسىلغان پۇللار بار (ماركوف: «كاتالوگ»، 925- بەت)، ھىجرىيە 601- يىلى 2- ئاي (مىلادىيە 1204- يىلى 10-، 11- ئايلار)دا ئوغلى ئوسماننىڭ بۈيۈك قاغان سۈپىتى بىلەن ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى بىلىمىز (ئىبنۇل ئەسىر، 12- جىلد، 122- بەت؛ جۇۋەينى، 2- جىلد، 76- بەت).

ئوسمان I نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (ھىجرىيە 600-، 607- يىللار، مىلادىيە 1204/1203 — 1212- يىللار) خارەزم شاھ مۇھەممەد بىننى تەكەشنىڭ بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆز ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش

ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن قاراقىتانلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىپ، بۇ يەرگە غوجا بولۇش نىيىتىدە بولۇۋاتقان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئوسمان ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇستا بىر دىپلومات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى، يەنى شۇ چاغدا قاراقىتانلارغا ھامىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ قاراقىتانلارغا قارشى ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمان گۈرخانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان (ئىبنۇل ئەسىر). ئوسمان گۈرخاننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، گۈرخان قوشۇلمىغان. كەمسىتىشكە ئۇچرىغان ئوسمان خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىلەن بىرلىشىپ، ھىجرىيە 604- يىلى (مىلادىيە 1207- يىلى) بۇخارانى ئىشغال قىلغان. لېكىن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئوسمان خارەزىم شاھ بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر بولماي قالغان. ئۇ «بورتانا» دېگەن لەقەم بىلەن خارەزىم شاھنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالغان. گۈرخان ئوسماننىڭ يۈزسىزلىكىنى پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلىپ، ھىجرىيە 606- يىلى ئوسمان تەلەپ قىلغان ھېلىقى قىزىنى ئۇنىڭغا ساتلىق قىلغان (ھىجرىيە 605- يىلى، مىلادىيە 1209/1208- يىللىرى)، سەمەرقەنتتە قۇيدۇرغان پۇللىرىغا ئوسماننىڭ «سۇلتانۇل ئەزەم ئۇلۇغ سۇلتانۇل سەلاتىن» دېگەن ئۇنۋانى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، خارەزىم شاھنىڭ قىزى خان مەلىك بىلەن توي قىلىدۇ ۋە خارەزىمنىڭ ئادىتى بويىچە، خارەزىمدە بىر يىل تۇرۇپ قالىدۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئوسمان ئىلگىرى دەپ ئۆتكەندەك خېلى بۇرۇنلا خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالغان. مىلادىيە 1211/1210- يىللىرىغا ئائىت پۇللاردا ئۆزىنى «ئەل سۇلتانۇل مۇئەززەم» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد بىننى تەكەشنىڭ «ئەل سۇلتانۇل مۇئەززەم» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم (ماركوف: «كاتالوگ»، 293- بەت). كېيىن خارەزىم شاھنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىگە يالغان

گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن قاراقىتانلار ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، يەنىلا گۇرخانغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مىلادىيە 1212 ـ يىلى (ھىجرىيە 608 ـ يىلى) سەمەرقەنتتە قاراقىتانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە، قاراقىتانلار ئوسماننىڭ قوترىتىشى بىلەن سەمەرقەنتتىكى خارەزىملىكلەرنى باستۇردى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خارەزىم شاھ ئوسمانغا قارشى چىقىدۇ. سەمەرقەنت مۇھاسىرىسىدىن كېيىن شەھەرنى ئىشغال قىلغان خارەزىم شاھ ئوسماننى ئەسىرگە ئالىدۇ. ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئۆز ئايالىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. خارەزىم ھەققىدە تۇردە خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ پايتەختى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى يوقىلىدۇ.

خارەزىمدە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قىرىندىشى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۆلتۈرۈلگەن. مەنبەلەردە جىن تېكىن ئۇنۋانى بىلەن قەيت قىلىنغان. تېكىن ئۇنۋانى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۈچۈن موغۇللار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم (ن. پوپپى ‹N. poppe›، CRAS «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» 1925 ـ يىلى 14 ـ سان).

### 8. پەرغانە خانلىقى ۋە سۇلالىنىڭ يوقىلىشى

پەرغانە بىر مەزگىل قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى تۈزگەن بولسا، ھىجرىيە 440 ـ يىلى (مىلادىيە 1048/1049 ـ يىللىرى) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەھمەد II ئەل ھەسەن (توغانخان II، يۈقىرىغا قاراڭ)نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، بۇ يەردە ئەلى تېكىن ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىم بولۇپ (بەلكىم مىلادىيە 1056/1057 ـ يىلى، ھىجرىيە 448 ـ يىلى) تۇرۇشىدا بەزى سەۋەبلەر بار. ئۇ بۇ يەردە ياشاۋاتقان قوۋم، قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە «كۆك ساغۇن» ئۇنۋانىنى قوللانغان. بۇ ئۇنۋان كېيىنكى سۇلالىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەل ھەسەن بىننى ئەلى ئۈچۈنمۇ

قولىنىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراقىتانلارنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن (مىلادىيە 1141- يىلى) پەرغانىدە ئۆزكەنتنى پايتەخت قىلغان مۇستەقىل بىر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ توغرۇل قاراخاقان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز. مەنبەلەردە تۇنجى ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ھەسەن تېكىننىڭ ئۇچىنچى ئوغلى ئەل ھۇسەيىن بىننى ئەل ھەسەن تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىرىدىن بولغان (ئەلى بىننى ئەل ھەسەن ۋە مەسئۇد II بىننى ئەل ھەسەن). كېيىنكى چاغلاردا ئەل ھۇسەيىن ئەل ھەسەننىڭ قەبرە تېشىغا «جالالىد دۇنيا ۋەلىددىن» لەقەبىنىڭ يېنىغا تۈركچە (ئۇيغۇرچە) «ئالىپ تۇڭا بىلگە— تۈرك توغرۇل قاغان» ئۇنۋانىنىڭمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا (ئا.ي. ياكوبوۋسكىي: «شەرق ئېپىگرافىيەسى»، 1947- يىلى، 32-، 27- بەتلەر). بۇ قاراخانىيلارنىڭ ئۇنۋانىدا «تۈرك» سۆزىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدىكى بىردىنبىر مىسال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مازار ھىجرىيە 547- يىلى رەبىئۇلئاخىرنىڭ چارشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1152- يىلى 8- ئاي) ياسالغانىدى. بۇ ئەل ھۇسەيىننىڭ ئۆلگەن يىل دەۋرى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئەل ھۇسەيىن ئەل قارشى (بارتولد تەييارلىغان نۇسخا، 132- بەت)نىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە، ئۇ 551- يىلى رەجەب ئېيى (مىلادىيە 1156- يىلى 7-، 8- ئايلار)دا ۋاپات بولغان. پەرغانىدە ئۇز ئوغلى مۇھەممەد بىننى ئەل ھۇسەيىن (توغرۇلخان) تەختكە چىققان. قولىمىزدا ئۇنىڭ توغرۇلخان ئۇنۋانىنى قوللانغان پۇللار خېلى كۆپ (ئەپسۇسكى يىل دەۋرى ئۈچۈپ كەتكەن). ئەمما، بۇلار خەلىپە ئەل مۇقتەدى بى ئەمرۇللاھ دەۋرىگە يەنى ھىجرىيە 530 — 555- يىللار (مىلادىيە 1136—1150- يىللار)غا ئائىتتۇر (ماركوف: «كاتالوگ»، 278- بەت). ھىجرىيە 560—574- يىللار (مىلادىيە 1164/1165—1178/1179- يىللىرى) ئۆزكەنتتە بېسىلغان، ئەل ھۇسەيىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم بىننى ئەل ھۇسەيىنگە ئائىت «نۇسرەتۇد دۇنيا ۋەلىددىن» لەقەبىنى قوللانغان پۇللىرىمۇ مەۋجۇت (ماركوف: «كاتالوگ»، 282-، 284- بەتلەر). بۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ تېخىمۇ كېيىنكى

ۋاقىتلاردا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق تەمەسىدە يۈرگەنلىكى مەلۇمدۇر.
ئىبراھىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان پەرغانە ھۆكۈمدارى بولسا ئىبراھىمنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى ناسىر بىننى ھۇسەيىن ئىدى. ئۇنىڭ ھىجرىيە 564 — 568 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1169/1168 — 1173/1172 ـ يىللىرى)غا ئائىت «تۇغرۇلخان» ئۇنۋانى چۈشۈرۈلگەن پۇللار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن (ماركوف: «كاتالوگ»، 280 ـ بەتكە قاراڭ).
پەرغانىدە ناسىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىننى ناسىر (تۇغرۇلخان، لەقەبى «جالالىد دۇنيا ۋەلىددىن») تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ 578 ـ يىلى (مىلادىيە 1183/1182 ـ يىللىرى) بېسىلغان پۇللىرى مەۋجۇت (ماركوف: «كاتالوگ»، 286 ـ بەت). پەرغانىنىڭ ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان لەقەبى (جالالىد دۇنيا ۋەلىددىن)نى قوللانغان ئۇلۇغ سۇلتان قادىرخان ئۇنىڭ ئىنىسى ياكى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھىجرىيە 606 — 608 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1210/1209 — 1212/1211 ـ يىللىرى) غا ئائىت ئۆزكەنتتە بېسىلغان پۇللىرى ساقلانماقتا (ماركوف: «كاتالوگ»، 292 ـ بەت). غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى ئوسمان بىننى ئەل ھۇسەيىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىننى تەكەش ئۆز ھامىيسى بولغان بىرىنى پەرغانىگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن (جۇۋەينى، II جىلد، 125 ـ بەت). ئۇمۇ ئوسماننىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلگەنمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم.
نەسەۋى (ھوداس ‹Houdas› نەشرى، 22 ـ بەت) دە تىلغا ئېلىنغان سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئوسماننىڭ جىيەنى تاجىددىن بىلگە خانمۇ پەرغانە جەمەتىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 591 — 595 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1195/1194 — 1199/1198 ـ يىللىرى) قايىد قادىر بۆكۈخاننىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئوتراردا تاكى ھىجرى (تۇغرا جاي)گە، كېيىن فاسايىغا يۆتكەلگەن ۋە شۇ يەردە خارەزىم شاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىن باشقا، پەرغانە گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان باشقا شەخسلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم. مەسىلەن،

پۇللارغا قارىغاندا ھىجرىيە 602- يىلى (مىلادىيە 1206/1205- يىللار)د مەرغىياندا ھۆكۈم سۈرگەن «ھۇسەمۇددۇنيا ۋەلىددىن قۇتلۇق تۇڭاخان» (ماركوف: «كاتالوگ»، 926- بەت) بىلەن مىلادىيە 13- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغان «ئىماددۇد دۇنيا ۋەلىددىن ئۇلۇغ خان» (ماركوف: «كاتالوگ»، 291- بەت)مۇ بۇ تارماققا مەنسۇپتۇر.

موڭغۇل ئىستىلاسى سەۋەبىدىن، مەنبەلەردە يەتتىسۇدا بىر قارلۇق دۆلىتىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئارسلانخان ئۇنۋانى قوللىنىلغان. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ پايتەختى قايالىق شەھىرى بولۇپ، بۇ ئۇنۋاننى دەسلەپ ئۇنىڭ دادىسى قوللانغان. بىر مەزگىل قاراقىتانلارغا قارام بولغان ئارسلانخان دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن (جۇۋەينى، 1- جىلد، 56- بەت). ئارسلان II مۇ قاراقىتانلارغا قارام بولغان. كېيىن ھىجرىيە 608- يىلى (مىلادىيە 1211- يىلى) دا گۈرخاننىڭ ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە موڭغۇللار ئۇنىڭغا «ساتاقتاي» ئۇنۋانىنى بەرگەن( Haehisch: «سىرلىق ھېكايىلەر»، 235- بەت). ئارسلان II ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيە 1221- يىلىغىچە ياشىغان (تەبەقاتى نەشرى، 1004- بەت). موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك قاغانى (مىلادىيە 1257- يىلى) «ئارسلانخان» II نىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا ئۇنىڭ ئوغلىنى پەرغانە (ئۆزكەنت) ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ ئەينى چاغدا قاراخان ئۇنۋانىنى قوللانغان. بۇنىڭدىن قارلۇق خانلىقىنىڭ خارەزىم شاھ قەتلىئامىدىن ئامان قېلىپ، يەتتىسۇغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەن ئەينى ۋاقىتتىكى پەرغانە خانلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا «ئەل قاغان ئەدل مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد سەۋىنچ قۇتلۇق ئارسلانخان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن پۇللار بار (ماركوف: «كاتالوگ»، 290- بەت). مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قارلۇق «ئارسلانخان» دىن بىرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

قاراخانىيلارنىڭ ياكى باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا يۇقىرىقى مەنبەلەردىن باشقا مەنبەلەر يوق دېيەرلىكتۇر.

## «قاراخانىيلار» ھەققىدىكى پايدىلانمىلار

### I كىتابلار


K. Alnostrantsev, K tolkouaniya nijney Nadpisi u varuhskom usGeye (sbornik muzeya antrop; etnografii, V. leningrad. 1917 — 1925; 553 — 556.)

I. I. umnyAkov, Arhitekturnte Pammyatniki sredney AZii (Tashkent 1829).

ئى.ئى. ئومنىياكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى»، تاشكەنت، 1829 - يىلى نەشرى.

A. Y. Yakubovskiy Due nadpisi na severnom mavzolee 1152g, v, uzgende (Epigrafika vostoka 1. Moskva — leningrad 1947, 27 — 32).


### II تەڭگە - پۇللار


B. Dorn, uber die munzen der Ileke oder ehemaligen chane von Turkistan (Bulletin del Acad imp, des Seien Ces de. S — pb. 1880, XXIV, 542 — 571 = mel. As, petersburg. 1881. VIII. 703 — 744).

B. دورن: «ئىلىك خانلار دەۋرىدە تۈركىستاندا بېسىلغان پۇللار».

ayn. mll, Nachtrage zu der Abhandlung uber die Munzen der Ileke V. b. I (Buleetin V. b. 1880. XXVII. 151 = 164 — Mel. As 1883. IX, 55 — 77).

B. دورن: «ئىلىك خانلار دەۋرىدىكى پۇللارغا ئىلاۋە».

Richard Vasmer. Zur Munzkunde der Qarahaniden (Msos. Berlin v. b, 1930. XXXIII 83 — 104. 4. levha).

رىچارد ۋاسمېر: «قاراخانىيلار پۇللىرىنىڭ ئوچېرىكى».

Ch. M. Fraehn. Recensio nomurom muhammadrum Acad. Imp. Scinet. Petropolitanae (petersburg, 1826) 122 — 141, 589 — 594. ayn. mll. Nava supplementa ad recensionem V. b. (petersburg. 1855).

Stanley Lane poole; catalogue of oriental Coins in the Britisch museum (London. 1876) II 120 — 126 (1889), IX, 193 — 197;

ستانلىي لانىي پوئولې: «بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق خەلقلىرىگە دائىر پۇللارنىڭ رەسىملىك ئاتلىسى»، لوندون، 1876 - يىلى نەشرى.

A. Markov, inrentarniy katalog musulmanskih monet impeatarskago Ermitaja (petersburg, 1896 — 1904), 192 — 294, 849 — 852, 883V. d924. V. dd

ئا. ماركوف: «ئىمپېرىيە ئېرمىتاژ گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مۇسۇلمان ئەللەر پۇللىرىنىڭ كاتالوگى»، پېتېربۇرگ، 1896 - 1904 - يىللىرى نەشرى.

Ahmed Tevhid: muzeyi Humayun Meskukat - i kadime - i islamiye katalogu (Istanbul 1321 = 1903) lv, 1 — 36.

ئەھمەد تەۋھىد: «مۇزېئى ھۇمايۇن مەسكوكاتى قەدىمەئى ئىسلامىيە كاتالوگى»، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1321 - يىلى (مىلادىيە 1903 - يىلى) نەشرى، 4. جىلد، 1 — 36 - بەتلەر.

## III ۋەسىقىلەر

474(?) yili yarkand vesikalari (nsr. Barthold: BSOS. III. 151 — 158).

«ھىجرىيە 474 - يىلى ياركەندتە يېزىلغان ۋەسىقىلەر» (بارتولد: «BSOS»، III جىلد، 151 — 158 - بەتلەر).

Insa (nsr. Barthold. Turkestan, I.23 — 48).

«ئىنشا» (بارتولد نەشرى، «تۈركىستان»، 1- قىسىم، 23 — 48- بەت).

Atabat al - kataba (nsr, Mirza Muhammad ve Abbas ikbal), Tahran. 1329 = 1950.

مىرزا مۇھەممەد ۋە ئاbbas ئىقبال نەشرگە تەييارلىغان: «ئەتەبەت- ئول كەتابە» تېهران، ھىجرىيە 1329- يىلى (مىلادىيە 1950- يىلى) نەشرى.

## IV خىرونولوگىيە ۋە تەزكىرىلەر

S. lane poole. The Mohammedan Dynasties (West minster. 1894; 2. tab. Paris. rusCa. Nsr, Barthold. Musulmanskiya dinastii. Petersburg. 1899. s. llo V.dd; trk. nsr. Halil Edhem: Duvei - i islamiye Istanbul 1345 — 1927 s.179 — 182).

س. لانىي. پوئولې: «مۇھەممەدىنىڭ دۆلىتى»، (رۇسچە نەشرى، بارتولد: «مۇسۇلمان خانلىقلىرى»، پېتىربۇرگ 1899- يىلى نەشرى. تۈركچە نەشرى: خەلىل ئەدھەم: «دۆۋەلىي ئىسلامىيە»، ھىجرىيە 1345- يىلى (مىلادىيە 1927- يىلى)، ئىستانبۇل نەشرى).

Ed. V. zambaur, Manuel de genealogie et de chronologie pour l histoire de l islam (Hannover. 1927), S. 206. v. d.

ئېد. ۋ. زامباۋر: «ئىسلام خىرونولوگىيەسى»، 1927- يىلى، 206- بەت.

## V ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى (ئەرەبچە)

Al - Tabari, Annales..... (leiden tab) 1879 — 1906.

«ئەل تەبەرى»، لېيدېن، 1879 - ، 1906 - يىلى نەشرى.

Hilal al - sabi (H.F.Amedroz ve D.S.Margoliouth, The

Eclipse the' Abbasid Caliphate oxford 1921.)
هىلال ـ ئەل سابى (ھ.ف.مەدوز ۋە د. س. مارگولئوچ: «ئاببباس خەلىپىلىكىنىڭ يوقىلىشى»، ئوكسفورد، 1921 ـ يىلى نەشرى.
Al _ utbi, Tarih yamini (nsr. Manini) Kahire. 1286 I _ II.
ئەل ئۇتبى: «تارىخى يەمىنى» (مانىنى نەشرى) قاھىرە، ھىجرىيە 1286 ـ يىلى، I، II جىلد.
Al _ samani (The kitab al _ ansab. faksimile, London. 1912).
ئەل سامانى: «كىتابۇل ئەنساب» (فاكسىمىل نۇسخا)، لوندون، 1912 ـ يىلى نەشرى.
Al _ Biruni (nsr. E. Sachau, chronologie orientalischer Volker, leipzeg. 1878).
ئەل بىرونى: «شەرق خەلقلىرىنىڭ خىرونولوگىيەسى» (ئى. ساكاۋ نەشرى، لىيپزىگ، 1878 ـ يىلى نەشرى).
Al _ Masudi (C. Barbir de Meynard ve pavet de Courteille, les prairies d' or Texte et traduction, Paris, 1861 — 1877. I — IX)
ئەل مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق ۋە ئۈنچە ـ مارجان» (I — IX) (س. باربىر قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان، پارىژ، 1861 ـ، 1877 ـ يىللار).
M. Kashgari, "kitab divan lugat al _ turk" (nsr. kilisli A. Rifat), Istanbul. 1333 — 1335. (faksimile, Ankara, 1941).
مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (كىلىسلى رىفئەت بىلگە نەشرگە تەييارلىغان، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1333 — 1335 ـ يىلى فاكسىمىل نۇسخىسى، ئەنقەرە، 1941 ـ يىلى نەشرى).
Marvazi on china, the Turks and india (nsr Minorsky), London, 1942.
«مەرۋەزىنىڭ جۇڭگو (چىن)، تۈرك ۋە ھىندىستان توغرىسىدىكى بايانلىرى» (مىنورىسكىي نەشرگە تەييارلىغان)، لوندون، 1942 ـ يىلى نەشرى.

Bondari (M. Th. Houtsma. Recueil de textes relatifs a L' histoie des seljoukides, II, Leiden. 1889. trk. trc. K. Burslan. Istanbul 1943);

بونداري: «زۇبدەتۇل نۇسرا ۋە نۇھبەتۇل ئۇسرا» (م. چ هوتسما نەشرگە تەييارلىغان، لېيدىن، 1889 ـ يىلى)، قىۋامىددىن بۇرسلاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسى، ئىستانبۇل، 1943 ـ يىلى (تەرجىمە نامى: «ئىراق ۋە خۇراسان سالجۇقىيلىرىنىڭ تارىخى»).

ibn al - Asir (nsr. c. T. tornberg. chronicon..., VIII — XVI, leiden - uppsala, 1862 — 1876).

ئىبنۇل ئەسىر: «ئەل كامىل فىت تارىخى» (VIII — XVI) (تورنىبۇرگ نەشرگە تەييارلىغان. لېيدىن - ئۇپسالا، 1862 — 1876 ـ يىلى نەشرى).

Al Nasavi (nsr. o. houdas. Histoire du sultan Djelal ed - Din Mankobirti, Paris, 1891).

ئەل نەسەۋي: «تارىخى سۇلتان جالالىددىن مەنكوبەرتى» (ئو. خوئوداس نەشرگە تەييارلىغان، پارىژ، 1891 - يىلى نەشرى).

Camal al - karsi; Mulhakat al - surah (nsr. Barthold, Turkestan, 1, 128 — 152).

جەمال قارشى: «مۇلهەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»، (بارتولد: «تۈركىستان»، I جىلد، 128 — 152 - بەتلەر).

## VI پارىچە ئەسەرلەر

Hudud al - alam (nsr. V. Minorsky), London 1937.

«هۇدۇدۇلئالەم» (دۇنيانىڭ چېگرا - پاسىللىرى)، (مىنورىسكىي نەشرگە تەييارلىغان، لوندون، 1937 ـ يىلى نەشرى.)

Abu'l - Fazl Muhammed BayHaki, Tarih - i BayHaki

(nsr. W. H. Morley, kalkute, 1862 ve. nsr. Said Nafisi, Tahran, 1319 — 1326 = 1941 — 1948).

ئەبۇل فازىل مۇھەممەد بەيھەقى: «تارىخى بەيھەقى» ، مورلەي نەشرگە تەييارلىغان، كالكوتتا، 1862 ـ يىلى ۋە سەئىد نەفىسى نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، تېھران، ھىجرىيە 1319 — 1326 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1941 — 1948 ـ يىللار) نەشر قىلىنغان.

Minucihri, Divan (nsr. A. de Biberstein - kazimirski), paris, 1886.

مىنۇچېھرى: «دىۋان» ، (ئا. دى. بىبېرستېين كازىمىرىسكى نەشرگە تەييارلىغان)، پارىژ. 1886 ـ يىلى نەشرى.

Gardizi, zayn al - ahbar (nsr. Muhammed Nazim). London. 1928.

گەردىزى: «زەينۇل ئەخبار» ، (مۇھەممەد نازىم نەشرگە تەييارلىغان) ، لوندون، 1928 ـ يىلى نەشرى.

Nizam al - Muluk, siyasat - nama (nsr. ch. schefer), paris 1891. (frns. trc. schefer, paris. 1897. rus. trc. B. Zahoder. Moskva — Leningrad, 1949).

نىزامۇلمۇلۇك: «سىياسەتنامە» ، (فرانسۇزچە نۇسخىسى، ج. شېفېر نەشرگە تەييارلىغان، پارىژ، 1891 ـ يىلى نەشرى)؛ رۇسچە تەرجىمىسىنى ب. زاخودېر ئىشلىگەن، موسكۋا — لېنىنگراد، 1949 ـ يىلى نەشرى.

Nizami aruzi, Cahar Makala (nsr. Mirza muhammed), leiden - London, 1910 (ingl. trc. E. G. Brown. London. 1921).

نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى: «چاھار ماقالە» ، (مىرزا مۇھەممەد نەشرى، لېيدىن ـ لوندون، 1910 ـ يىلى) ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئې. گ. بىرووۋن ئىشلىگەن، لوندون، 1921 ـ نەشرى.

Abu'l - Hasan 'Ali Bayhaki Tarih - i Bayhak (nsr. Ahmed Bahmanyar), Tahran. 1317 (1939).

ئەبۇل ھەسەن ئەل بەيھەقى: «تارىخى بەيھەقى» (ئەھمەد

بەھمانيار نەشرى، ھىجرىيە 1317 ـ يىلى)، (مىلادىيە 1939 ـ يىلى)، تېھران.
al ـ katib al ـ samaRkondi (Muhammed. B Ali al ـ Zahiri) sindbaz ـ nama (nsr. A. Ates. Istanbul. 1948).
مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل زاھىرى ئەل كاتىپ ئەل سەمەرقەندى: «سىندبازنامە»، (ئە. ئاتەش نەشرگە تەييارلىغان. ئىستانبۇل، 1948 ـ يىلى).
al ـ katip al ـ samarkandi, A'raz al ـ siyasa fi arazal ـ riyasa, (nsr. Barthold. Turkstan. I. S. 71 — 72).
مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل زاھىرى ئەل كاتىپ ئەل سەمەرقەندى: «ئاررۇل سىياسەفى ـ ئارازۇل رىياسە»، (بارتولد: «تۈركىستان»، I. جىلد، 71 — 72 ـ بەتلەر).
Tarih ـ i Buhara (nsr. schefer, Description......, I — 97)
«تارىخى بۇخارا»، (شېفېر نەشرگە تەييارلىغان، «ئومۇمىي بايان......»، 1 — 97 ـ بەتلەر).
Al ـ Razi, Haft iklim (nsr. schefer Description......, S243 — 292).
ئەل رازى: «ھەفت ئىقلىم»، (شېفېر نەشرى، «ئومۇمىي بايان......»، 243 — 292 ـ بەت).
Cuzcani, Tabakat ـ i Nasiri (nsr. W. Nassau V. b. , kal ـ kute. 1863 — 1864. ing. Trc. H. G. Raverty, London. 1881).
جۇزجانى: «نەبەقاتى ناسىرى»، (ۋ. ناسسائۇ ۋە باشقىلار بىرلىكتە نەشر قىلغان نۇسخا، كالكوتتا، 1863 — 1864 ـ يىلى نەشرى. ھ. گ. راۋېرتىينىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، لوندون، 1881 ـ يىلى نەشرى).
Cuayni, Tarih ـ i cihan ـ gasa, I — III (nsr. Mirza Muhammad). Leiden — London, 1912 — 1937.
جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، I — III جىلد (مىرزا مۇھەممەد نەشرى، لېيدېن — لوندون، 1937 — 1912).
Avfi; Inbab al ـ bab, I — II (nsr. E. G. Browhe re Mirza

Muhammad), London 1906 — 1913.
ئەۋفى: «لىنبابۇل ـ ئەلباب» (I، II جىلد)، ئى. گ. بىروۋنى ۋە
مىرزا مۇھەممەد نەشرى، لوندون، 1906 — 1913ـ يىلى نەشرى.
ayn. mll. cami al ‗ hikayat (nsr. barthold Turkstan I, 83 — 101).
يۇقىرىقى مۇئەللىپ: «جەمئىئۇل ھىكايەت»، (بارتولد: «تۈركىستان»، I جىلد، 83 — 101ـ بەت).
Muhammad Nizammal ‗ Din, Introduction to the Jawami ul ‗ hikayat (London. 1929).
مۇھەممەد نىزامىددىن: «جەمئىئۇل ھىكايەتنى تونۇشتۇرۇش»، لوندون، 1929ـ يىلى نەشرى.
Tarih ‗ i Haydari (nsr. schefer, Descrition......, 230—243);
«تارىخى ھەيدەرى»، (شېفېر نەشرگە تەييارلىغان، «ئومۇمىي بايان......»، 230 — 243ـ بەتلەر).
Kitab ‗ i Mulla ‗ zada (tas ‗ basm), buhara. 1321(1904);
«كىتابى موللازادە»، (تاش باسما نۇسخىسى)، بۇخارا، ھىجرىيە 132ـ يىلى (مىلادىيە 1904ـ يىلى).

## VII تۈركچە ئەسەرلەر

Kutadgu Bilig (faksimile: I. viyan II. Fargona nushasi ve III. Misir nushalari), Istanbul 1942 — 1943.
«قۇتادغۇبىلىك» (فاكسىمىل، I ۋېنا، II پەرغانە، III قاھىرە نۇسخىلىرى)، ئىستانبۇل. 1942 — 1943ـ يىلى نەشرى.
R. Rahmati Arat, Kutadgu Bilik (I. metin) Istanbul. 1947.
رەشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» (I تېكىست)، ئىستانبۇل، 1947ـ يىلى نەشرى.
Muneccim ‗ basi, Tarih (tercume). (II Istanbul. 1285 = 1868/1869).

مۇنەججىم باشى: «تارىخ» (تەرجىمە نۇسخا II)، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1285- يىلى (مىلادىيە 1869/1868- يىلى) نەشرى.

## VIII ئەدەبىي ئەسەرلەر

R. Rahmati Arat, Kutadgu Bilig (Istanbul. 1947, I. VIII — XX).

رەشىت رەھمەتى ئارات نەشرگە تەييارلىغان: «قۇتادغۇبىلىك»، ئىستانبۇل، 1947- يىلى نەشرى.

W. Barthold: Turkstan v epohu mongolskago naxestviya, I. (metin. petersburg. 1990): ayn. mll. Ocherk ostorii semirecia (verniy. 1898; 2. tab. nsr. A. N. Bernstam. Frunze, 1943); ayn. mll; orta Asiya turk tarihi hakkinda dersle. (Istanbul 1927. alm. trc. Th. menzel, Berlin, 1935) ayn. mll; istoriya kulturnoy jizni Turkestan. (Leningrad, 1927.) ayn. mll; Ilek khane (EI. II. 496).

بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، I «تېكىست قىسمى»، پېتېربۇرگ، 1898- يىلى نەشرى. II «تەتقىقات قىسمى»، 1900- يىلى پېتېربۇرگ نەشرى.

بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېرىكلىرى»، ۋېرنىي، 1898- يىلى نەشرى.

بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر»، ئىستانبۇل، 1927- يىلى نەشرى. ج. مەنزەلنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى، بېرلىن 1935- يىلى نەشرى.

بارتولد: «غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، لېنىنگراد، 1927- يىلى نەشرى.

بارتولد: «ئىلىگ خانلار»، (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2- جىلد، 496- بەت).

V. V. Grigor'ev, karahanidi V Maverannagre Po tarihi

Muneccima _ basi V osmanskom tekste s Perevedom i prime Ganiyami (Trudivost, otd. IRAO. Petersburg. 1874. XVII. 189 — 258);

ۋ.ۋ. گىرىگورىيېف: «ئوسمانلى تىلىدا يېزىلغان قاراخانىيلار ۋە ماۋارەئۇننەھر تارىخىغا دائىر مەشھۇر ئەسەر — مۇنەججىم باشى» . پېتىربۇرگ نەشرى، 1874 - يىلى.

Sir Henry Hoyle Howorth; the Muhammadan Turks of Turkstan from the ten thto the thirteenth century (the Northoru fronfagers of china kisim, IX: JRAS. 1898);

ھېنرى يۇلى خوۋورج: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان تۈركىستانغا نەزەر» . («جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرىپى» قىسمى، ئاسىيا ژۇرنىلى . 1898 - يىلى 9 - سان).

Kuprulu _ zade Mehmed fuad, "karahanilar veya, hakaniye devleti" 380 — 609, h (Turkiye tarihi, Istanbul, 1923, I, 106 — 120); ayu. mll, turk edebiyati Tarihi Istanbul, 1926) I.

كۆپرۈلۈزادە مەھمەد فۇئاد: «قاراخانىيلار» ياكى «خاقانىيە دۆلىتى» . («تۈركىيە تارىخى» ، ئىستانبۇل، 1923 - يىلى نەشرى، 1 - قىسىم، 106 — 120 - بەتلەر).

كۆپرۈلۈزادە مەھمۇد فۇئاد: «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» . ئىستانبۇل، 1926 - يىلى نەشرى، 1 - قىسىم.

E. sachau, uber die Turkischen Fursten von Transoxanien und Turkistan (ZurGeschichte und chronologie von khwarazim, kisim II. SWAW (ilave. 1873. s. 319 — 330);

«تۈركىستاندا قۇرۇلغان تۈرك دۆلەتلىرى» ، (خارەزىم تارىخى ۋە خرونولوگىيەسى، II قىسىم، ئىلاۋە، 1873 - يىلى، 319 — 330 - بەتلەر).

OMEL yan Pritsak; karachanidische studien I — X (Gotteng. 1948. I _ II makina yazisi);

ئۆمەلژان پىرتساك: «قاراخانىيلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات X—I» گوتتىنگىن، 1948 ـ يىلى نەشرى، II — I (ماشىنكا نۇسخا).

A. Z. Velidi Togan, umumi turk tarihine giris (Istanbul, 1946) I ;

ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، (ئىستانبۇل، 1946 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم).

G. Weill; Anhang zum dritteN Bande (Geschichte der chalifen, Mannheim, 1851. III)

گ. ۋېل: «ئىلاۋىنىڭ 3 ـ خېتى»، («خەلىپىلەر تارىخى»، ماننھېم، 1851 ـ يىلى نەشرى).

## IX ئايرىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەر

A. Ates, sindbaz - nama nin takdim edildigi kilic Tamgac Hau Ruknaddin Masud kumdir? (sindbaz - nama. istanbul 1948, s 65 — 70);

ئە. ئاتەش: « «سىندبازنامە» نى تەقدىم قىلغان قىلىچ تاۋغاچ خان روكنەددىن مەسئۇد كىمدۇر؟»، («سىندبازنامە»، ئىستانبۇل، 1948 ـ يىلى نەشرى، 65 — 70 ـ بەتلەر).

Barthold, Ali Tegin (El, l. 311); ayn mll. Arslan Han (El. l. 480); Bugra - Han (El, 803. vd) aynmll. Buri Tegin (El, I, 833. v. d); aynmll K skazkeo o histrosti bidonil sbornk Muz, Antropi Etnog, 1917 — 1925. V. ayn mll. The Bughra Han mentiond in the Qudatqu Bilik (B. BOS. III. 151 — 158; turk. trc. Ragip Hulusi. TM. I. 221 — 226).

بارتولد: «ئەلى تېكىن»، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1 ـ جىلد، 311 ـ بەت.

بارتولد: «ئارسلان خان»، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1 ـ جىلد، 480 ـ بەت.

بارتولد: «بۇغراخان»، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1- جىلد، 403- بەت.

بارتولد: «بۆرە تېكىن»، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1- جىلد، 833- بەت.

K skazke o histrosti Didoni (sbornk - muz, antrop i Etnog, 1917 — 1925. V);

بارتولد: « «قۇتادغۇبىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان»، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى، 1923- يىلى (BSOS)، 3- جىلد، 1- سان، 258 — 151- بەتلەر.

C. Brockelmann, Altturkestanische volkspoesie, I — II (Asia major, probebad, 3 — 20. l' 24 — 44) ayn. mll. Hofspracie in Altturkestan (Donum natilicium. schrijnen Nijmegen - utrecht. 1929. s 222 — 227).

B. بىروككېلمان: «تۈركىستاننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى»، («ئاسىيا» ژۇرنىلى، probebad، 3—20. 1- سان، 24—44- بەتلەر).

B. بىروككېلمان: «تۈركىستاندىكى قەدىمكى تىللار»، (1929- يىلى، 22 — 227- بەتلەر).

F. Grenard, la legende de satok boghra khan et L 'histoire (JA. 1900. XIV, 5 — 79 turk, trc osman Turan, ulku, XXIV, 145 — 154);

ف. گىرېنارد: «سۇتۇق بۇغراخان ۋە تارىخ»، («ئاسىيا» ژۇرنىلى، 1900- يىلى 15- سان)، (ئوسمان تۇرانىڭ تۈركچە تەرجىمىسى: «ئۈلكۈ»، 24- سان، 145 — 154- بەتلەر).

M.F. koprulu. (belleten, 1937. I. 288); ayn. mll. Eski turk unvanlarina ait notlar (THITM, 1932 — 1939, II. 17 — 31; alm. zur kenntnis der alltur. Titul atur KCSA, 1935 — 1939. Ergb. I. 327.344).

كۆپرۈلۈزادە مەھمەد فۇئاد: «بىللەتەن»، 1937- يىلى، 1- توم، 288- بەت.

كۆپرۈلۈزادە مەھمەد فۇئاد: «قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر»، THIMT. 1932—1939، 2- جىلد، 17—31. ئالمانچە (گېرمانىيە) تەرجىمىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
J. Markwart, cuwainis Bericht uber die Bekehrung der uiguren (SBAW. 1912, 486, 502);
ج. ماركۋارت: «جۇۋەينىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى ھەققىدە» (پىرۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىغىن خاتىرىسى)، 1912- يىلى 25- سان، 486- ، 502- بەتلەر.
O. Pritsak, Qara. Studie zur turkschen Rechtssymbolik (A.Z. Velidi Togon armagani. Istanbul 1952).
ئومەلژان پىرىتساك: « ‹قارا› سۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدا ھوقۇقا سىمۋول قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، («ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان ئارمىغانى»، ئىستانبۇل، 1952- يىلى).
O. Pritsak, Von den karluk zu deN karachaniden (ZDMG, 1951. CI. 271 — 300 harita).
ئومەلژان پىرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، (گېرمانىيە يېقىن شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى، 1951- يىلى، 270- ، 300- بەتلەر، خەرىتە).
O. pritsak, karachanische streitfragen, 1 — 4 (oriens, 1950, III/2. 209 — 228);
ئومەلژان پىرىتساك: «قاراخانىيلار دۆلىتى مەسىلىلىرى توغرىسىدا» (1 — 4).(شەرق ژۇرنىلى، 1950- يىلى 2/III- سان، 209 — 288- بەتلەر).
O. Pritsak, Al - i Burhan (Der islam, 1952. XXX/1, 81 — 96).
ئومەلژان پىرىتساك: «ئەلى بۇرخان»، («ئىسلام» ژۇرنىلى، 1952- يىلى، 30- جىلد 1 - سان، 81 — 96- بەتلەر).
O. Pritsak, Der untergang des Reiche des ogusischen yabgu (M.F. koprulu armagan, Ankara, 1952).

ئۆمەلژان پىرتساك: «ئوغۇز يابغۇ دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى»، ئەنقەرە، 1952 ـ يىلى نەشرى (كۆپرۈلۈزادە مەھمەد فوئادقا ئارمىغان، ئەنقەرە، 1952 ـ يىلى).

O.Pritsak, stammesnamen und Titulaturen der altaischen Volker, 1(urul _ Altaische Juhrbucher, XXIV/1 - 2, 49 — 104).

ئۆمەلژان پىرتساك: «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئىرق، ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى»، («ئورال ـ ئالتاي يىللىق مەجمۇئەسى»، 24 ـ، 25 ـ سان، 49 — 104 ـ بەتلەر).

O.Pritsak, Wer War Mahmud al - kasgari (TM.X)

ئۆمەلژان پىرتساك: «مەھمۇد كاشغەرىي كىم؟»، («تۈركشۇناسلىق» مەجمۇئەسى، 1953 ـ يىلى 10 ـ سان).

Osman Turan, ilig unvani hakkinda (TM, 1940 — 1952. VII — VIII, 192 — 199.)

ئوسمان تۇران: «ئىلىگ ئۇنۋانى ھەققىدە»، («تۈركشۇناسلىق» مەجمۇئەسى، 1940 ـ يىلى 17 - سان، 1952 ـ يىلى 8 ـ سان، 192 — 199 ـ بەتلەر).

A.A Valitova, k voprosu o klassovoy prirode karahanids kogo gosudarstva (Trudi kirgizsk, filiala. Akad. ssR. frunze. 1943. 1/1 127 — 136).

ئا. ئا. ۋالىتوۋا: «قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەبىقە تۈزۈلمە مەسىلىسى توغرىسىدا»، (سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيەسى قىرغىزىستان شۆبىسى: «قىرغىزىستان ئەمگەكچىلىرى»، 1943 ـ يىلى، 1 ـ جىلد، 1 ـ سان، 127 — 136 ـ بەتلەر).

## X ئارخېئولوگىيەلىك ئەسەرلەر

A.N. Berneshtam, Arholog, ocerk severnog kirgizii (frunze. 1941);

ئا. ن. بېرنشتام: «قىرغىزىستان ئارخېئولوگىيەسىنىڭ ئوچېركى»، فرۇنزى، 1941 ـ يىلى نەشرى.

A.N. Berneshtam, pamyatniki starini Talasskoy dolini (Alma - Ata, 1941).

ئا. ن. بېرنىشتام: «تالاس دەريا بويىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، (ئالمائاتا، 1941 - يىلى نەشرى).

A.N. Bernstam, simerecenskoy arheologiceskoy ekspeditsii "Cuyskaya dolina" (Moskva - Leningerad. 1950).

ئا. ن. بېرنىشتام: «يەتتىسۇ رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش» — «چۇ دەرياسى بويىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، (موسكۋا - لېنىنگراد، 1950 - يىلى نەشرى).

S.V. Kiselev, Drevnyaya istoriya yujnoy sibiri (Moskva - leningrad. 1949).

س.ۋ. كىسېلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيە تارىخى»، (موسكۋا - لېنىنگراد، 1949 - يىلى نەشرى).

(«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» (تۈركچە) دىن تەرجىمە قىلغۇچى: **تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۆمەن**)

# قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات①

**ئەلى غوپۇر**

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى دەۋرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالى، ئىسسىقكۆل ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقى (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزى بويىچە «خاقانىيە») دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بىر خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ تېمىمىزدا، مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئانالىز قىلىش ۋە يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا شەرھلەش ئارقىلىق قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن قاراش كەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

## (1)

قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر خانلىق. قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بولغان مەيلى تارىخىي تەزكىرە ياكى تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرى بولسۇن، مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتىغا نىسبەتەن بىر قىسىم پارچە ـ پۇرات مەلۇماتلاردىن باشقا، ئېنىقراق بىرەر ئۇچۇر بەرمىگەن. شۇڭا، مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەققىدىكى

---

① ئەلى غوپۇر: «يەنە قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.

تالاش ـ تارتىشلار 1756 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئالىم يوسىق دېگۈينىس: «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇنجى بولۇپ قاراخانىيلار خانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ۋە مەزكۇر خانلىقنى ئۇيغۇرلار قۇرغان[1] دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىشنى لايىق تاپتىم.

**بىرىنچى باسقۇچ** (1756 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە): بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە گېرمانىيەلىك ئالىم پىرتساك «قاراخانىيلار» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا ئالىملارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرغان.

1. قاراخانىيلار خانلىقنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىش.

[يوسىق دېگۈينىس، 1756 ـ يىلى؛ بىرتىشنېيدىر (Medival Researches from Eastern Asiatic Resources, Uigurs): ۋاڭ رىۋېي 1935 ـ يىلى؛ خاپىدا تورۇ 1947 ـ يىلى].

2. تۈركمەنلەر قۇرغان دېيىش (ج. ۋ. ھامىر ـ پۇرگىستال، 1835 ـ يىلى).

3. ياغمىلار قۇرغان دېيىش (بارتولد، 1898 ـ يىلى).

4. قارلۇقلار قۇرغان دېيىش (ف. گېرنارد، 1900 ـ يىلى).

5. قارلۇق ـ ياغما دېيىش (م. ئى. كۆپرۈلۈ، 1927 ـ يىلى).

6. چىگىللار قۇرغان دېيىش (بارتولد، 1927 ـ يىلى).

7. تۈركلەر قۇرغان دېيىش (ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان، 1939 ـ يىلى).

1953 ـ يىلى پىرتساك: «قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتى قارلۇق خان جەمەتىدىن ــ تۈركلەرنىڭ ئاشىنا خان جەمەتىدىن كېلىپ

---

[1] يوسىق دېگۈينىس: «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1756—1758 ـ يىلى پارىژ، I توم، 253 ـ بەت؛ II توم، 29 ـ بەت.

چىققان؛ چىگىل ۋە ياغمىلار قارلۇق قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ تەركىبىي قىسىم ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككىسى. قارلۇقلار 744 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تۈركمەن دېگەن سىياسىي نامىمۇ بار...... لېكىن، ئۇلار 840 ـ يىلىغىچە يەنىلا ئۇيغۇر خانلىقىغا قارام ئىدى. 840 ـ يىلى سىياسىي ـ مەدەنىي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. قىرغىزلار (قەدىمكى قىرغىزلار) نىڭ زەربىسىدە، ئۆتۈكەن تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولدى. قىرغىزلار تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلمايتتى، شۇڭا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى يەنە «ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىگەنلىك يايلاق ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكتۇر» دېگەن بۇ ئەنئەنىۋى قاراشنىڭمۇ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدىلا شەھەر مەدەنىيىتى ۋە يېڭى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان بولغانىدى. شۇڭا، شامانىزم ئېتىقادىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى ــ ئاشىنا بۇيۇك خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى (ئاشىنا سۆزى ئېپتىدائىي تۈرك ـ موڭغۇل تىللىرىدا «بۆرە» دېگەن مەنىدە) يايلاقنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى ھەمدە قاغان (قارا قاغان) دېگەن نامنى قوللاندى. خان ئوردىسى (پاناھگاھى) بولسا، چۇ (سۇياپ) دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن ئەتراپىدا بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا قارا ئوردۇ ياكى قۇز ئوردۇ دەپ ئاتالغان. خانلىق ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىككى خانلىققا ئايرىش ئادىتى بويىچە، ئۆز خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن (قوش خانلىق تۈزۈم قوللانغان). شەرقىي تارماقنىڭ ھۆكۈمرانى يەنى چوڭ قاغان ئارسلان قارا قاغان دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن قارا ئوردۇدا تۇرغان، شۇنداقلا ئۇ يەنە نەزەرىيە جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقى پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. غەربىي تارماقنىڭ ھۆكۈمرانى يەنى مۇئاۋىن قاغان بۇغرا قاراخان دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاۋۋال تالاستا تۇرغان، كېيىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ، كېيىن يەنە تالاسقا قايتىپ شۇ يەردە

تۇرغان. ئارسلان ۋە بۇغرادىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ نامى قارلۇقلارنىڭ ئىككى ئاساسلىق قەبىلە گورۇھىنىڭ توتېمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئارسلان چىگىللارنىڭ، بۇغرا ياغمىلارنىڭ ئىدى»[①] دېگەن يېڭى قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، بۇ قىياس شەرقشۇناسلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن باشلاپ بەزى ئەسەرلەر روشەن ھالدا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى (بارتولد: «موڭغول ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» غا قاراڭ).

ئىككىنچى باسقۇچ (20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن 2000- يىلىغىچە): بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلارغا تۆۋەندىكىلەرنى ۋەكىل خاراكتېرىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1. قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىش. ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، 1975- يىلى؛ ياسوبى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، بۇ كىتاب ئەسلىي 1953- يىلى ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1984- يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسى جۇڭگو ئالىملىرى بىلەن ھەقىقىي تونۇش يۈز كۆرۈشكەن بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەرنى 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن كېيىنكى تەتقىقاتلار قاتارىدا تونۇشتۇردۇق؛ فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭگۇېن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1981- يىلى ئىككىنچى قېتىملىق نەشرى؛ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1984- يىلى؛ باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، 1986- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى قۇرغان دېيىش. ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1984- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1991- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ رىشات گەنج:

---

[①] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 28 — 29- بەتلەر.

«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار بىرلىكتە قۇرغان دېيىش. ياڭ شېڭمىڭ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

4. شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرك قەبىلىلىرى قۇرغان دېيىش — ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1999 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. قاراخانىيلار خانلىقىنى 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە پامىر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قۇرغان دېيىش. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى ۋە ھاجى نۇر ھاجىنىڭ كىچىك ھەجىمدىكى كىتابچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغانلارنىڭ مەزكۇر مەزمۇن ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى، ئەسلىي تەتقىقات ئوبيېكتى ئاساسىدا مەزكۇر خانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بايان قىلىش ياكى مەلۇم سەھىپە ئاجرىتىپ ئومۇمىي مېلودىيەنىڭ بىر قىسمى قىلىش بولغاچقا، بۇ قىسىمدا پەقەت ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرىدىكى گەۋدىلىك بولغان بىر قىسىم كۆزقاراشلارنىلا كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق①.

ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» دېگەن ئەسىرىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قاراخانىيلارغا دائىر ئېلان قىلىنغان ئەسەر، ماقالە، ئەرەبچە - پارسچە قەدىمكى يازمىلار ۋە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك سالنامىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار، شۇنداقلا پۇلشۇناس-

① مەزكۇر تېمىغا بېغىشلانغان ماقالىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما گەۋدىلەندۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيەلەردە ئوخشاشلىق كۆپ بولغاچقا، شۇنىڭدەك ماقالىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى پەقەت بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىشلا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىرمۇبىر كۆرسىتىلمىدى.

ـلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن مەركىزىي ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاخىرىدا خۇلاسە سۈپىتىدە مۇنداق يازغان: «مىلادىيە 840 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا ۋەزىيىتىگە 100 يىلغا يېقىن تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىچكى ماجىرا، تەبىئىي ئاپەتنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەھۋال ئاستىدا، قىرغىزلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى سەۋەبىدىن تارمار بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىقى پانتېكىننىڭ باشچىلىقىدا غەربكە قېچىپ قارلۇقلار (يەتتىسۇ) يېرىگە بارغان. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. پانتېكىن ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى قارا ئوردۇ دېگەن جايدا ئوردا قۇرغان ھەمدە زېمىننى ناھايىتى تېزلىكتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى ۋە بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق كۆپ قىسىم جايلارغىچە كېڭەيتكەن»[①].

ئۈچىنچى باسقۇچ (2000 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە): بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلاردىن بۇرۇنقىلارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان كۆزقاراشلار خۇا تاۋ ئەپەندىنىڭ «8 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) دېگەن كىتابى؛ مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭلارنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار» (2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ۋە لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتى ئۈستىدە تەتقىقات» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان) دېگەن ئەمگەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ۋە ماقالىلەردە تۆۋەندىكىدەك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1. خۇا تاۋ ئەپەندى ئۆز كىتابىدا بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن باشقا، ئىسلام ئاپتورلىرىنىڭ «مۇلھەقاتى سۇرراھ»، «ھۇدۇدۇلئالەم»، «زەينۇل ئەخبار»، «مۇجمەل تاۋارىخ ۋە

---

[①] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ بەتلەر.

قىساس» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «ياغمىلاردىن چىققان دېگۈچى ئالىملار بۇ جەدۋەلدىكى (خۇا تاۋ ئەپەندى سىزىپ چىققان مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شەرقتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتاق جەدۋىلى) ياغما خانىنىڭ ئاتىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ياغما خانى بۇغراخان دەپ ئاتالغانىكەن، ئۇنداقتا بۇ ئاتاقنى قوللانغان قاراخانىيلار خان جەمەتى تەبىئىي ھالدا ياغما قەبىلىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇنداق تەتۈر دەلىل كىشىنى ھەرگىز قايىل قىلالمايدۇ. بىرىنچىدىن، جەدۋەلدىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، «بۇغراخان» ياغمىلارنىڭ بىردىنبىر ياكى ئەڭ مۇھىم ئاتىقىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە «بۇغراخان» قاراخانىيلار قوللانغان كۆپ خىل ئاتاقلارنىڭ بىرى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «بۇغرا» غا مۇناسىۋەتلىك ماددىدا مەزكۇر سۆزنى «ئەركەك تۆگە» دېگەن مەنىدە دېگەن. پەقەت بىرلا يەردە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئاتىقى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان- ئېنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزەرىدە بۇ ئاتاق ئەڭ مۇھىم ئاتاقلار تەركىبىدە ئەمەس ئىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى «مۇجمەل تاۋارىخ ۋە قىساس» دىكى بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيمىز ھەم مۇئەللىپى نامەلۇم بۇ ئەسەردىكى جەدۋەلدە «ياغما خانى» بىلەن «قەشقەر خانى» نى بىرگە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن «ھۇدۇدۇلئالەم» ، «زەينۇل ئەخبار» بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار بولغان جەدۋەلدىكى خاتىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغان تەقدىردىمۇ، بىزمۇ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن چىققان دېگەن قىياسىنى بېكىتكىلى بولمايدىغان بېگانە ئىسپاتلىقنى جاكارلايمىز...... پىرىتساكنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن قارىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ...... قارىغاندا «قارلۇقلاردىن چىققان» دېگەن قىياس ئازراقمۇ ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن

يېتىم ماتېرىيال ئىكەن»①.

خۇا تاۋ ئەپەندى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «‹قارلۇقلاردىن چىققان› دېگەن قىياسنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ‹تارىخى كاشغەر› دىكى بىلگە كۆلگە دائىر خاتىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بۇ سۇتۇقنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېگەن قىياسنى پۇت تىرەپ تۇرغۇزماقچى بولساق، تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بەلكىم بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان تولۇق تارىخىي ماتېرىيالنى مەڭگۈ تاپالماسلىقى مۇمكىن. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ‹ئۇيغۇرلاردىن چىققان› دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى ‹جىن سۇلالىسى تارىخى· جەن گېخەنىڭ تەزكىرىسى› دىكى بىر ئابزاس خاتىرىدىن ئىبارەت، يەنى دادىڭ سەلتەنەت دەۋرى (1161 — 1189) دە، لياۋ سۇلالىسىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام ‹ئېلىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ 邹括番 قەبىلىسىدىن، تۇرۇۋاتقان شەھىرىمىز قۇز ئوردۇ› دېگەن. بىراق، بىز بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىرى، ‹تارىخى كاشغەر› ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، 11- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ‹تارىخى كاشغەر› دە سۇتۇقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ‹ئافراسىياپ بىننى بەشەنەك ئاس بىننى رەسمان› دېيىلگەن. ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى، خاتۇن، خېنىم، تېكىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

① خۇا تاۋ: «8 — 10- ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 198-، 209-، 210- بەتكىچە.

ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپلا قالماي، يەنە ئافراسىياپنى «تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى» دەپ جاكارلىغان ھەم قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن باغلاپ قويغان ( «قەشقەر» ۋە «بارسخان» ماددىسىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئېگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن. يەنە بىرى، موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرق خەنزۇچە ۋەسىقىلىرىدە بەزى ۋاقىتلاردا، «ئۇيغۇر» دېگەن نام تەڭرىتاغ رايونى، ھەتتا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «چيۇ چۈجى ھەزرەتنىڭ غەربكە ساياھىتى» دىكى «ئۇيغۇر» ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردىكى ئامىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە جانبالىق (ھازىرقى سانجى) نىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق قوۋملارنى، ھەتتا خارەزىم قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرنىمۇ كۆرسەتكەن. يەنە مەسىلەن، چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى جازا يۈرۈشى قىلغان «ئۇيغۇر تاغ ئوغرىلىرى» نىمۇ كۆرسەتكەن. شۇڭا، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرققە كەلگەن سودىگەرلەر يەنى ئاتالمىش قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن) لۇق «ئۇيغۇر» لارمۇ بەلكىم مۇشۇنداق ئومۇمىي نامدا بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە ھازىرغىچە يېتەرلىك ماتېرىيال كەمچىل. لېكىن، دەل سۇتۇقنىڭ رەھبەرلىكىدە كاشغەردىكى تۈركىي قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدەمنى باسقان»[1].

[1] خۇا تاۋ: «8 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ ، 209 ـ ، 210 ـ بەتكىچە.

2. مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار» دا، قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتە مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ خان جەمەتىنىڭ قايسى مىللەتتىن چىققانلىقىنى بېكىتىشكە بولمايدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئېھتىمال ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چومۇل، ئوغراق، چارۇق ۋە بىر قىسىم ئاسسىمىلياتسىيەلەشكەن سوغدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. خاندانلىق زېمىندا ياشىغۇچى مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار ۋە ئىران تىلىدىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر قىسىم بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلار ۋە تىبەت قاتارلىقلار بولغان»[1].

3. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «قاراخانىيلار خانلىقىنى 9- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان. قىنىق قەبىلىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يادرو قەبىلىسى بولۇپ، بىلگە كۆل قادىرخان ئۇنىڭ تۇنجى قاغانىدۇر، كېيىنكى قاغانلارمۇ مەزكۇر قەبىلىدىن چىققان»[2].

يۇقىرىقىلار قاراخانىيلار خانلىقىغا، جۈملىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى بولۇپ، مەزكۇر تېمىمىزدا ئۈچىنچى باسقۇچ يەنى 2000- يىلدىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چۆرىدىگەن، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئاساستا، قاراخانىيلارنىڭ

---

[1] مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 220- بەت.

[2] لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004- يىللىق 4- سان، 57- بەت.

ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپلا قالماي، يەنە ئافراسىياپنى «تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى» دەپ جاكارلىغان ھەم قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن باغلاپ قويغان («قەشقەر» ۋە «بارسخان» ماددىسىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئېگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن. يەنە بىرى، موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرق خەنزۇچە ۋەسىقىلىرىدە بەزى ۋاقىتلاردا، «ئۇيغۇر» دېگەن نام تەڭرىتاغ رايونى، ھەتتا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «چيۇ چۇجى ھەزرەتنىڭ غەربكە ساياھىتى» دىكى «ئۇيغۇر»، ئۇيغۇر ئىدىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردىكى ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە جانبالىق (ھازىرقى سانجى) نىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق قوۋملارنى، ھەتتا خارەزىم قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرنىمۇ كۆرسەتكەن. يەنە مەسىلەن، چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى جازا يۈرۈشى قىلغان «ئۇيغۇر تاغ ئوغرىلىرى» نىمۇ كۆرسەتكەن. شۇڭا، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرققە كەلگەن سودىگەرلەر يەنى ئاتالمىش قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن) لۇق «ئۇيغۇر» لارمۇ بەلكىم مۇشۇنداق ئومۇمىي نامدا بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە ھازىرغىچە يېتەرلىك ماتېرىيال كەمچىل. لېكىن، دەل سۇتۇقنىڭ رەھبەرلىكىدە كاشغەردىكى تۈركىي قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدەمنى باسقان»[①].

---

①خۇا تاۋ: «8 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ، 209 ـ، 210 ـ بەتكىچە.

2. مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار» دا، قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلىندۇ: «ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتە مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ خان جەمەتىنىڭ قايسى مىللەتتىن چىققانلىقىنى بېكىتىشكە بولمايدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئېھتىمال ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چومۇل، ئوغراق، چارۇق ۋە بىر قىسىم ئاسسىمىلياتسىيەلەشكەن سوغدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. خاندانلىق زېمىندا ياشىغۇچى مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار ۋە ئىران تىلىدىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر قىسىم بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلار ۋە تىبەت قاتارلىقلار بولغان[1].

3. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «قاراخانىيلار خانلىقىنى 9- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان. قىنىق قەبىلىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يادرو قەبىلىسى بولۇپ، بىلگە كۆل قادىرخان ئۇنىڭ تۇنجى قاغانىدۇر، كېيىنكى قاغانلارمۇ مەزكۇر قەبىلىدىن چىققان»[2].

يۇقىرىقىلار قاراخانىيلار خانلىقىغا، جۈملىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى بولۇپ، مەزكۇر تېممىزدا ئۈچىنچى باسقۇچ يەنى 2000- يىلىدىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چۆرىدىگەن، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئاساستا، قاراخانىيلارنىڭ

---

[1] مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 220- بەت.

[2] لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004- يىللىق 4- سان، 57- بەت.

قۇرغۇچىلىرىنىڭ قايسى خەلققە مەنسۇپلۇقى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

## (2)

قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار ئىچىدە، مەزكۇر خانلىقنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن باشقا، ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد[1] نىڭ «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھەر ئىككى مۇئەللىپ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاستانىسى بولغان قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. گەرچە جەمال قارشى قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت قاراخانىيلار خانلىقى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقىنىغا يېرىم ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ يەردە يەنىلا مەزكۇر خانلىقنىڭ تارىخىغا دائىر قىممەتلىك مىراس — شەيخ مۆتىۋەر، ئىستىپداتلىق ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن پەزلىنىڭ ئوغلى، كامىل ئىمام ئەبۇل پۈتۈھ ئابدۇلغاپپار كاشغەرىينىڭ «كاشغەر تارىخى» (ھازىر يوقالغان) دېگەن ئەسىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئۆز كىتابىغا مەزكۇر ئەسەردىن ئۈزۈندىلەرنى كىرگۈزگەن.

مۇئەللىپ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نىڭ «ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ماۋارەئۈننەھر ۋە باشقا جايلاردىكى مەشھۇر تۈرك

[1] ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد 1230 — 1231 - يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان، ھازىر ئۇنىڭ «جەمال قارشى» دېگەن لەقىمى ئومۇملاشقان. «قارشى» سۆزى تۈرك تىلىدا «ئوردا، قەلئە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ لەقەم بولسا «ئوردىدىكى جەمال» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنىنىڭ ھاپىزى بولۇپ، ئانىسى مەرۋىلىك ئىكەن. بۇ چاغدا موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئالمالىق چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەن ئىدى. ھىجرىيەنىڭ 662 - يىلى (مىلادىيە 1263 - ، 1264 - يىللىرى) جەمال قارشى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئالمالىقتىن قەشقەرگە كەلگەن، كېيىن ئاساسەن قەشقەردە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ قەشقەردە يەرلىك سەدىر (يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئەمەلدار) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان.

خاقانلىرىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن تېمىسى ئاستىدا مۇنداق يازىدۇ: «سۇتۇق بۇغراخان (غازات باتۇرى) ئابدۇلكەرىم بىننى بازىر ئارسلانخان بىننى بىلگە كۆل قادىرخان بولسا ئافراسىياپ بىننى بەشەنەك ئاس بىننى رەسمانىنىڭ نەسلىدىن...... سۇتۇق بۇغراخان بولسا پەرغانە ۋە كاشغەردە مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك بىننى نۇھ سامانىينىڭ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋرىدە تۈرك خانلىرىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان زات. شەيخ مۆتىۋەر، بۈيۈك ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا هۇسەيىن پەزلىنىڭ ئوغلى، كامىل، ئىستېبداتلىق، راستچىل، پاساھەتلىك ئىمام ئەبۇل پۇتۇھ ئەبدۇلغاپپار ئۆزىنىڭ (كاشغەر تارىخى) دېگەن ئەسىرىدە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك بىننى نۇھ سامانىينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، تۈرك ئەللىرىدە ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگىنى شاش ئېلى ئىدى، شاشلىقلار بىلگە كۆل قادىرخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئەمىر نۇھ بىننى مەنسۇر بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ ئېلىگە لەشكەر تارتىپ تالاسقىچە كەلگەن. ئەمىر نۇھ بىننى مەنسۇر مال - دۇنيالارنى ئېلىپ چېكىنىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا نۇھ بىننى مەنسۇر ۋاپات بولغىچە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خەت - ئالاقە داۋاملىشىپ تۇرغان. ئىسمايىل بىننى مەنسۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ نامىدا قادىرخان بىلەن بولغان ئالاقىنى داۋاملاشتۇرغان. تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بازىر ئارسلانخاننىڭ قېرىندىشى ئوغۇلچاقنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرك خانلىرى ئىسلام ئەلچىلىرىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولدى. كېيىن ناسىر بىننى مەنسۇر ئاكىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قەشقەرگە قېچىپ باردى. ئوغۇلچاق ئۇنى ئالاھىدە مېھمان قاتارىدا كۈتۈپ: (ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك تۇرۇۋېرىڭ، قېرىندىشىڭىز سىزگە جاپا قىلغان بولسا، مەن سىزگە ۋاپا قىلىمەن) دېگەن ھەم ئۇنى ئارتۇچنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن»[1].

[1] «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»غا قاراڭ، خۇۋا تاۋ: «8 — 10- ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2000- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 219- بەت.

بىز بۇ مەلۇماتتىن قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ بىلگە كۆل قادىرخان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز ھەمدە بىز يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى جۇڭگونىڭ كىلاسسىك سالنامىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر بايانلارغا ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەسىلىنىڭ خۇۋا تاۋ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «11- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى...... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئېگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي» دىغان ھالەتتە ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى (217- جىلد، 1- قىسمى)» دە، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇنداق مەلۇماتنى ئۇچرىتىمىز: «تيەنباۋ-نىڭ تۇنجى يىلى (742) گۇربالا قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلىرىنى ئوڭ - سول «يابغۇ» دەپ ئاتاپ، باسمىللارغا ياردەملىشىپ قۇتلۇق قاغاننى يوقاتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، باسمىللارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېلتەرىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى كۆچلۈك بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا «دىيانەتلىك خان» دېگەن ئاتاقنى بەردى»①. بۇ مەلۇمات بىزگە «كۆچلۈك بىلگە كۆل قاغان» دېگەن نامنىڭ خاننىڭ ئىسمى ئەمەس، خانلىق ئاتىقىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۇيغۇر خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلاتتى. بۇ، ئەقلى سۇ يىغىلغان يەرگە يەنى كۆلگە ئوخشاش كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەقىللىك كىشى «بۇگۇ بىلگە» دەپ ئاتىلىدۇ»② دېگەن بايانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىلىرىنىڭ

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 217 - جىلد، 1- قىسمى.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 558- بەت.

نامىدىكى بىردەكلىك بۇ ئىككى خانلىقنى قورغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدا مەلۇم ئورگانىك باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش 11- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خۇا تاۋ ئەپەندىنىڭ «مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئېگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ئانچە ئەستايىدىل كۆرمىگەنلىكى ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ «ئۆتۈكەن» ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ «ئۆتۈكەن— تاتار (موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن»[①] دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇ بايانلاردىن مۇئەللىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مەزكۇر «ئۇيغۇر ئېلى» نىڭ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىكەنلىكى، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ قاراخانىيلارغا قارىغاندا، قوچۇ خانلىقىغا جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن يېقىنلىقىنى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ناھايىتى ئاسانلا بىلەلەيدۇ. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈكەن قاتارلىق غەيرىي مۇسۇلمان يۇرتلىرى قانداق ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۈستىدە ناھايىتى ئاز توختالغان. مۇئەللىپنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنىڭغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ: «مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ نامىلىرىنىلا يازدىم. چۈنكى، بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى، ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق. تۈركىي تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ

---

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 186- بەت.

يازمىدىم. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭمۇ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ھەممىگە تونۇش بولغانلىرىنىلا توغرا شەكلىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتتۇم»[1].

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر مەسىلە، 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان 8-، 9- ئەسىرلەرگە ئائىت دەپ قارىلىۋاتقان تارىشىغا (قوۋزاقڤا) يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ 2- قۇرىدىكى «...... بولمىش، تۇرنانمىش، ئالپىن، ئاردام، ئېل تۇغ بولمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرىخان...... خانلىق تەختىدە بولۇپ، شەرقتە شاجۇدىن......» دېگەن بايانلار گەرچە ھازىرغا قەدەر مەزكۇر ۋەسىقىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار تەرىپىدىن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ» دەپ قارالسىمۇ[2]، ئەمما بۇ ۋەسىقىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان «ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرىخان» دېگەن بۇ نام دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەيلى قانداق ولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، قاراخانىيلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ تۇنجى خانلىرىنىڭ امىنىڭ ئوخشاش ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق قارىشى ۋە خانلىق ئەنئەنىسىدىكى بىردەكلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى» دېيىن بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئىككى قەبىلىنى بايان قىلغاندا، ئۇلارنى خاقانىيە تۈركلىرىدىن ئايرىپ بايان قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا، ئۆز

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 37- بەت.

[2] خۇا تاۋ: «8 — 10- ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000- يىلى نەشرى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 283- بەت.

قەلىمى ئاستىدىكى «تۈرك» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرى» نىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. پەقەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئومۇمىيلىق ۋە ئەينى دەۋردىكى دىنىي پەرق تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى نامنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. ئەمما، ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇنلاردا خاقانىيە تۈركلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكىدىن ئېنىق بېشارەت بېرىدۇ.

مەسىلەن، ئۇ «ئۇيغۇر» سۆزىنى شەرھلىگەندە مۇنداق يازىدۇ: «uyγur ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹اينان خد خرند inan hužhuränd — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خدخر hužhur› دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن ‹خ› ھەرپى ‹ا-ئەلىف› كە ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ ‹ا-ئەلىف› نىڭ ‹خ› غا ۋە ‹خ› نىڭ ‹ا-ئەلىف› كە ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ ‹خمير hämir› دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى، ئوغۇزلار ‹امير ämir› دېيەلمەي، ‹ا-ئەلىف› نى ‹خ› غا ئالماشتۇرۇپ ‹خمير hämir› دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى ‹خمير تكين hämir tägin› دەپ ئاتايدۇ. خۇددى ‹ئۇيغۇر› سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە

(ا - ئەلىق) ھەرپى (خ) غا ئالماشقان.»[①]

«...... ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆز - لىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرستىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت - چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ.»

مەھمۇد كاشغەريي يەنە مۇنداق يازىدۇ: «سەھرا - قىر خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل بولۇپ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قاي، ياباقۇ، تاتار، باسمىل قەبىلىلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭمۇ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار، جۇملىدىن تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق، چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدۇ. يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن. رۇم ئۆلكىسى يېنىدىكى بۇلغار، سۇۋار، پەچەنەكلەرنىڭ تىللىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى مىجاملاشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر.

تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى. شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ. بالاساغۇنلۇقلار سوغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق. ئىسپىجاپ شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بۇزۇقلۇق بار، قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى

---

① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 -، 152- بەتلەر.

بىلەن سۆزلىشىدۇ......»[1].

مۇئەللىپىنىڭ بۇ يەردە «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىدىن بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ دەل مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، ئۇ كىتابىنىڭ باش قىسمىدىلا: «...... مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇرغۇزغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلەشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سېغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ.

ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا بىر ئالىمنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە: ‹تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ› دېگەنىكەن.

بۇ ھەدىسكە ئېيتقۇچى كىشىلەرنىڭ ئۆزى جاۋابكار. بۇ ھەدىس

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 40-، 41- بەتلەر.

راست بولسا، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. راست بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا، مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.

ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم»[①].

دېمەك، بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىش سەۋەبى ۋە جەريانىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۆزى ئۆگىنىش زۆرۈر بولمىغان «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»نى بۇ دائىرىگە كىرگۈزمەيدۇ.

قارلۇق ياكى ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغان خەلقلەردىن ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى ئۇزۇندىلەردىن ئېنىقمۇ نىق بىلەلەيمىز. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ۋە ئادەتلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

qarluq قارلۇق. ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر. ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 618- بەت).

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-، 2-، 3- بەتلەر.

qarluqlandï قارلۇقلاشتى. قارلۇق قىياپىتىگە كىردى. قارلۇق — تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، II توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 402- بەت).

tat تات. پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزەرىدە، پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تتغ كوزرا تكانك تبرا» — تاتنىڭ كۆزىگە (ئۇر)، تىكەننىڭ تۈۋىگە. تات — توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، «tat tavγač» دەيدىكەن. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق» دېگەن بولىدۇ. يۇقىرىقى ماقال ئۇلارغا (ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلارغا) قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋاپاسىز كېلىدۇ. شۇڭا، تىكەننى يىلتىزىدىن كېسىش لازىم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرنىڭمۇ كۆزىگە ئۇرۇش لازىم دېمەكچى. يەنە بىر ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس»، بۇنىڭ مەنىسى: باشسىز بۆك بولمىغىنىدەك، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، II توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 409-، 410- بەت).

بۇ يەردە سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، تات — پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزەرىدە، پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «تات» ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتمەيدۇ. ئىككىنچى، تات — توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، «tat tavγač» دەيدىكەن. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق» دېگەن بولىدۇ. ئۈچىنچى، توخسى ۋە ياغمىلارنىڭ نەزەرىدىلا «ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلار ۋاپاسىز كېلىدۇ» دەپ قارالغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا، ياغما، توخسى قاتارلىق قوۋملار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقانلىقى تەبىئىي.

يادا. بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا،

يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، III توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-، 2- بەتلەر).

بىستە — ئۆيگە چۈشكەن سودىگەرلەرنى قوندۇرىدىغان سارايۇمەن. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى سېتىشىپ بېرىدۇ، قويلىرىنى يىغىشىپ بېرىدۇ ۋە سودىگەرلەرنى كۈتىدۇ. سودىگەر كېتەر ۋاقتىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن 20 قوي ھېسابىغا بىر قوي ئالىدۇ. توخسى، ياغما، چىگىل قەبىلىلىرىدە مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، III توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 96- بەت).

ئەگەر خان جەمەتى ياغمىلاردىن بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل ئادەتلەرنى ئۆزى بىلگەن بولاتتى، ھەرگىزمۇ «مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم»، «ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېمىگەن بولاتتى.

«ياغما تەلىماتى» نى قوللىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىدىغان يەنە بىر
كىتى «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى «كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار
ى ياغمىلاردىن بولغان» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى پاكىت
ساسى قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى ياغمىلارغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئەسلىي مەنبەسى بىلەن سېلىشتۇرمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەستايىدىل ئانالىز قىلمايلا بۇ يەكۈننى چىقارغان.

تۆۋەندە بىز «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ مىنورىسكىي تەرىپىدىن 1937- يىلى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، 1970- يىلى لوندوندا 2- قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى بىلەن، ۋاڭ جىلەي ئەپەندى 1983- يىلى تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى ۋە 2003- يىلى ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى تەرىپىدىن «تۈزۈلگەن» ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ «ياغما دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا» دېگەن قىسمىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىمىز:

East of it is the Toghuzghuz country(nāhiyat); south[?]of it, the river Khūland – ghūn which flows into the Kuchā river;

west of it are the Khallukh borders (hudūd). In this country there is but little agriculture, (yet)it produces many furs and in it much game is found.

其东为九姓古斯国；南（？）为胡兰根河，该河注入库车河；西为葛逻禄边境。此国仅有少量农业，（但）出产许多皮毛，还有大量猎物。

ياغمىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى، جەنۇبىدا (؟)
خۇلانغۇن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىدە
قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا - رايونلىرى بار. بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى
تازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ - تېرە كۆپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە
نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى بار.

Their wealth is in horses and sheep. The people are hardly(sakht), strong, and warlike(jang_kun), and have plenty of arms. Their king is from the family of the Toghuzghuz kings. These Yaghmā (Yaghmā'iyān) have numereous tribes; some say that among them 1700 known tribes are counted. Both the low and the nobles among them venerate (namāz barand) their kings. The B.Lāq (B.lāqiyān) are also clan (qaum) of the Yaghmā mixed with the Toghuzghuz, and in their region there are a few villages (dih_ha _st andaki).

他们的财产是马匹和羊只。其人民坚韧，强壮，好战，武器很多。他们的国王与九姓古斯人的国王同族。这些样磨人有众多的部落。有人说，他们当中知名的部落计有一千七百。他们无论是低阶层的人和贵族，都尊敬他们的国王。B. Lōq (B. lōqiyān) 也是一个样磨氏族，与九姓古斯人混合了。在样磨国村庄很少。

ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي. ئادەملىرى قەيسەر، كۈچلۈك،
ئۇرۇشخۇمار؛ قوراللىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز
ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن. ياغمىلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بار.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن نامدار 1700 قەبىلە بار ئىكەن. ئۇلار

مەيلى تۈۋەن تەبىقىدىكىلەر بولسۇن ياكى ئاقسۆڭەك بولسۇن، پادىشاھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. بىلاق B. Lāq (B. lāqiyān) مۇ ياغما قەبىلىسىدىن بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ياغما دۆلىتىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ناھايىتى ئاز.

1. Kāshghar | belongs to Chinistān but is situated on the frontier between the Yaghmā, Tibet, the Khirkhiz, and the China. The chiefs of Kāshghar in the days of old were from the Khallukh, or from of the Yaghmā.

The mountain Ighrāj - art traverses (andar miyān) the Yaghmā country (nāhiyat-i Yaghmiyā[sic]).

喀什噶尔，属中国，但位于样磨、吐蕃、黠戛斯与中国之间的边境上。喀什噶尔的首领们往昔是葛逻禄人或样磨人。

伊格拉吉·阿尔特山横穿过样磨国。

كاشغەر جۇڭگوغا تەۋە. ياغما، تىبەت، قىرغىزلارنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان.

2. • Artūj (spelt: B. rtūj) was populous village of the Yaghmā, but snakes grew (so) numerous (ghalaba grift) (that) the people abandoned the village.

阿图什（拼作：B. rtūj），是个样磨的村庄，人口众多。但因那里蛇特别多，故人民抛弃了这个村子。

ئاتۇش (B. rtuj دەپ يېزىلىدۇ) — ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى، نوپۇسى كۆپ، بىراق بۇ يەردە يىلان ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن.

3. KHIRM. KI(Khirakli?), a large village. (The people) are • Artūjians (spelt: Bartūji). In the village are three kinds of Turks: Yaghmā, Khallukh, and Toghuzghuz.

KHNIRM. KI(Khirakli?)、是一个大村庄。（人民）时阿图什人（拼作：Bartūji）这个村子里有三种突厥人：样磨人、葛逻禄人和九姓古斯人。

كىنزىمكىل KHNIRM.KI (Khirakli?) — بىر قىشلاق. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئاتۇشلۇقلار بولۇپ (Bartūji)، بۇ كەنتتە ئۈچ خىل تۈركلەر — ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار ياشايدۇ[1].

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتتىن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى ئابزاستىكى (west of it are the Khallukh borders(hudūd دېگەن جۈملە ئۇيغۇرچە نەشرىدە «غەربىدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا-رايونلىرى بار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسلى «غەربىي قىسمى قارلۇقلارنىڭ چېگرا - پاسىللىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى. بۇ يەردە ئەسلى تېكىستتە مەۋجۇت بولمىغان «دۆلەت» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ قالغان.

«بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى تازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ-تېرە كۆپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى بار» دېگەن سۆز بىلەن ئىككىنچى ئابزاستىكى «ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي ...... ياغما دۆلىتىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ناھايىتى ئاز» دېگەن بايانلارغا كەلسەك، بۇ بايانلار كىشىگە تەبىئىي ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان بىر ئەلنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بۇ قەشقەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«Their king is from the family of the Toghuzghuz kings» دېگەن جۈملىدىكى «family of the Toghuzghuz kings» دېگەن جۈملە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرىدە «ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن» دەپ تەرجىمە قىلىنماي، «ئۇلارنىڭ خانى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى بىر جەمەتتىن» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى. چۈنكى، «family» سۆزى «ئائىلە»،

[1] *HUDUD al-ĀLAM* (The Regions of the world 372. A.H—982 A.D), Translated and explained by, V. Minorsky. Second edition, PP94—95; Chinese edition, P66; Uyghur edition, PP119—120.

«جەمەت» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، «قوۋم» بىلەن «جەمەت» ناھايىتى زور دەرجىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم. ئەگەر بۇ سۆز توغرا تەرجىمە قىلىنمىسا، ياغمىلار بىلەن توققۇز ئوغۇز خانلىرىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى ياخشى شەرھلەنمەي قالىدۇ.

Kāshghar | belongs to Chinistān but is situated on the frontier between the Yaghmā, Tibet, the Khirkhiz, and the China.

بۇ ئابزاستىكى Chinistān ، «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بىۋاستە ھالدا جۇڭگو دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ئۇقۇم خاتالىقى جۈملىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدىكى «ئەمما، ياغما، تىبەت، قىرغىزلارنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان» دېگەن سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ لوگىكىلىق خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، Chinistān دېگەن سۆزنى بىۋاستە «جۇڭگو» دەپ ئەمەس، بەلكى ئەسلىي تېكىستكە سادىق بولغان ئاساستا «چىنىستان» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، پۈتۈن ئابزاستا لوگىكىلىق خاتالىقتىن ساقلانغاندىن سىرت، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىر ۋەسىقىلىرىدىكى «چىن» ئۇقۇمىنىمۇ ياخشى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنگلىزچىدىكى «but» (ئەمما) دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر ئۇلانما پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

كۆپلىگەن كىشىلەرنى خاتا ھۆكۈمگە باشلىغان تۆۋەندىكى جۈملىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى:

The chiefs of Kāshghar in the days of old were from the Khallukh, or from of the Yaghmā.

بۇ جۈملە مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىمۇ ئىنگلىزچىدىكى chiefs (سەردارلار) سۆزىدىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى «s» بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى «们» چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئەسلىي «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى»

بولسا توغرا بولغان بولاتتى. بۇ جۈملىنى «قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ياغمىلاردىن ئىدى» دېگەن پاكىتقا ئاساس قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەر مەزكۇر جۈملىدىكى «ئىلگىرى» دېگەن ئېنىقلىغۇچىغا دىققەت قىلماي، «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن بولغانىكەن قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ئەلۋەتتە قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن بولۇشى كېرەك» دېگەن خاتا يەكۈننى چىقارغان. ئەگەر بىز «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دېگەن جۈملىنى ئالدىرىماي توغرا ئوقۇيدىغان بولساق، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋرلەردە كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاللىقاچان قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىكى ئاتالمىش «ئاتۇش» توغرىسىدىكى بايانلارمۇ مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنى بىرمەھەل قايمۇقتۇرۇپ قويىدى. تۆۋەندە بىز بۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقايلى:

* Artūj (spelt: B.rtūj) was populous village of the aghmā, but snakes grew (so) numerous (ghalaba grift) (that) ıe people abandoned the village.

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «Artūj(spelt: B.rtūj)» دېگەن سۆزنى بىۋاسىتە «ئاتۇش» دەپ ئىشلەتكەن. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر ئەسلىي تېكىستتىكى «Artūj» دېگەن سۆزگە قاراپلا بۇنى «ئاتۇش بولۇشى مۇمكىن» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. مەزكۇر سۆزگە مىنورسكىي تەرىپىدىن قويۇلغان يۇلتۇز بەلگىسى ۋە ئەسلىي تېكىستتە يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان «spelt: B.rtūj» B.rtūj) دەپ يېزىلىدۇ دېگەن سۆزگە ئېرەن قىلمىغان ۋە مەزكۇر سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىلا «ئاتۇش» دەپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھاتمۇ بەرمىگەن. شۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغۇچىلار ئەسلىي مەنبەنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى ۋە ئىستىكىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇنىڭدىن خاتا پايدىلانغان.

بۇ خاتالىقنى قوبۇپ تۇرۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشرىدىكى «ئاتۇش (B. rtuj دەپ يېزىلىدۇ) — ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى، نوپۇسى كۆپ، بىراق بۇ يەردە يىلان ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن» دېگەن جۈملىنىڭ ئۆزىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ، مەزكۇر جاينىڭ «يىلان كۆپ بولغانلىق» سەۋەبىدىن «بۇرۇنقىلار» تەرىپىدىن تاشلاپ كېتىلگەن ئادەمزاتسىز جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولغاندىمۇ «Artūj(spelt: B. rtūj)» دېگەن سۆزنى «ئاتۇش» دەپ چۈشىنىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق.

KHIRM. KI(Khirakli?), a large village. (The people) are • Artūjians(spelt: Bartūji). In the village are three kinds of Turks: Yaghmā, Khallukh, and Toghuzghuz.

دېگەن ئابزاستىكى KHIRM. KI(Khirakli?) دېگەن نام، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدا KHNIRM. KI دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئابزاستىمۇ مەزكۇر كەنتنىڭ ئاھالىسى بولغان • Artūjians(spelt: Bartūji) نى يەنىلا خاتا ھالدا «بۇ يەرنىڭ خەلقى ئاتۇشلۇقلار» دەپ ئېلىنتىپ، «ئاتۇشلۇقلار» دېن ئىبارەت يېڭى بىر خەلق توپىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەمدى بىز «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى بايانلارنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا سېلىشتۇرساق، يەنە بىر قىسىم يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، مەھمۇد كاشغەرىي ئاتۇش ھەققىدىكى تېرمىندا مۇنداق يازغان:

artuč ئارتۇچ، ئارتۇچ دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار[①].

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 128- بەت.

مىنورسكىيمۇ Artūj(spelt: B. rtūj) دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغان مەنىسىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا يۇلتۇز بەلگىسى قويۇپ قويغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ سۆزنى بىۋاسىتە ئاتۇش دەپ ئىشلىتىشى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى خاتىرىلەرگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئاتۇشنى ئېنىق قىلىپ «ئارتۇچ» دەپ يازغاندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىي يەنە مۇشۇ نامدا ئاتالغان ئىككى يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىشنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويمىغان. ئەگەر «Artūj (spelt: B. rtūj)» دېگەن بۇ نام ھەقىقەتەن ئاتۇشنى كۆرسەتسە، مىلادىيە 982 - يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ پارسلاردىن بولغان ئاپتورى كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىنىڭ شاھىتى بولمىش بۇ بازارنى ھەرگىزمۇ «B. rtūj» دەپ خاتا خاتىرىلەپ قويمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پارس سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ دالالىتى بىلەن، مەزكۇر ئەسەر يېزىلىشتىن تەخمىنەن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى پۈتۈن ئىلىم ئەھلىگە ناھايىتى ئېنىق بىر ئىش.

بىزنىڭچە، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن يۇرت ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىكى مەلۇم تاغلىق جىلغىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى «Īla ئىلى. بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر»[1] دېگەن بايانلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

بەلكىم يەنە بەزى كىشىلەر مەزكۇر خاتىرىدىكى «...... جەنۇبىدا(؟) خولانغۇن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ» دېگەن بايانلارغا ئېسىلىۋېلىپ، «كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ» غان دەرياسى بار ئىكەن، بۇ يۇرت قانداقسىگە ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى مەلۇم

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 124 - بەت.

بىر يۇرت بولۇپ قالىدۇ دېيىشى مۇمكىن، بىراق شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئاپتورى پارسلار زېمىنىدىن باشقا جايلارنى خاتىرىلىگەن بايانلىرىدا نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتىمىزدا «خولانغۇن دەرياسى» دەيدىغان دەريانىڭ بولغانلىقىنى يەرلىكتە يېزىلغان ھېچقانداق بىر يازما مەلۇماتتىن تاپقىلى بولمايدۇ.

دېمەك، بىز «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى ياغما ۋە قەشقەرگە دائىر بايانلارنى توغرا شەرھلىيەلىسەكلا، ئاندىن قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەلەيمىز ۋە ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەت مەركەزلىرىگە قارىتا بىرقەدەر ئېنىق چۈشەنچىگە كېلەلەيمىز.

سوغد يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار دائىرىسىدە ئورتاق ئىشلىتىلىشىمۇ بۇ ئىككى خانلىق كىشىلىرىدىكى مىللىي بىرلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىدا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بارا - بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، قاراخانىيلار خانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يەنىلا كەڭ قوللىنىلىدىغان يېزىق بولۇپ، ئەرەب يېزىقى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇ خىل ھالەت ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان[1].

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر زېمىن جەھەتتىن بىرقەدەر تۇراقلاشقان دەۋردىن يەنى 5- ئەسىردىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ تىللىرى شەرقىي تۈركچە ۋە غەربىي تۈركچە دەپ ئىككى چوڭ قاناتقا بۆلۈندى. ئىسسىق كۆلنى مەركەز قىلغان «تېلې» لەرنىڭ ئوڭ قانىتى غەربىي تۈركىي تىلدا، سول قانىتى شەرقىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر توپلىرى ئىدى. غەربىي قاناتتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى

---

[1] M. Erdal : *The turkish Yarkand Documents*, BSO(A)S, Vol 47 (1984), London , p. 282.

ئوغـۇز تۈركمەنلـىرى، قىپچـاقلار تەشكىـل قىلاتتـى؛ شـەرقىي قاناتتىكى قەبىلىلەر توپىنىڭ ئاساسىنى توققۇز ئوغۇزلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى، بۇلارنىڭ تىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ئىدى.

10 ـ ئەسىردىن كېيىن ۋە مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە، بۇ ئىككى گورۇپپا تىلدىن غەربىي قىسىمدىكى خەلقلەر تىلى «ئوغۇز تىلى» دەپ، شەرقىي قىسىمدىكى خەلقلەر تىلى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۈرك تىلى» قەدىمكى تۈرك (كۆكتۈرك) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇڭا، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن[①].

مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللار توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەرنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ......
تىللارنىڭ ئېنىقى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك، ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدۇر.

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، كىرىش سۆز قىسمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.

بولارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»[1]. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي پۈتكۈل ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن خاقانىيە تىلىنى «ئەڭ پاساھەتلىك تىل» دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا يەنە «تىل» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە يەنە شۇنچە كۆپ تىللارنى قايرىپ قويۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى مىسال كەلتۈرۈپ «تىل — سۆز. ‹ئۇيغۇر تىلى›، ‹خىتاي تىلى› دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان»[2] دەپ مەزكۇر تىلغا نىسبەتەن يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئەمدى بىز «قاراخانىيلار خانلىقىنى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان» دېگەن قاراشقا كەلسەك، لى شۇخۇي ئەپەندى ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ پاكىت ئاساسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچىدىن، «قاراخانىيلارنىڭ ئاھالىسى ئەزەلدىن ئۆزىنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتىمىغان، بۇ سۆز بىلەن مەخسۇس قوچۇ ئۇيغۇر لىقىنى كۆرسەتكەن»[3]. مۇئەللىپ بۇ سۆزىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ركي تىللار دىۋانى» نىڭ «ئۇيغۇر» ماددىسىدىن «ئۇيغۇر. بىر نىڭ نامى...... بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقلىرى ئەشەددىي كاپىرلار ۋە ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر بولسا: سۇلمى — بۇ شەھەرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق» دېگەنلەرنى ئۈزۈندە ئېلىپ، ئۆز پىكرى سۈپىتىدە «تېكىستتىكى ‹كاپىر› نىڭ ئالدىغا ‹ئەڭ ئەشەددىي› دېگەن سۈپەت سۆزىنى قوشۇشى، ئۇيغۇرلارغا بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئاپتورى

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 40-، 41-بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، III توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىلى 1- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 183-، 184- بەتلەر.

③ لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004- يىللىق 4- سان، 49-، 50- بەتلەر.

قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلىنى ‹خاقانىيە تۈركچىسى› دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن زاماندىش بولغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ‹ئۇيغۇر تىلى› دېمىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار ئۆزلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت بار دەپ قارىمىغان»؛ ئىككىنچىدىن، «مەزكۇر خانلىق ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن باشتىن - ئاياغ ئېنىق چېگرا - پاسىلىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەگەر قاراخانىيلار خانلىقىنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان بولسا، سەۋەبسىزلا ئۆزئارا قارىمۇقارشى، بىرتۇتاش بولمىغان ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى (مەسىلەن، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش). بۇ ئەھۋالمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»[1].

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى «ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» دېگەن سۆزىگە قاراپلا، بۇ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراش ئىنتايىن يېنىكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى، ئىسلامنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان باغدادتا ئۆز ئەسىرىنى روياپقا چىقارغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىنىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى «ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» دەپ ئاتىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلىنى ‹خاقانىيە تۈركچىسى› دەپ ئاتىغان، مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن زاماندىش بولغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ‹ئۇيغۇر تىلى› دېمىگەن» لىكىگە كەلسەك، بۇنىڭدىكى پاكىتلار

[1] لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004- يىللىق 4- سان، 49-، 50- بەتلەر.

ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆز ئەسىرىدە ھەرگىزمۇ «مەن بۇ ئەسىرىمنى پالانى تىلدا يازدىم، مەن پالانى مىللەتتىن» دېمەيدىغانلىقى، مەزكۇر ئەسەرنى كۆرگەن كىشىنىڭ «بۇ ئەسەر پالانى تىلدا ياكى پالانى يېزىقتا يېزىلىپتۇ» دېيىشى ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما، شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان.

ئەمدى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىرتۇتاش ھاكىمىيەت قۇرمىغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بۇنىڭغا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بىر قوۋم چوقۇم بىر خانلىق بولۇپ ئۇيۇشۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى بىر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ مىللەت مەنبەسىگە سەۋەب قىلىشمۇ ئانچە مىلىك ئەمەس دەپ قارايمىز.

لى شۇخۇي ئەپەندى «قاراخانىيلار خانلىقىنى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق بىلىسى قۇرغان» دېگەن قارىشىنى يەنىمۇ كەڭ پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تۆۋەندىكى ئۆزۈندىلەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ: «...... مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ ‹خەمىر› دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى، ئوغۇزلار ‹ئەمىر› دېيەلمەي، ‹ا-ئەلىف› نى ‹خ› غا ئالماشتۇرۇپ ‹خەمىر› دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى ‹خەمىر تەگىن› دەپ ئاتايدۇ. خۇددى ‹ئۇيغۇر› سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە ‹ا-ئەلىف› ھەرپى ‹خ› غا ئالماشقان» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 152- بەت). بۇ بىر ئابزاس ماتېرىيال شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇنىڭ (مەھمۇد كاشغەرىينى دېمەكچى — ئا) ئەجدادلىرى قۇرغان بولۇپ، ئوغۇزلار سامانىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوغۇز قەبىلىسىدىن چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ‹سامانىي ئوغۇللىرى›

بولسا، نۇھ ئىبن ئەسەد قاتارلىق سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى كۆرسىتىدۇ»[1]. لى شۇخۇي ئەپەندى بۇ يەردە جۈملىنىڭ ئىگىسىنى توغرا چۈشىنەلمەي، ئوغۇزلار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خاقانىيە تۈركلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. چۈنكى، «ئەمىر» نى «خەمىر» دەيدىغانلار خاقانىيە تۈركلىرى ئەمەس ئوغۇزلاردۇر. «تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز» دېگەن سۆزگە كەلسەك، مىلادىيە 999- يىلى قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىلىگ ناسىر قوشۇن باشلاپ ماۋارەئۇننەھر رايونى، جۈملىدىن سامانىيلارنىڭ ئاستانىسى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىيلار خانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكى[2] تارىخىي مەلۇماتلاردا ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن، «تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان» مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسىمۇ، خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ قاغانى بولغان بولىدۇ. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان يەنە بىر دەسمايىسىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئوغۇز. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ. بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلار- دىندۇر» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 77- بەت) دېگەن ئۈزۈندىنى كۆرسىتىش بىلەن، «بۇ خاتىرە ئاپئاشكارا خاتاسىز ھالدا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانلىرى ئوغۇزلارنىڭ

---

[1] لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2004- يىللىق 4- سان، 52- ، 53- بەتلەر.

[2] مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 223- ، 224- بەتلەر؛ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 82- بەت؛ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېركلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25- بەت.

قىنىق قەبىلىسىدىن چىققان» (لى شۇخۇيىنىڭ ماقالىسى، 57- بەت) دەپ قارىغان.

لى شۇخۇي ئەپەندى بۇ يەردە مۇنداق بىرنەچچە خاتالىققا يول قويغان. بىرىنچى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ يېزىلغان ئورنى ۋە ئەسەر يېزىلغان تارىخىي شارائىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنى «تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرستىش» («دىۋانۇ لۇغاتىتىن تۈرك»، I توم، 5-، 6- بەتلەر) ۋە «كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 38- بەت) ئەينى ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئوغۇز تۈركلىرىدىن بولغان سالجۇقىيلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەلگە ئايلىنىپ قالغان[1] ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى باغدادتا يازغان. ئىككىنچى، «زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى» دېگەندە، مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنى ئەمەس، بەلكى سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانلىرىنى كۆزدە تۇتقان. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» باغدادتا يېزىلىۋاتقان زاماندا، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىمۇ سالجۇقىيلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەلگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى «سۇلتان» ئاتىقىنى ئىشلەتمىگەن. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنى تىلغا ئالغاندا «خان»، «بەگ» دېگەندەك تېرمىنلارنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «قادىر» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «قادىر — خاقانىيە خانلىرىنى ‹قادىرخان› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 472- بەت) دەپ ئىزاھات بەرگەن. «ئارسلان، شىر. خانلارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، III توم، 563- بەت)؛ «قارا. خاقانىيە خانلىرى ‹قارا› دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ‹بۇغرا قارا خاقان› دېگەندەك. بۇ ھەقتە بىر ھېكايە بار. قارا قۇش، بۈركۈت. قارا قۇش —

---

[1] بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، جۇڭگو كىتابچىلىق ئىدارىسى 2005- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 29- بەت.

مۇشتەرى يۇلتۇز» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، III توم، 305 ـ، 306 ـ بەتلەر)؛ «قىلىچ خان — خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئات قويۇلىدۇ» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 465 ـ بەت). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ «خاقانىيە بەگلىرى» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي پەقەت ئوغۇزلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ساناپ كېلىپ، ئاشۇ بىر يەردىلا «زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ئوغۇز تۈركلىرىدىن چىققان خانلارنىڭ ئالىي نامى ئىدى. ئۈچىنچى، مەيلى لى شۇخۇي ئەپەندى بولسۇن ياكى مەزكۇر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان باشقا ئالىملار بولسۇن، زور كۆپچىلىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تىلى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە قارىتا تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، مەزكۇر ئەسەردە خاتىرىلەنگەن ماقال ـ تەمسىللەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تىبابەتچىلىك ۋە دۇنيا قاراشقا دائىر بايانلارنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشتۈرمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا سەل قارىغان. بىز بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن باسكاكوفنىڭ «تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىي ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل دىۋاندا ‹تۈركىي تىل› ياكى ‹خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى› دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن، شۇنداقلا قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ»[1]، «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ يەنى

---

[1] باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ، 71 ـ بەت.

ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىلنىڭ (10 — 12- ئەسىرلەر)، ئاندىن ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلنىڭ (12 — 13- ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (13 — 14- ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (13 — 14- ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (15 — 19- ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (17 — 19- ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى[1] دېگەن ئىككى ئابزاس سۆزىگە يىغىنچاقلاشنى لايىق تاپتۇق.

ھەقىقەتەنمۇ «خاقانىيە تىلى» قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى. 14- ئەسىردىن كېيىن «كاشغەر تۈركچىسى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ خانلىقنىڭ دۆلەت يېزىقى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ بۇنى كىتابىنىڭ بېشىدا تۈركىي ھەرپلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۈرنەك كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك ۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەتلاقلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 11- بەت) دەپ شەرھلىگەن. مەيلى لېكسىكا، گىرامماتىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر تىلى «خاقانىيە تۈركچىسى» گە ئەڭ يېقىن ۋە «خاقانىيە تۈركچىسى» نىڭ ئەڭ بىۋاستە ۋارىسلىرى بولۇپ[2]، بۇلارمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغانلىقىنىڭ يەنە بىر پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ يەكۈنىمىز

---

[1]باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-، 71- بەتلەر.

[2]مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 17-، 40-، 43-، 44-، 82-، 88-، 116-، 125-، 146-، 147-، 400-، 443-، 483-، 491-، 495-، 536-، 603-، 615- بەتلەر؛ III توم: 14-، 63-، 96-، 185-، 190- بەتلەر ۋە شۇ قاتاردىكى سۆزلۈكلەر سېلىشتۇرۇلغان مۇناسىۋەتلىك بەتلەرگە قاراڭ.

ھەرگىزمۇ مەزكۇر ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، مەزكۇر ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ يەنە يېڭى كۆزقاراشلىرى بىلەن بۇ تەتقىقاتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

(بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2007- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلغان «يەنە قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن.)

# ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر①

قۇربان نىياز

پارىژ دۆلەتلىك مۇزېيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن .بىر تۈركۈم يازما ھۆججەتلەر ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇدۇن ساك يېزىقىدا يېزىلغان «ئۇدۇن پادىشاھى ۋىيسارا سۇرادىن شاجۇ بېگى ساۋ يۈەنجۇڭغا مەكتۇپ» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «مەكتۇپ» دېيىلىدۇ) ناملىق بىر پارچە ھۆججەت بار. P5538a نومۇرلۇق بۇ ھۆججەت 1954 - يىلى ئەنگلىيە ئالىمى خ. ۋ. بەيلېي (H. W. Bailey) تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ ئوقۇلدى ۋە ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلىندى[1].

مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇدۇن ۋىيسارا خانلىقى قەشقەر قورغىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇن ۋە قەشقەر ھەققىدىكى تەتقىقاتتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە، شۇنداقلا بۇ مەكتۇپ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن.

---

① قۇربان نىياز: «ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىلى 2 - سان.

## 1. مەكتۇپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى[2]

(باش قىسمى يوقالغان)

«يەتتىنچى ئايدا لەشكەرلەرنى باشلاپ khyesakara غا يېتىپ كەلدۇق. مەزكۇر شەھەر ئاھالىسى ئەل بولماقچى تەييارلانغانىكەن. بىزگە دۈشمەنلىك نەزەرىدە قاراۋاتقان Tazik Tsun Hien نىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرى، خوتۇنلىرى، پىللىرى، ئارغىماقلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ مال - مۈلكى (ئۆدۈن) ئوردىسىغا تاپشۇرۇلدى. ھالا بۈگۈنگە قەدەر بىزنىڭ (قوشۇنىمىز) Sichun — Taikuan دا تۇرۇۋاتىدۇ. ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى بولسا ئۆزۈلدۈرمەي مەزكۇر شەھەرگە توشۇۋاتىمىز. چۈنكى، (بۇ) شەھەردە ئاھالە كۆپ بولغانلىقتىن ھەممىشە ئاشلىق ئۆكسۈپ قالىدىكەن، كېيىن بىز ئۈچ گۇرۇپپا لەشكەرنى شەھەرنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. ھەربىر گۇرۇپپىدا بىردىن سەركەردە ۋە 1800 لەشكەر بار. تەۋەلىكىمىزدىكى سەككىز تېكىن ئىزچىل تۇردە ئاشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھەيۋىتىمىز Sichun — Taikuan ئەتراپىغىچە تارقالدى. چاغرى (Cagri) خاننىڭ ئادەملىرى ۋە Tazik Tsun Hien يوللارنى تىزگىنلىۋالغانلىقتىن، khyesa kara شەھىرىگە توشۇلۇۋاتقاندا (ماددىي بۇيۇملارنىڭ) بىخەتەرلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، (قوغداشقا) لەشكەر - ياساۋۇللار ئەۋەتىلدى. ئاشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ (يوللارنى) تىزگىنلىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ (يوللارنى) توسۇيالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەگ ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايسىز. ئادەملىرىمىز ھەر كۈنى ئاشۇ يەرلەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەرگە بىر پارچە پەرمان يوللىغاندىن كېيىن، يېقىندا ئاشۇ شەھەردىن (khyesakara شەھىرىدىن) چاپارمەن كېلىپ، چاغرى خاننىڭ 12- ئاينىڭ 27- كۈنى قوشۇن باشلاپ ئاشۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، 1- ئاينىڭ 4- كۈنىگە قەدەر يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا،

مەن زور قوشۇن ئەۋەتىپ تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمەن. Sichun — Taikuan دىكى لەشكەرلەرنىڭ قۇدرىتى ھەربىر تارماق قوشۇننىڭ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا كاپالەت بولالايدۇ. يات ئەلنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەت تىكلەش تولىمۇ مۇشكۈل ۋە جاپالىق ئىش. سىز، مېنىڭ تاغام بولمىش ساۋ بېگىم ئەندىشىدە بولمىغايسىز. بۇ يەرنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى قانداق بولىدۇ، بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا سىزنى يەنە ۋاقىپلاندۇرىمەن. ئۇ ۋاقىتلارغا بارغاندا، بۇ يەردە كۆچلۈك چىن (chin)لىقلار پەيدا بولۇپ، لەشكەرلىرىمىز ئۇزاق مەزگىل خانلىق زېمىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالغۇسى. ناۋادا يېمەكلىك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە يەتكۈزۈلمەي قالسىمۇ رەنجىپ كەتمىگەيسىز. ئاشۇ جايدا (khyesa kara دا) ھاكىمىيەت تىكلەپ بولغىچىلىك ھەر تۈرلۈك ئىشلار ساماندەك كۆپ بولىدۇ. ئەلنى ئىدارە قىلىش ۋە ھاكىمىيەت تىكلەش خىزمەتلىرىدە مۈشكۈلاتلار كۆپ بولغانلىقتىن، بەگ ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئەزىزانە تۇپرىقىڭىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەمراھ بولۇپ بارغان ۋەزىر ۋە سەركەردىلەردىن بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىسىڭىز بولىدۇ. پۇل - ماللار كۆپەيتىلگەن، ماددىي بۇيۇم، مال-چارۋا، ئادەم كۈچى ۋە لەشكىرىي كۈچ كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ توقۇنۇش توختىمىغانلىقتىن، ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشى بىر - ئىككى يىلغا سوزۇلۇپ كەتسە، تەسىرى كۈچلۈك چىنلىقلار رازى بولمىسا، بىز «بۇ، بۇ يەردىكى ئىشلاردا قىينچىلىقنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدىن بولغان» دەپ جاكارلايمىز. ناۋادا ساۋ بېگىم ۋە Sat sou (شاجۇ)لىقلار بىزدىن رەنجىمىسە، بىز بۇ يەردە ھاكىمىيەت تىكلەشكە قادىر بولالىساق، بۇ يەردىكى چىنلىقلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇپ قالساق، سوۋغاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلىسەك، ئۇ ھالدا سىزنىڭ مەۋقەيىڭىزدىن ئېيتقاندا ھەممىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھازىر بۇ يەردىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە، خان جەمەتى قانداق قىلغاندا بىزگە قارىتا ئىزچىل hvamcu بولىدۇ؟ ساۋ بېگىمگە سوۋغاتلارنى قانداق يەتكۈزىمىز؟ چىنلىقلار بىلەن قانداق قىلغاندا ياخشىلاشقىلى بولىدۇ؟ قاتارلىقلار. ھازىر بىز مۇقەددەس خان

ھوقۇقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. خان جەمەتى نۆۋەتتە بەگ ھەزرەتلىرىگە سوۋغاتلارنى قانداق يەتكۈزۈش ۋە چىنلىقلار بىلەن قانداق ياخشىلىشىش توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە. ھازىر بىز پۈتكۈل پىلاننى چەكلىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىسىلا، ئۇ يەردىكى خان جەمەتىنىڭ دىققەت - نەزەرى شاجۇغا چۈشىدۇ. بۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن غەلىبە قىلدى. لەشكەر تارتىپ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى Tazik لارنىڭ ئىچىدىكى بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز Tazik Tsun Hien بەدەر تىكىۋەتتى. ھازىرغىچە قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردا يەنىلا نۇرغۇن توسالغۇلار مەۋجۇت. كېيىنكى قەدەمدىكى ئىش — بىزنىڭ دۆلەت سىرتىدا تۇرۇۋاتقان خان جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىمىزغا سەككىز يىل بولدى. ناۋادا بىز بۇ قېتىم ئۆزلىرىنى رازى قىلالمىغان بولساق، بەگ ئالىيلىرى، مېنىڭ تاغام، بۇ-بۇ يەردىكى ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدا نۇرغۇن خەتەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. نارازىلىق ھېسسىياتى يەنىلا تاغام بەگ ئالىيلىرىنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كېتەلمىسە، بىز ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىمىز. ئەلچى يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەكتۇپ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئويدا بولغانلىقىڭىزنى، قەلبىڭىزدىكى نارازىلىقنىڭ مۆلچەرىڭىزدىكى سوۋغاتنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ياكى (قەلبىڭىزدىكى نارازىلىقنىڭ) ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىغا بولغان نارازىلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ قويارسىز. دەرھەقىقەت، ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشى توغرىسىدا ئوردا ئىچىدىكى خانىش، مەلىكە ۋە شاھزادىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدۇق، بۇنىڭغا قارىتا بىرەر تەدبىر قوللىنىشقا ئامالسىز قالدىم. ئېھتىمال مۇشۇ ئىشتىن بەگ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق پەيدا بولغان بولسا كېرەك. ناۋادا راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتكەيسىز، بىز ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىدىن ۋاز كېچىمىز، شۇنداقلا سوۋغاتلارنى بەگ ھەزرەتلىرىگە ئەۋەتىپ، ھاكىمىيەت تىكلەش جەھەتتە سىزنى رازى قىلىمىز. ناۋادا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىمىز

ئۇچۇشلۇق بولۇپ قالسا، بىز بەگ ھەزرەتلىرىگە تۆۋەندىكى سوۋغاتلارنى ئەۋەتمەكچىمىز:

1- دەرىجىلىك ئۇتتۇراھال تىپتىكى قاشتاشتىن بىر كاللەك (42 جىڭ)؛ 2- دەرىجىلىك ساپ قاشتاشتىن بىر كاللەك (10 جىڭ)؛ 3- دەرىجىلىك قاشتاشتىن بىر كاللەك (8.5 جىڭ)؛ ئۈچ خىل قاشتاشنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 60.5 جىڭ. تېرىدىن ئىشلەنگەن يۈرەك دالدىلىغۇچتىن بىر دانە، بىر دانىدىن سۆڭەك دەستىلىك ئۇمۇت ۋە پالتا؛ چىنە بىر دانە، ساندۇق بىر دانە.

شاھزادىمىزگە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى باتۇر، شۇڭا خان جەمەتىمىز سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ راستتىنلا شۇنداق ئېسىل يىگىت بولسا، تېخىمۇ قورقۇمسىز بولسا، بىز سىزگە تېخىمۇ كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرگەن بولاتتۇق. سىزگە Tazik Tsun Hien ئىشلەتكەن ئومۇتنى، كۆپتۈرمە شەكىللىك ئاغزى قولىقىغا چىگىپ قويۇلىدىغان ئىستاكاننى ۋە بىر دانە كومۇش ساندۇقنى ئەۋەتتۇق. سىزگە يەنە لاپلىق شەمشەر ئەۋەتمەكچىمىز. بۇ شەمشەر دۆلەت گۆھىرى.

بىزنىڭ مەزكۇر مەكتۇپنى ئەۋەتكەن ۋاقتىمىز. Thyenät Cunä نىڭ ەلتەنەتىنىڭ 4- يىلى ئات يىلى، 1- ئاينىڭ 9- كۈنى.»

ئىلاۋە: بۇگۈنگە قەدەر تېپىلغان ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن بۇددا نوملىرىنىڭ خەنزۇچە، سانسكرىتچە ياكى تىبەتچە يېزىقلاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغانلىقتىن، بۇ نوملارنىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىغا ئاساسەن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىنى باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، ئېنىقسىز جايلىرىنى توغرىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، باشقا تۈردىكى خۇسۇسىي يازمىلار، جۈملىدىن يۇقىرىقى مەكتۇپنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، مەزكۇر مەكتۇپتىن باشقا ۋەسىقىلەردە كۆزگە چېلىقمايدىغان خاس ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ مەكتۇپتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئۈچ شەخسنىڭ كىملەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى بولسىمۇ، ئەمما بەزى جۈملىلەرنىڭ دېگەندەك باغلىنىشى

كەتمەيدىغانلىقىنى بەيلىبي ئەپەندىمۇ ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىدۇ.

## 2. «مەكتۇپ» نىڭ يىل دەۋرى ۋە ئىگىلىرى

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا «Thyenät Cunä سەلتەنەتىنىڭ 4- يىلى ئات يىلى، 1- ئاينىڭ 9- كۈنى» دەپ ئېنىق يېزىلغان. ئې.گ.پۇللېبي بلانك (E. G. Pulleyblank) ئەپەندى Thyenät Cunä نىڭ ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا (Visa sura) نىڭ يىلنامىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان بولۇپ، ئۆزى ئېلان قىلغان بىر پارچە ۋەسىقىدە «ۋىسا سۇرا سەلتەنەتىنىڭ 5- يىلى قوي يىلى، 7- ئاينىڭ 17- كۈنى»[3] دەپ ئىمزا قويۇلغان. ۋىسا سۇرا بولسا ئۇدۇن خانى Visa Sambhava نىڭ تەخت ۋارىسى ئىدى. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. داۋامى» دا ئۇدۇن خانى ۋىسا سۇرانىڭ 4- يىلى ئات يىلى، 5- يىلى قوي يىلى ئىكەنلىكى ئېيتىلىپ، ۋىسا سۇرانىڭ يىلنامىسى 天尊 (tian zun) بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە پۈتۈلگەن. 天尊 نىڭ 1- يىلى توشقان يىلى بولۇپ، مىلادىيە يىلنامىسىگە ئايلاندۇرغاندا، 967- يىلى بولىدۇ. 天尊 بولسا Thyenät Cunä نىڭ خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان ترانسكرىپسىيەلىك ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تيەنزۈننىڭ 4- يىلى مىلادىيە 970- يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

مەكتۇپنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئاپتورى ئېنىقلانغانىكەن، ئۇ ھالدا مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېپىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

مەكتۇپتا خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى بىرنەچچە قېتىم «ساۋ بېگىم» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ساۋ فامىلىلىك بۇ بەگ — مەكتۇپنىڭ تېپىلغان جايى دۇنخۇاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن ساۋ جەمەتى خانلىقىنىڭ بەگلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ نۇقتىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن سۆزنى سەل يىراقتىنراق باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

755- يىلىدىكى ئۆگلۈك- سۈيگىن ئىسيانى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھالاكەت سىگنالىنى چالغان ۋاقىتلاردا، تىبەتلەر ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خېشى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى تىبەتلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلانغانىدى. ئەمما، 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تىبەت دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك كىرىزىسلارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تىبەتلەرنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىش باسقۇچىغا كىردى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، 851- يىلى شاجۇ (دۇنخۇاڭ) ۋە گەنجۇ (جاڭيې) ئەتراپىدىكى چوڭ تەسىرگە ئىگە باي جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان جاڭ يىچاۋ شاھزادە پانتېكىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ[4]، تىبەتلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سىياسىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ جاڭ يىچاۋنىڭ شاجۇ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن زۆرۈر بولسا، ئودۇن خانلىقى ئۈچۈن سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلانغان ئاشۇ رايون بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇش — ئودۇن خانلىقى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، جاڭ جەمەتى ئىچىدە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساۋ جەمەتى دەسسىدى. مىلادىيە 920- يىلى ساۋ يىجىن جاڭ جەمەتىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى قولغا ئالدى. ساۋ جەمەتىمۇ ئوخشاشلا زور نوپۇزغا ۋە بايلىققا ئىگە چوڭ جەمەت بولۇپ، ئۇمۇ جاڭ جەمەتىگە ئوخشاش ئودۇن خانلىقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. كېيىنچە بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ساۋ يىجىن ئىككىنچى قىزىنى ئودۇن خانى ۋىيسارا سامخاۋا (ۋىيسارا تەڭرىخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا خانىشلىققا بەردى. بۇ ۋەقەلەر شۇ ۋاقىتتىلا دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىگە سىزىلدى ۋە دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى[5].

ساۋ يىجىن ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ساۋ يۈەنجۇڭ ۋارىسلىق قىلدى. 966- يىلى ۋىيسا تەڭرىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋىيسا

سۇرا ئۇدۇن خانى بولۇپ تەختكە چىقتى. ۋىيسا سۇرانىڭ ئانىسى ساۋ يىجىننىڭ قىزى بولغانلىقتىن، تۇغقانـدارچىلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ساۋ يۈەنجۇڭ ۋىيسا سۇرانىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى بولاتتى. مەكتۇپتا ئېيتىلغان «تاغام» دېگەن ئىبارە مانا مۇشۇ مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئىشلىتىلگەنىدى. ساۋ يۈەنجۇڭ (ۋىيسا سۇرانىڭ تاغىسى) بولسا يۇقىرىقى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچى شەخس ئىدى.

## 3. Khyesakara ۋە «قەشقەر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى

مەكتۇپنىڭ بېشىدا ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ زور لەشكىري كۈچ بىلەن khyesakara قەلئەسىنى ئىشغال قىلغانلىقى يېزىلىدۇ. Khyesakara — مەزكۇر قەلئە نامىنىڭ ئۇدۇنـدا ئىشلىتىلگەن ساك تىلىنىڭ ئالاھىدە فونېتىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ قىلىنغان تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ خىل تەرجىمە نامى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

«خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇللۇغ بېگى سۇللۇغ شەھىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» . «كېيىنكى خەننامە»دىكى مەلۇماتنىڭ يەر نامى ھەققىدىكى قىسمى «خەننامە» دىكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتتا سۇللۇغنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، ئەسكەرلىرى «خەننامە» دە ئېيتىلغان 2000 دىن، بىراقلا ئۈچ تۈمەنگە يەتكەن. تاكى مىلادىيە 8 - ئەسىرلەرگە قەدەر بولغان خەنزۇچە كىلاسسىك ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ئىزچىل رەۋىشتە «سۇللۇغ» (疏勒) دەپ خاتىرىلىنىدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «تاڭنامە»دىن باشلاپ قەشقەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇللۇغ يەنە qie sha (佉沙) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئايلانمىسى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق...... خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي (裴)، ئۆزلىرىنى ئامۇجۇ دەپ ئاتىشىدۇ. Jia shi ياكى qie shi (伽师) شەھىرىدە تۇرىدۇ. تۈرك

خانلىقى قىزىنى ئۇلارغا خانىشلىققا بەرگەن......»[6] 怯沙 ۋە 伽师 قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى مەكتۇپتا خاتىرىلەنگەن. Khyesa بىلەن زور دەرىجىدە يېقىن كېلىدۇ، يەنى qaš<kasi<kasa (قاش) دېگەنلىك بولىدۇ. «قاش» نامى يەنە «فا شيەن سەپەرنامەسى» ۋە «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادىيە 727- يىلى قاش شەھىرىدىن ئۆتكەن چاۋشيەنلىك ساياھەتچى خۇي چاۋ مۇنداق يازىدۇ: «پامىردىن ئۆتۈپ بىرمەر ئاي ماڭغاندىن كېيىن سۇللۇغ شەھرىگە يېتىپ كەلدۇق. يەرلىك خەلقلەر بۇ خانلىقنى 伽师祇离 (jia shi qi li) بەگلىكى (قاشقىرى ياكى قەشقىرى) دەپ ئاتايدىكەن[7].»

خۇي چاۋنىڭ بۇ مەلۇماتى 8- ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدىلا يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇ پاكىتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ، «سۇللۇغ» دەپ خاتىرىلەشنىڭ ئورنىغا، «قاش» دەپ خاتىرىلەندى. خۇي چاۋ ئۇنى گەرچە «سۇللۇغ» دەپ ئالغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ەكىتلەيدۇ. بۇ «قاشقارى» دېگەن شەكىل خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «سۇللۇغ» نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت دېگەنلىك بولاتتى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى باشقا خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «سۇللۇغ» دەپ خاتىرىلەش بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئاتىلىشى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ يەردىكى «قاش» بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي «قاش» سۆزىگە بەرگەن تەبىرى ئوتتۇرىسىدا ئىزچىللىق مۇناسىۋەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئايرىم مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

مەكتۇپتا ئىشلىتىلگەن khyesakara دېگەن نامنىڭ ئەھمىيىتى ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلەشتى. بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، «كاشغەرىي» نامى قۇرىغار رايونىنىڭ ئۆزىدە يېزىلغان ۋەسىقىلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىسپاتلاندى. بۇنىڭغا خۇي چاۋنىڭ مەلۇماتىنى قوشقاندا، «قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. «giri, kere, kari, kara» سۆزلىرىنى بەيلىي ئەپەندى ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپپۇزى بولۇپ، «قەلئە، بەگلىك، شەھەر» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇ بويىچە قارىغاندا، «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى»نىڭ مەنىسى «قاش شەھىرى» ياكى «قاش بەگلىكى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە ئىككىنچى بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، يەنى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «سۇللۇغنىڭ يەنە بىر نامى 怯沙، خان جەمەتى 伽师 دا تۇرىدۇ» دېگەن مەلۇماتلار بەزى ئىزاھلارنى تەلەپ قىلىدۇ. «خەننامە. قۇرىغار تەزكىرىسى. سۇللۇغ» دا: «سۇللۇغ بېگى سۇللۇغ شەھىرىدە تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتىكى سۇللۇغ بەگلىكى تەۋەسىدە بەگلىك نامى ۋە شەھەر نامى ئوخشاش ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دە بولسا، سۇللۇغ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچ تۈمەندىن ئاشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. لەشكەر سانىنىڭ بىرنەچچە ئون يىلنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە 2000 دىن ئۈچ تۈمەنگە يەتكەنلىكى، كۆپىنچە ھەربىي ئېھتىياجدىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرماقتا. دېمەك، 5-ئەسىرلەردە سۇللۇغ بەگلىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەن ۋە ئەسلىدىكى بىر شەھەرنى ئاساس قىلغان بەگلىكتىن، تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە شەھەر - قەلئەلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سەۋىيەسىگە يەتكەن، بەگلىك نوپۇسى شىددەت بىلەن ئاشقان. بۇ بويسۇندۇرۇلغان خەلقنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن روياپقا چىققان پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتىكى ئېشىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ كۆلىمى ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىدىمۇ مۇناسىپ ئېشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. مەكتۇپتا شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شەھەرگە ئاشلىق يەتكۈزۈشنىڭ لازىم بولغانلىقىنى، ھەربىر گۇرۇپپىسى 1800 لەشكەردىن تۈزۈلگەن، ئۈچ گۇرۇپپا قوشۇننىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ. 6000 غا يېقىن لەشكەرنىڭ مەخسۇس مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىدىن قاش شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەنمۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

بەگلىك كۆلىمى كېڭەيگەن ئاشۇ دەۋرلەردە (بۇنىڭ كونكرېت

ۋاقتىنى بېكىتىشتە ئاساسلىنىدىغان يازما ھۆججەتلەر تېخى يېتەرلىك ئەمەس) سۇللۇغ بەگلىكىنىڭ دۆلەت نامى بىلەن خان جەمەتى تۇرىدىغان شەھەر نامى پەرقلىنىشكە باشلىدى، يەنى دۆلەت نامى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «سۇللۇغ» دەپ ئاتالسىمۇ، شەھەر نامى «قاشقارى» (伽师 ياكى قىسقارتىلىپ 伽师祇离) شەكلىنى ئالدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر تەخمىنەن 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت جۇغراپىيەلىك ئورنى توغرىسىدا مەخسۇس ئارخېئولوگىيەلىك تېپىشقلىما ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

مەكتۇپتا تىلغا ئېلىنغان ئۇدۇننىڭ قاش شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى»دە: «كەيباۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 971 ـ يىلى) ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇدۇنلۇقلار سۇللۇغ بەگلىكىنى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭدىن بولغان ئۇسسۇلچى پىلدىن بىرنى تەقدىم قىلماقچى ئىكەن......» دېيىلىدۇ. ساۋ جەمەتىگە يېزىلغان مەكتۇپتا، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى قاتارىدا پىل ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. «سۇڭنامە»دە ئېيتىلغان پىل ئېھتىمال سۇللۇغ دۆلىتىدىن ئولجا ئېلىنغان پىللارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ساۋ يۈەنجۇڭغا يېزىلغان مەكتۇپقا قويۇلغان ئىمزا 970 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلار ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدىكى بۇ ئالاھىدە ۋەقەدىن ۋاقىپلاندۇرغان.

## 4. قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇننىڭ قەشقەرنى تالىشىشىغا دائىر مەسىلىلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇلغاپپار كاشغەرىينىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى گەرچە ھازىرغىچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى بەزى بايانلار جەمال قارشىنىڭ «مۇلھەقاتى سۇراھ —

سۈرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، جۇڭگو ۋە غەرب ئالىملىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى بالاساغۇندا ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن كېيىن، بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى بازىرخان يەنىلا بالاساغۇندا تۇرغان، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تالاستا تۇرغان، ھىجرىيە 280 - يىلى (مىلادىيە 893 - يىلى) سامانىيلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرگەن دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلدى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەرەب ۋە مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە ئاشۇنداق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا ئاساس بولۇپ كەلمەكتە.

ئەمما، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يوقىرىقى مەكتۇپى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار بويىچە بولغاندا، 893 - يىلى ئوغۇلچاق قادىرخان قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ، 956 - يىلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە چىققان ۋە ئۇدۇنلۇقلار قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغانغا قەدەر 70 — 80 يىللىق زىددىيەتلىك ۋاقىت پەرقى كېلىپ چىقىدۇ، يەنى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەر شەھرىنى 970 - يىلىدىن كېيىن ئىشغال قىلغان بولىدۇ. ئەمما، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنلىكى ۋە 956 - يىلى ۋاپات بولغاندا قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخاننىڭ داۋاملىق تۇردە قەشقەردە تۇرغانلىقى روشەن پاكىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپى خاتا بولىدۇ ياكى قاراخانىيلارنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ۋاقتى كېيىن بولىدۇ.

11 - ئەسىردە قەشقەر تۇپرىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئابدۇلغاپپار كاشغەرىينىڭ «كاشغەر تارىخى» نىڭ ئۈزۈندىلىرى جەمال قارشىنىڭ ئەسىرىدە قايتا زاھىر بولغىنىغا قارىغاندا، ئالىمنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى پايتەختنى كۆچۈرۈشتەك ئاشۇنداق زور تارىخىي ۋەقەنى خاتا يېزىپ قويۇشى ئىلمىي مەنتىقىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپىدا ئېيتىلغان «قەشقەرنى ئىشغال قىلىش»

ۋەقەسىنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى بولسا «سۇگنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئېنىقسىزلىقنى يېشىش ئۈچۈنلا قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يىپ ئۇچى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا.

مىلادىيە 893- يىلى سامانىيلار تالاس رايونىنى بېسىۋېلىپ، ئوغۇلچاقنىڭ خانىشى قاتارلىق 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئېپكەتتى. مۇشۇ زەربىدىن كېيىن ئوغۇلچاق قالغان كۈچلەرنى باشلاپ، جەنۇبقا سۈرۈلۈپ قەشقەرگە كىردى ۋە ئۇنى يېڭى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىيلار بىلەن بۇددا دىنىدىكى ئىدىقۇت خانلىقى ۋە ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇشنىڭ نجى چۇقانلىرى كۆتۈرۈلدى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇ بىر ئۆمۈر «غازات جېڭى» ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ۋارىسى مۇسا ئارسلانخان تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇرۇشنى توختاتمىغان بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەر خىل ياردىمى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەشلىرىگە ئېرىشكەن ئۇدۇن خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئۇدۇننى ئىشغال قىلىش نىيىتىگە يەتكۈزمىدى. مۇسا ئارسلانخان دەۋرىگە كەلگەندە (956 — 971)، ئۇدۇن خانلىقى «سەككىز يىللىق ئۇرۇنۇش» (بۇ ئەھۋال مەكتۇپتا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن) ئارقىلىق ئاخىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىسلام تارىخى مەنبەلىرىدە ئېيتىلىشىچە، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ باش قوماندانى چىكالۇ خالخال ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، قالغان قوماندانلىرىنىڭ ئىسمى نوقتى رېشىت ۋە جوقتى رېشىت ئىكەن (ئېھتىمال قېرىنداش بولسا كېرەك. فامىلىسىنىڭ «رېشىت» بولۇشى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ[8]

مانا مۇشۇ قېتىملىق ۋەقە ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپىدا ئېيتىلغان «قەشقەرنى ئىشغال قىلىش» ۋەقەسى ئىدى. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ - چارچىغان قوشۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بولماستىن، بەلكى مەنىۋى كۈچلەرنىڭ ئۇدۇن خانلىقى تەرەپكە مايىل بولغانلىقى ۋە بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلارنىڭ تەسىرى قەشقەردە تېخى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە بۇددا دىنىنىڭ قورغان رايونىدىكى قەدىمكى تۆت چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقالغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىغان، ئىسلام دىنى ھۆكۈمران خان جەمەتى ئىچىدە ئەمدىلەتىن ئومۇملاشقان، كەڭ يەرلىك قەشقەر پۇقرالىرى پەقەت قىلىچ سايىسىدىن ئەندىكىپلا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان، ئەمما قازناق ئۆيلىرىدە يەنىلا بۇددا ھەيكەللىرىنى لاتىغا ئوراپ ساقلاۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئەسلىدىكى بۇددىزم ئېتىقادىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەن قەشقەر ئاھالىسى بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تەڭلا ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇشى ئېنىق. بۇ نۇقتىنى مەكتۇپتا ئېيتىلغان «قەشقەر ئاھالىسى ئەل بولماققا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتىكەن» دېگەن بايانلار ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

مەكتۇپتا Tazik ۋە chin لىقلار ھەققىدە كۆپ قېتىم توختالغان، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ نامى Tazik Tsun Hien دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى Tazik ئاتالغۇسى ئەسلىي مەنىدىكىدەك ئەرەبلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ئەرەبلەرنىڭ قەشقەرنى ئىستېلا قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك مەلۇمات تېخى بايقالمىدى. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا مەكتۇپتىكى Tazik ئاتالغۇسى بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى (تالاس ۋە بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى) كۆرسەتسە كېرەك، «مۇسۇلمان» دېگەن مەنىدىكى ئاتالغۇسى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ

يېقىن. چۈنكى، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەبلەر شەرق مەنبەلىرىدە Tazik دەپ ئاتىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇدۇنلۇقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى Tazik دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. مەكتۇپتا «چىنلىقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھاكىمىيەت تىكلەشنىڭ قېيىنغا چۈشۈپ قالغانلىقى» بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىنلىقلار» — كېيىنكى ۋاقىتلاردىكىدەك خەنزۇلارنى كۆرسەتمەيتتى. چۈنكى، شۇ دەۋرنىڭ ئالىمى بولغان مەھمۇد كاشغەري ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى، يۇقىرى چىن. بۇ يەر شەرقتە بولۇپ ‹تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، ‹ختاي› دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، ‹بارخان› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر ‹تاۋغاچ› ‹ماچىن› دەپ، ‹ختاي› ‹چىن› دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ[9].»

ئېنىقكى، «چىنلىقلار» — بۇ يەردە تۆۋەن چىن دەپ ئاتالغان قەشقەردە تۇرۇۋاتقان يەرلىك ئاھالىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ‹چىنلىقلار› (قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى) قىلىچ بىلەن تارتىۋېلىنغان ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپ ئۇدۇنلۇقلار شەھەر قورغىنىغا ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇلارغا ماسلاشقان، ئەمما شەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنكى ھاكىمىيەتنى قانداق تەشكىللەش، باش ھوقۇق— ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قولىدا بولۇش ياكى قەشقەرلىكلەرنىڭ قولىدا بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلغان بولسا كېرەك. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، «قەشقەردە ھاكىمىيەت تىكلەشتە قىيىنچىلىقلار سامانىدەك كۆپ» بولغان ۋەزىيەت كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

مەكتۇپتا Tsun Hien مەغلۇپ بولۇپ قەشقەر شەھىرىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي چاغرىخان ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. روشەنكى، Tsun Hien 969- يىلى 7- ئايدا قەشقەردىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپى يېزىلغان 970- يىلى 1- ئاينىڭ 9- كۈنىگە قەدەر قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى تېخى قايتۇرۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق

بولالمىغان. Tsun Hien نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ھازىرچە ئامالسىزمىز. «چاغرى خان»غا كەلسەك، بۇ نامنى مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «چاغرى — قارچىغا، چاغرى بەگ — ئەرلەر ئىسمى»[10]. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ كىشى قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندىن قەشقەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىسى بولسا كېرەك.

مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ شۇ دەۋرلەر ھەققىدە بەرگەن باشقا مەلۇماتلىرى، ئومۇمەن قاراخانىيلارنىڭ 980- يىللىرى يەنىلا قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىن قارىغاندا، قارخانىيلار قوشۇنى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپى يېزىلىپ (970- يىلى 1- ئاينىڭ 9- كۈنى) ئۇزاق ئۆتمەيلا قەشقەر شەھرىنى قايتۇرۇۋالغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقتى ئىلگىرى مۇقىملىشىپ قالغاندەك، 990- يىللىرىدىن كېيىن بولغان[11] ياكى بولمىسا «مەۋجۇت بولمىغان ۋەقە»[12] ئەمەس ئىدى. ئۇدۇندىكى بۇددىست ھاكىمىيەتنى ئەلتۆكۈس يوقىتىش ئىشى بولسا، ئاخىرقى ھېسابتا يۇسۇپ قادىرخان تەرىپىدىن ئورۇنلاندى.

## 5. خۇلاسە

ئۇدۇن پادىشاھى ۋىيسانىڭ مەكتۇپى ئاشۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرغۇچى شەخس — پادىشاھ تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ۋە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. مەزكۇر ماقالىمىز بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئورۇنۇشلارنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئېھتىماللىققا ئورۇن قالدۇرۇلدى. مەزكۇر مەكتۇپنى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ تارىخي بايانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەر ھەل بولغۇسى،

بولۇپمۇ مەكتۇپتا ئېيتىلغان يەر - جاي ناملىرى، كىشى ئىسىملىرى، قەشقەرنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ساھەگە قىزىققۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەزكۇر مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە پائال ئىشتىراك قىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ تېزرەك يېشىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:


[1] خ.ۋ.بەيلېي: «خوتەن تېكىستلىرى»، II توم، 1954- يىلى كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 129-، 125- بەتلەر.

[2] مەكتۇپنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە بەيلېي ئەپەندىنىڭ «Asian Major» ژۇرنىلىنىڭ 1964- يىللىق 9- سانىدىكى تۈزىتىلگەن ۋە ئىزاھلانغان ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ئەسلىي ھۆججەتتىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان)، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ساك يېزىقىدىكى ئەسلىي ھۆججەتتىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنمىغان بولغاچقا، بۇ نۇسخىنى ئۆلچەم - ئاساس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت پايدىلىنىش ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپلا تەرجىمە قىلىندى.

[3] ئې. گ. پۇللېي بلانك: «ئۇدۇندىن تېپىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە»، «خان جەمەتى ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، لوندون، 1966- يىللىق 4- سان، 151- بەت.

[4] ئا. گ. مالياۋكىن: «9 — 11- ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 29- بەت.

[5] «بۇددا ئىلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 284-، 285- بەتلەر.

[6] «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد، «قۇرىغار تەزكىرىسى».

قەشقەر»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1976 ـ يىلى تىنىش بەلگىلىك نۇسخا، 6233 ـ بەت.
[7] «بەش ئەنەتەكەك ئېلىگە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1994 ـ يىلى نەشرى، 153 ـ بەت.
[8] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 66 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[9] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، I توم، 592 ـ بەت.
[10] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 549 ـ بەت.
[11] ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىغا قاراڭ.
[12] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 78 ـ بەت.

# ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا①

ئادىل مۇھەممەت

## 1

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ئىرق تەركىبى ھەققىدىكى بىرقەدەر ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدىن تاپىمىز. قەدىمكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان خانلىق - بەگلىكلەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەپسىلىي مەلۇماتنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ھۇنلار توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتېرىيەگە، ساكلار پادىشاھى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلى (قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، جۇەندۇ (ئۇلۇغچات) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى»[1]. «ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە ھۇنلار، غەربىي شىمالدا كانگا، غەربتە پەرغانە، جەنۇبتا شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ زېمىنلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي نەشرى.

قىلغانـدىن كېيىن، بولـۇر (كۆكتـارت) تاغلىرىـدىن ئېشىپ، جەنۇبقـا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنـى ئىگىلىـدى. كېيىن ئۇيسۇن كـۈنبېگى تـوخرىلارنى يەڭـدى. تـوخرىلار غەربـكە كۆچـۈپ بـاكتېرىيەنى بويسۇندۇردى. ئۇيسۇن كـۈنبېگى تـوخرىلار تاشلاپ كەتـكەن زېمىنـدا ماكانلىشىپ قالـدى. شۇڭا، ئۇيسۇنلاردا سـاكلار ۋە تـوخرىلار نەسلى بـار»[2]. «ئەركەشـتام بەگلىكـى...... ئـۆرپ - ئـادەت، كـيىم-كېچەكلىرى ئۇيسۇنلار بىلەن ئوخشاش، ئـوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچـۈپ يـۈرۈپ چـارۋىچىلىق قىلىـدۇ. ئـۇلار ئەسـلىدە سـاك ئەۋلادى ئىدى»[3]. «جۇەندۇ (ئۇلۇغچات) بەگلىكى...... ئۇنىڭ زېمىنى شىمالدا ئۇيسۇنلارنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتىشىدۇ. كىيىم - كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇلار ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچـۈپ يـۈرۈپ چـارۋىچىلىق قىلىـدۇ. پـامىر (كۆكتـارت) تاغلىرىنىـڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىي ساكلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى»[4].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى ئومۇملاشتۇرساق، مۇنـداق يەكـۈنگە ئـىگە بولىمىز:

1. هۇنلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، توخرىلار غەربكە سۈرۈلۈپ (ئەسـلىي ماكـانى بولغـان خېشى كارىدورىـدىن)، ئەسـلىدە سـاكلارنىڭ يېرى بولغـان ئىلـى ۋادىسىنى ئىگىلىگەن، سـاكلار پامىر (كۆكتارت) دىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كەتكەن.

2. ئۇيسـۇن كـۈنبېگى تـوخرىلارنى مەغلـۇپ قىلغانـدىن كېيىن، تـوخرىلار غەربـكە كۆچـۈپ، بـاكتېرىيەگە هۆكۈمرانلىـق قىلغـان. توخرىلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان ئۇيسۇنلار ئارىسىدا بىر قىسىم ساك، توخرى ئىرقى ساقلىنىپ قالغان.

3. تـوخرىلار غەربـكە كۆچكەنـدە، سـاكلار كەشمىرگە هۆكۈمرانلىق قىلغـان، كېيىن سـاكلار بىرقـانچىگە پارچىلىنىـپ خـانلىق قۇرغـان. قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ، ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ساكلار نەسلىدىن بولغان.

مانا بۇلار بىز بۇ رايون ھەققىدە ئېلىمىز تارىخىي ماتېرىياللىرىـدىن ئىگە بولغان دەسلەپكى مەلۇماتتۇر. ماقالىمىزنىڭ تېما ئېھتىياجىنى كۆزدە

# ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا①

**ئادىل مۇھەممەت**

## 1

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ئىرق تەركىبى ھەققىدىكى بىرقەدەر ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدىن تاپىمىز. قەدىمكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان خانلىق - بەگلىكلەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەپسىلىي مەلۇماتنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ھۇنلار توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتېرىيەگە، ساكلار پادىشاھى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلى (قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، جۇەندۇ (ئۇلۇغچات) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى»[1]. «ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە ھۇنلار، غەربىي شىمالدا كانگا، غەربتە پەرغانە، جەنۇبتا شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ زېمىنلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي نەشرى.

قىلغاندىن كېيىن، بولۇر (كۆكنارت) تاغلىرىدىن ئېشىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۈيسۈن كۈنبېگى توخرىلارنى يەڭدى. توخرىلار غەربكە كۆچۈپ باكتېرىيەنى بويسۇندۇردى. ئۈيسۈن كۈنبېگى توخرىلار تاشلاپ كەتكەن زېمىندا ماكانلىشىپ قالدى. شۇڭا، ئۈيسۈنلاردا ساكلار ۋە توخرىلار نەسلى بار»[2]. «ئەركەشتام بەگلىكى...... ئۆرپ - ئادەت، كىيىم-كېچەكلىرى ئۈيسۈنلار بىلەن ئوخشاش، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ساك ئەۋلادى ئىدى»[3]. «جۇەندۇ (ئۇلۇغچات) بەگلىكى...... ئۇنىڭ زېمىنى شىمالدا ئۈيسۈنلارنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتىشىدۇ. كىيىم - كېچىكى ئۈيسۈنلارنىڭ كىيىم - كېچىكى بىلەن ئوخشاش، ئۇلار ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. پامىر (كۆكنارت) تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىي ساكلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى»[4].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى ئومۇملاشتۇرساق، مۇنداق يەكۈنگە ئىگە بولىمىز:

1. ھۇنلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، توخرىلار غەربكە سۈرۈلۈپ (ئەسلىي ماكانى بولغان خېشى كارىدورىدىن)، ئەسلىدە ساكلارنىڭ يېرى بولغان ئىلى ۋادىسىنى ئىگىلىگەن، ساكلار پامىر (كۆكنارت) دىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كەتكەن.

2. ئۈيسۈن كۈنبېگى توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، توخرىلار غەربكە كۆچۈپ، باكتېرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. توخرىلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان ئۈيسۈنلار ئارىسىدا بىر قىسىم ساك، توخرى ئىرقى ساقلىنىپ قالغان.

3. توخرىلار غەربكە كۆچكەندە، ساكلار كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن ساكلار بىرقانچىگە پارچىلىنىپ خانلىق قۇرغان. قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ، ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ساكلار نەسلىدىن بولغان.

مانا بۇلار بىز بۇ رايون ھەققىدە ئېلىمىز تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ئىگە بولغان دەسلەپكى مەلۇماتتۇر. ماقالىمىزنىڭ تېما ئېھتىياجىنى كۆزدە

تۇتقانىدا، 3 ـ خىل يەكۇندىكى مەلۇماتلار بەكرەك ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى، دېگەن بايان ھەم «ئەركەشتام، ئۇلۇغچات بەگلىكلىرىنىڭ سۇلى (قەشقەر) بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ 100 چاقىرىممۇ كەلمەسلىكى، ساكلارنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدە سۇلى (قەشقەر) دا، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»[5].

## 2

ساكلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ۋە 7 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جەنۇبىي رۇسىيەگە كۆچۈپ، بۇ يەردە خانلىق قۇرغان يايلاق قوۋمىدۇر. يۇنانلىقلار تەرىپىدىن «ئىسكىت» (skuthoi)، ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ساكا» دەپ ئاتالغان بۇ قوۋم ھىندىلار تەرىپىدىن «جاكا» دەپ، تۈركىي تىلدا بولسا «ساقا» ياكى «ساق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە بولسا «塞种» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. ئومۇمەن، ساك نامى بۈگۈنكى جەنۇبىي رۇسىيەگە كۆچكەن قوۋملارغا بېرىلگەن بولۇپ، بۇ قوۋم ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇمات يۇنان ئالىمى ھېرودوتنىڭ بەرگەن بايانلىرىدا ئۇچرايدۇ.

ساكلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 9 ـ ئەسىردە ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغانلىقى قىياس قىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىمپېراتورى شۈەنۋاڭ (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 827 — 782 ـ يىللار) جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرالىرىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان ھۇنلار (شيەنيۈن) غا قارشى بىر قوشۇن ئەۋەتتى، ھۇنلار بۇ قېتىم (سەپەر) ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ماساگېتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ماساگېتلار قوشنىلىرى ئىسكىتلەر (ساكلار) ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى، ماساگېتلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا باشلانغان قۇرغاقچىلىق

سەۋەبىدىن، ساكلار غەربكە كۆچۈشكە باشلاپ، ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرالىرىغا قەدەر كەلدى[6].

ئومۇمەن، ساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، پەرغانە ۋە قەشقەر رايونى ئىكەنلىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇمدۇر[7]. ساكلارنىڭ دەسلەپكى قەبىلىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8- ئەسىردە بۇ رايوندىن غەربكە كۆچكەن، بۇ قېتىم يەنى «مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 750 — 700- يىللار ئارىلىقىدا كۆچكەن ساكلارنىڭ بىر بۆلىكى (ئەسلىي يۇرتلىرى بولغان) تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، پەرغانە ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قالغان»[8].

قەدىمكى ئىراننىڭ نەقشىرۇستەم مىخ يازما شەكلىدىكى تاش ئويمىسىدا، ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساكاخاياۋاركا (مۇقەددەس ئۆسۈملۈك «خايما» گە ئىگە بولغۇچى ساكلار دېگەن مەنىدە) لارنىڭ پەرغانە ئويمانلىقى، قەشقەر، پامىر، ئالاي چوققىسى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[9]. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئىشەنچلىك بىر قىسىم ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ساكلارنىڭ شىنجاڭغا، جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 20- ئەسىرگە[10] ۋەياكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 21- ئەسىرگە[11] توغرا كېلىدىكەن.

1976 — 1977- يىللىرى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا بىر تۈركۈم قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەن، قەبرىلەردىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى C14 ئانالىزى بىلەن تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى بۇنىڭدىن 2400 — 2800 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى پامىر رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، قەدىمكى ئۇلۇغچات ۋە ئەركەشتام بەگلىكلىرىدە ياشىغان خەلقلەرگە دائىر خاتىرىلەردە، بۇلار «ساكلار نەسلىدىن» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى بۇ قەبرىلەر، ئېھتىمال قەدىمكى ساكلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك

بولۇشى مۇمكىن[12]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇنى «ساك قوۋمىنىڭ خارابە ئىزى» دەپ قارىغان[13].

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر (سۇلى) نىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ساكلار دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، قەشقەر ۋە ئاتۇشلاردا ساك نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. مەسىلەن، قەشقەر كوناشەھەر ۋە ئاتۇشتا ساقلىنىپ قالغان «توققۇزاق» (توققۇز ساك)، «ئوغۇساق» (ئوغۇز ساك)، «توگساق»، «ئىنساق»، «قونساق» (كانا ساك)، «بەيساق» (بەگساق)، «ئېكساق» (ئىككى ساق) قاتارلىقلار. مانا بۇ يۇرتلارنى ساك (ساق) لارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىنىڭ نامى ياكى قەبىلىلىرىنىڭ نامى دېيىشكە بولىدۇ[14]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمدە، قەشقەردە ئولتۇراقلاشقان ساكلارنىڭ «ئەنقاز» ناملىق بىر شەھەرنى قۇرغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ[15].

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەشقەر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«قەشقەر — ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ. بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»[16].

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«بۇ تۈرك بەگلىكلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ»[17].

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئافراسىياپ» ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 — 1025) نىڭ «شاھنامە» سىدە تۇران ئېلىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار «تۇران — ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىشكەن[18]. باشقا بىر ماتېرىيالدا، «ئافراسىياپ (ئالىپ ئەر تۇڭا) ساك خاندانلىقىنىڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقتىدىكى ھۆكۈمرانى دېيىلگەن[19].

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىزلاردىن سېر راۋلىنسون (H.C. Rawlinson): سومېرلار — سىكىفلەر (Skeff) دۇر، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا موڭغۇل - مانجۇ تىللىرى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇران تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر دەپ قارىغان[20]. يەنە بەزىلەر ئېنىق ھالدا، سومېرلار سام ئەمەس، بەلكى تۇران ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى دەپ كەسكىن ئېيتىشماقتا[21]. ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، «سىكىفلەر» ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ساك» دەپ ئاتالغان. دېمەك، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلاردىن، تۇرانىيلار «ئىران - تۇران ئۇرۇشى»دىكى ساكلاردۇر، ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ئافراسىياپ» دەپ ئاتالغان ئالىپ ئەرتۇڭا تۇرانىيلار (ساكلار) نىڭ خانى، ئۇ قەشقەر (ئوردۇكەنت) دە تۇرغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن.

## 3

پىتولېمى «جۇغراپىيە تەپسىرى» دېگەن ئەسىرىدە «سىكىفلە، ئىمائۇس (پامىر) تاغ تىزمىسىنىڭ سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان، كاسىيا (Kasia) دۆلىتى بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا»[22] دەپ يازغان. ھاز پىتولېمى ئوتتۇرىغا قويغان ئىمائۇس تاغ تىزمىسىنى قەشقەر تاغ تىزمىسى دەپ قارىغۇچىلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ[23]. رېننېل (Rennel) مۇ «كاسىيا بۈگۈنكى قەشقەر»[24] دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن. رىچتوفېن بۇ تاغ تىزمىسىنى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى دەپ قارايدۇ، «تۈركىي تىلدا قاشتاش (كېش) دەپ ئاتىلىدۇ، ئىسسېدون سېرىس بولسا كاسىيا تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدا»[25] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما كاسىيا دۆلىتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. خېلمان ئۆزىنىڭ «خەرىتە» سىدە كاسىيا دۆلىتىنى «يەكەن بىلەن تاشقورغان ئارىلىقىدا»[26] دېگەن. پىتولېمى «خەرىتە» دىكى ئورۇنغا ئاساسلانغاندا

«كاسپىيا دۆلىتىنى قەشقەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى ئەسەرلەردە بۇ خىل ناملار ئاز ئەمەس»[27] دەپ خاتىرىلەيدۇ.

پىتولېمى ئوتتۇرىغا قويغان ئىمائۇس تاغ تىزمىسى پامىر ئېگىزلىكى ھەمدە ھەر تەرەپكە سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىمائۇس تاغ تىزمىسى سىرتىدىكى سىكىتىيە رايونى» ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، پامىر ۋە ھىمالايا تاغلىرى دائىرىسىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ تارىم ئويمانلىقى ۋە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[28]. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىگە قارىغاندا، پارسلار سىكىتىيەنى ساكا دەپ ئاتايدۇ[29]. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىمائۇس تاغ تىزمىسى سىرتىدىكى سىكىتىيە رايونى» ھېرودوتنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئىمائۇس تاغ تىزمىسى سىرتىدىكى ساكا رايونى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. سترابونىڭ «جۇغراپىيە كىتابى» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «ئۇلار سىكىتىيە پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى بولسا يۇنانلىقلارنىڭ قولىدىن باكتېرىيەنى تارتىۋالغان ئاس، پاسىيان، توخار ۋە ساكارائۇل قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ياكسارت Jaxartes (سىر) دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن كەلگەن ساكا، سوغدىيانالار بىلەن ئۆزئارا قوشنا بولۇپ، ساكالار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن يەرلەر ئىدى». بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ساكا دەپ ئاتالغانلار ئاس قاتارلىق تۆت مىللەت (قەبىلە) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئەسلى ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ۋادىلىرى («خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ساكلار زېمىنى» دەپ ئاتالغان) دا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ھېرودوت ئېيتقان ئىسسېدونلار بولسا كېرەك[30]. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاس قاتارلىق قەبىلىلەر ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى بويلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان؛ شۇ دەۋردە ئۆتكەن يۇنانلىق ئارىستېئاس ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساياھىتىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يازغان «يەكچەشمىلەر» ناملىق كىتابىدا ئۇلارنى ئىسسېدونلار دەپ ئاتىغان[31].

ئىسسېدونلارنىڭ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى

ماسساگېت (Massagetae) لارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىشى ئەڭ بالدۇر بولغاندا، ئاخمانى (ئاخېمېند) خانلىقىنىڭ خانى پارس گامىس II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 529 — 522- يىللار) تەختتە چىققان دەسلەپكى چاغلارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىزچىل تۇردە شەرقتە ئېدىل دەرياسىدىن غەربتە سىر دەرياسىغىچە بولغان چوڭ بىر پارچە زېمىننى تىزگىنلەپ تۇرغان. ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ، ماسساگېتلارنىڭ ئورنىنى باسقانلىقتىن، پارسلار تەرىپىدىن «ساكا» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 177- ۋە 176- يىللىرى توخرىلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئىسسىدونلارنىڭ زېمىنى بولغان ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ۋادىلىرىنى ئىگىلىگەن. دەل «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن بۇ تارماق «ساكلار» يەنى ئىسسىدونلار ئامالسىز جەنۇبقا كۆچۈپ، پامىرغا كەتكەن[32] ھەمدە «پامىردىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان، كېيىن يەنە شەرققە — تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كىرگەن»[33].

چيەن بوچۈەن ئەپەندىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 3- ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىرىدىن يۈ خۇەن «ۋېي سۇلالىسى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن بىر كىتاب يازغان، ئۇنىڭدا «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دېگەن باب بار بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پىتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە تەپسىرى» بىلەن يۈ خۇەنىنىڭ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى سېرىسقا مۇناسىۋەتلىك ئابزاسنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بەكمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن يەر ناملىرى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، پىتولېمىنىڭ ئېيتىشىچە، سېرىسنىڭ ئىچىدە دروساچې (Drosache) دېگەن مەشھۇر بىر شەھەر بولغان، بۇ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى سۇلىغا تەۋە دېرو (德若) («غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە ئىرو 亿若 — دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان) ۋە شاچې (يەكەن) ئىدى. دېمەك، غەرب ئاپتورلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى مەلۇماتلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بۇ يەردە تىلغا

ئېلىنغان كاسىيا دۆلىتى قەدىمكى قەشقەرنى كۆرسىتەتتى، ساكا، سكىتىيە، ئىسسېدون قاتارلىقلار بىر خەلقنىڭ ھەر خىل ماتېرىيال ياكى ئوخشاشمىغان جۇغراپىيەلىك دائىرە ئىچىدىكى ھەر خىل ئاتىلىشى ئىدى. ئۇلار قەدىمدە شەرقتە ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن غەربتە سىر دەرياسى بويلىرىغىچە تارقىلىپ ياشىغان، كېيىن ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن كۆچكەن قىسمى قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا، پامىر تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئىزاھاتلار:


[1] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1962- يىلى 1- نەشرى، 1983- يىلى 4- بېسىلىشى، 3884- بەت، «كەشمىر بابى».

[2] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى II»، 3901- بەت، «ئۇيسۇن بابى».

[3] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I»، 3896- بەت، «ئەركەشتام بابى».

[4] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I»، 3897- بەت، «ئۇلۇغچات بابى».

[5] ۋاڭ شيالى: «قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى»، «يىپەك يولى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987- يىلى 5 - سان، 61- بەت.

[6] «مەيدان لاۋرۇسسې» تۈركچە نەشرى، «ئىسكىت ماددىسى».

[7] ئاتېل چىچەن: «تۈرك دۆلەتلىرى»، ئىستانبۇل، 1986- يىلى تۈركچە نەشرى، 26 — 28- بەتلەر.

[8] رېنې گىروسسېت (فىرانسىيە): «بوزقىر ئىمپېراتورلۇقى»، ئىستانبۇل، 1980- يىلى تۈركچە نەشرى، 24- بەت.

[9] رېنې گىروسسېت: «بوزقىر ئىمپېراتورلۇقى»، 24- بەت؛ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، خۇنەن ماتارىپ نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 26- بەت.

[10] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 21- بەتتىكى نەقىل.
[11] فالڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 11-، 12- بەتلەر.
[12] ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987- يىلى 3- سان، 87- بەت.
[13] ۋالڭ بىڭخۋا: «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىي ئىزلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985- يىلى 2- سان، 123 — 125- بەتلەر.
[14] مۇھەممەتئىمىن قۇربانى: «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى، 58- بەت.
[15] ئابدۇرەھىم ھاشىم: «ئەنقاز شەھىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1987- يىلى 10- سان، 43- بەت.
[16] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي نەشرى، I توم، 447- بەت.
[17] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 97- بەت.
[18] غەيرەتجان ئوسمان: «تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989- يىلى 2- سان، 75- بەتتىكى نەقىل.
[19] يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى»، ئىستانبۇل، 1977- يىلى تۈركچە نەشرى، I توم، «ساك ئىمپېراتورلۇقى» بابى.
[20] [21] خۇدابەردى سېلىم: «توخرىلار ۋە كۇشەن ئىمپېرىيەسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1986- يىلى 5- سان، 2- بەت.
[22] [23][24][25][26][27] سېن جۇڭمىيەن: «〈خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉دىكى جۇغراپىيەۋى ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھى»،

جۇڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى 1981- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 343 — 344- بەتلەر.
[28] [29][30][31] يۇتەيشەن: «ساكلار ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1991- يىلى 1- سان، 22-، 28 — 30- بەتلەر.
[32] [33] يۇتەيشەن: «ساكلار ھەققىدە ‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1989- يىلى 2- سان، 125-، 126- بەتلەر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## «قەشقەر» ۋە «سۈلى» ناملىرى
## ھەققىدە تەتقىقاتلار

# «قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقات①

پېللىئوت (فرانسىيە)

ماركوپولونىڭ كىتابىدىكى «كاسكار» (cascar) نامى كىشلەرگە تونۇشلۇق بولغان قەشقەرنىڭ ئۆزى ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نامىنى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالغان غەرب يادىكارلىقلىرى 1221 ـ يىلى دېمىئىتتا (demietta) نىڭ ئەرەب تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى توغرۇلۇق يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، قەشقەر «chasser»، «casahar»، «chasahar» قاتارلىقناملار بىلەن يېزىلغان. يەنە 1248 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كونستابلې سېمبات (Constable Sembat) نىڭ يازغان خېتىدىمۇ «caschat» («قەشقەر») دەپ ئوقۇلىدۇ) تىلغا ئېلىنغان. ف. مائۇرو (Mauro)نىڭ «chaschar» دېگىنىمۇ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، رىسى (Rici) رەتلىگەن گوئېس (Goes)نىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىمۇ ماركوپولونىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش بولغان يېزىش ئۇسۇلى «cascar» بايقالدى.

قەشقەر توغرىسىدا چاۋاننېس (Chavannes) «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، ھېنرى يولې (H·Yule) نىڭ «ماركوپولونىڭ كىتابى»، ئاۋرېل ستەين (A·Stein) نىڭ «قەدىمكى خوتەن»، ۋ.بارتولد (W·Barthold) نىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1986 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

«قەشقەر» ماددىسى، برېتسچنېيدېر (Bretschneider)نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخى»، مىنورىسكي (Minorsky)نىڭ «ھۇدۇدۇلئالەم»گە يازغان ئىزاھاتلىرى قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

قەشقەر ھەم ئۇنىڭ قەدىمكىناملىرى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، تۆۋەندە يەنە مەلۇم نۇقتىلارغا قارىتا تېخىمۇ ئىنچىكە بايانلار ئېلىپ بارماقچىمەن.

خەنزۇچە مەنبەلەردە تۇنجى بولۇپ قەشقەر نامى «سۇلى» (shu - lo) دېگەن نام بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ نامنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 130 — 125- يىللارغا سۈرۈشكە بولىدۇ ھەم 11- ئەسىردىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن جۇڭگو مەنبەلىرىدە بىردەك شۇ نام ئىشلىتىلگەن. بىراق، مىلادىيە 5- ئەسىردىن 8- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىر قىسىم راھىبلار بۇنىڭدىن باشقا، «沙勒» (sha-lo) دېگەن يېزىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

جۇڭگو ۋە ياۋروپادا نۇرغۇن كىشى بۇ نامنى يېشىشكە ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكىسى شۈەنزاڭدۇر. 646- يىلى شۈەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى ئىزاھاتتا «قەدىمدە سۇلى دېگىنى شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىي تەلەپپۇزى چىلىچىسۇرودى دېيىلىدۇ، سۇلى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن» دەيدۇ. جولىېن (Julien) بۇ نامنى šrikrtatī دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مۇبادا بىز شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمە پرىنسىپىغا ئاساسلانساق، Srikrtatī دېسە توغرا بولغان بولاتتى. شۈەنزاڭ «سۇلى» دېگەن نامنىڭ ئاساسىنى بايان قىلماقچى بولغاندا، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى نامنى شۈەنزاڭ خەتكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغان. بۇ بەلكىم شەھەرنىڭ سانسكرىتچىلاشقان نامى بولۇشى مۇمكىن. بۇ s'ri (مەنىسى: بەخت، تەلەي)دىن باشلانغان ياسالما سۆزدۇر. بىراق، ئۇنىڭ كېيىنكى قىسمىنى يېشىشكە ئامال بولمىدى. فرانك (Franke) ئوتتۇرىغا قويغان «s'ri - kirītadhi» بىلەن لېۋى (Levi) ئوتتۇرىغا قويغان باشقا ھەر خىل شەكىللەرنى ماركۇئارت (Markuart) تەتقىق قىلغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېتىراپ قىلىنمىدى. ئىككىنچى 利 بولسا بىرىنچى

خاتالىقنىڭ تەكرارلىنىشى، 乾 بولسا 迄 نىڭ خاتا تەكرارلىنىشى ئىدى.

يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈش 8- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا شىئەندە ياشاپ ئۆتكەن راھىبكالان خۇي يۈەن (慧苑) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ «ئاۋاتامساكانىڭ يېڭى تەرجىمىھالى» (A. Vatamsaka) [لو جېنيو ئۆزىنىڭ «بىلىك يەنگاۋ» دېگەن ئەسىرىدە خاتا ھالدا ئۇنى تۇمۇ ‹Tu - mu› يادىكارلىقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۇنخۇاڭلىق خۇي يۈەن دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى ۋاقىت ۋە ئورۇن جەھەتتىن قىلچىمۇ ماس كەلمەيدۇ] دېگەن ئەسىرىدە ساقلانغان. 695 — 699- يىللىرىدىكى يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئاۋاتامساكا» دېگەن ئەسەردە قەشقەر توغرۇلۇق خۇي يۈەن ئىزاھلاپ: توغرا ئاتىلىشى «佉路数怛勒» بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ قىسقارتىلىپ «疏勒» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە «数» خاتا ھالدا «疏» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ مۇشۇ دۆلەتتىكى بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ شۇنداق ئاتىلىپ قالغان، «ۋەھشىي ئەل» دېگەن مەنىدە، بۇنداق ئاتاش مۇشۇ دۆلەتتىكى خەلقلەر خۇي - پەيلىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن كەلگەن دەيدۇ. بۇ بىر بۆلۈك سۆز كېيىنكى نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدىمۇ قىلچە ئۆزگەرتىلمىگەن.

لېۋى 1902- يىلى يۇقىرىقى جۈملىنى بايقاپ، ئۇنىڭ خۇلاسە قىسمىنى ئىشلەتكەن. بىراق، ئۇ فىرانك بىلەن پىشېل (pischel)نىڭ ئۆتكۈر رەددىيەسىگە ئۇچرىدى. بۇ ئوخشاش بولمىغان ماھىيەتتىكى ئىككى خىل مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەنى ئۇ خۇي يۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «توغرا» نامنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم ئەسلىدىكى سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

لېۋى «佉路数怛勒» نى «kharostra» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، فىرانك بىلەن پىشېل ئوتتۇرىغا قويغان «kalus'āntara»نى «kalusadhara» بىلەن «kalusottara» دەپ ئاتاش تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان شەكىللەردۇر. سىتەيىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن مۇشۇ شەكىللەرنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. «怛»نى ئادەتتە t دېمەي st، «勒» نى

ئەڭ بولمىغاندا «ra» دەپ تەرجىمە قىلىنغاندا، لېۋى ئوتتۇرىغا قويغان kharostra دېگەن شەكىل خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسىگە ماس كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «勒» نى سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن، قارۇشتى يېزىقىدىكى ئورۇن - تەرەپ سۆزى دەپ ئېيتىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىرانلاشقان سۆز بولۇپ، خۇددى Kharostrag دېگەن سۆزگە ئوخشايتتى. 35 يىل بۇرۇنقىغا قارىغاندا، ھازىر تېخىمۇ ئېنىق ھالدا شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدا ئىرانلىقلار مۇھىم رول ئوينىغان، «بۇدداۋاتامساكا ماھاۋايپۇليا سۇترا»نىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى ئىزاھلىغان خۇي يۈەننىڭ ئىلگىرى ئىرانلىق راھىبلار بىلەن ئۇچرىشىش ئېھتىمال-لىقىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. «ماھامايۇرى» (Mahămāyūrīsūtra) (佛说孔雀五咒经) دېگەن بۇددا نومىدا تىلغا ئېلىنغان «夜叉» (yaksa) جىن - شاياتۇنلار ئارىسىدىكى «kharaposta» دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولۇپ، خەنزۇچىغا «ئېشەك كالپۇكى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ساپ ئىران تىلى بولۇپ، «justi» كىتابىدىكى «Xarpāst» قا باراۋەر كېلىدۇ.

لېۋى (S. Levi) دەسلەپ «kharostra» نى قەشقەرنىڭ ھەقىقىي نامى دەپ قارىغان، بىراق تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قىلىنغان تەتقىقات جەريانىدا، ئۇ بۇ نامنىڭ ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلىق بۇددىزم ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. شۇنداق دېيىش زۆرۈركى، مەن پۈتۈن مەسىلىگە قارىتا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان بولساممۇ، بىراق مەن لېۋىنىڭ ئەكسىچە، سانسكرىت تىلىدىكى «ئاۋاتامساكا سۇترا»دا «Kharostra» دېگەن سۆز يوق دەپ قارايمەن. ئۈچ پارچە خەنزۇچە، تىبەتچە تەرجىمىدە ئەسلىي تېكىستتە بىلدۈرىدىغىنى چوقۇم «khasa» بولۇشى كېرەك. پەقەت 696 — 699- يىلى تەرجىمە قىلغۇچى ئۇنى «سۇلى» دەپ تەرجىمە قىلغان. دەل مۇشۇ تەرجىمە نۇسخا بولغاچقا،

خوي يۈەن Kharostra نى «سۇلى» دېگەن سۆزنىڭ سۆز تومۇرى دەپ قارىغان. مەسىلە خوي يۈەن بۇ خاتا سۆز تومۇرىنى تارقاتقۇچىمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەندە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇنى يەر نامى قىلىپ قويغانلىقى ھەم لېۋىنىڭ «Kharostra» ياكى «Kharostrag» دېگەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە ئىدى. مەن خوي يۈەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، ئۇ سانسكرىتچە نۇسخىدىكى «Khasa» نى بىلىدۇ ھەم 696 — 699- يىللىرى تەرجىمە قىلىنغان «سۇلى» دېگەننى چۈشىنىدۇ دېگەندىن گۇمان قىلىمەن. شۇڭا، مەن ئۇ كۆرسەتكەن «تاغ نامى» ئەمەلىيەتتە «khsa» نى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايمەن. ئۇ مەلۇم تاغلىق رايون، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ماقالىنىڭ تۆۋەندىكى قىسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما، بەزى كىشىلەر ئۇلار يۇقىرىقىلار Khasa بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، «يامان نىيەتلەر دۆلىتى»نى پەقەت «Kharaostrag» ياكى «Kharostra» قاتارلىق شەكىلگە ماس كېلىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ.

قارۇشتى يېزىقى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئاساسلىقى بۇنىڭ رىۋايەتلەردىكى Ysikharostha بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بىر مەزگىل شىمالىي ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدىكى تۈركلەر رايونىغا تارقالغان Kharosthi ياكى Kharost يازما شەكلى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. Kharostha خەنزۇ تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، مەنىسى «ئېشەك كالپۇكى» دېگەنلىك بولاتتى. بىراق، ھىندىستان يازما يادىكارلىقلىرى قارۇشتى يېزىقىنى تىلغا ئالغاندا Kharostī، Kharostī، Kharostri قاتارلىق شەكىللەرنى خاتىرىلىگەن. ئاز كۆرۈلىدىغان قوشما سۆز Kharosta بىلەن ھىندىستان يازما يادىكارلىقلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان Kharostra دېگەن سۆزلەر توغرىسىدا لېۋى بىلەن پىشېل قاتارلىقلار تەپسىلىي توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ يۈرمەيمەن. بىراق، چوقۇم مۇنداق بىر ئىشنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەككى، بىر قىسىم ھىندىستان شېۋىلىرىدە ostha بىلەن ustra ئوخشاش شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ (پالى تىلىدىكى ŏttha غا

ئوخشاش). يەنە شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قارۇشتى يېزىقى ئىراننىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەردە بارلىققا كەلگەن. سانسكرىت تىلىدىكى ostha غا قەدىمكى ئىران تىلىدىكى aostra ماس كېلىدۇ. بۇ سانسكرىت تىلىدىكى Kharostha غا ماس كەلگەن ھەم مەلۇم تۈردە ئىرانلاشقان سۆز شەكلىنىڭ دەل Kharostrag ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر پارچە خوتەن تارىخىغا ئائىت تىبەتچە يادىكارلىقتىمۇ بۇ نام ئۇچرايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يېزىلىشىنى مۇقىملاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، توماس (Thomas) ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇنى Khare'ustra ۋە Khare'usten (چۈنكى تىبەت يېزىقىدا ھەممىشە قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت، sten يەنە «ster»مۇ دېيىلەتتى) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، تىبەتچە ۋەسىقىلەردىكى شەكلىنىڭ ئاساسى چوقۇم Kharostra بولۇشى كېرەك.

1902 — 1905 - يىللىرىدىكى مۇنازىرىدە بىر خىل نام ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئارقىلىق يۇقىرىقى بايانلارنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قىلچە دىققەت قىلمىغان. «rsi Kharosttha» قارۇشتى يازما شەكلىنىڭ نام بەرگۈچىسى بولۇپلا قالماي، ئاسترونوم ئىدى. لېۋى بۇ نۇقتىنى ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. «rsi Kharosttha» بىر ئاسترونوم بولۇش سۈپىتى بىلەن خوتەن تىلىنى ئاساس قىلغان شىمالىي ھىندىستان شېۋىلىرى ئارىلاشقان يازما يادىكارلىقتا ئۇنىڭ يىغىلىشتا سۆزلىگەن بىر نۇتقى ساقلىنىپ قالغان. خېلى يىللار بۇرۇن ئەرمەن تىلىدىكى بىر پارچە يازما يادىكارلىق ۋاسىلېيېۋ (Vasilev) نىڭ دىققىتىنى تارتقان. Airivang نىڭ Mekhiter يازما يادىكارلىقىدا Kharustrنى Chaldea ئاسترونومىيەسىگە ئاساس سالغان كىشى دەپ تەرىپلىگەن. ۋاسىلېيېۋ مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، Kharustr بىلەن Zoroaster مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ۋېبېر (Weber) ئاچارۋاپارىستا (Atharvaparista) دېگەن ئەسەردە كۆرۈلگەن قورئەچى (占星术士) سۈپىتىدە تىلغا ئالغان Kraustuki بىلەن kharust ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار دەپ قارايدۇ.

بىراق، مەن ئەرمىنىيە ماتېرىياللىرىدىكى ئاستىرونوم «kharuster» ۋە ئاستىرونوم «kharostha» نى ئىران تىلىدىكى «kharostrag» بىلەن ئايرىشقا ئامالىمىز يوق دەپ قارايمەن. بۇ مەلۇم دۆلەتنىڭ ئاتىلىشى بولماستىن، رىۋايەتلەردىكى شىمالىي ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى قوشنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق دەپ ئاتاش ئىراندا پەيدا بولغاندەكمۇ قىلىدۇ. بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ قەشقەر ئەمەس.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تىبەتچە يادىكارلىقتا كاسياپا (Kasyapa) بۇددا نوم نوملىغاندىن كېيىن، ساكيامۇنى ھىندىستاندا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، پەيلاسوپ kha-ra-sva بىلەن kha-reu-sten خوتەن دۆلىتىدىكى تاغ ئۈستىدە تۇراتتى. kha-reu-Sten ئېنىقكى خۇي يۈەن ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش قەشقەرنىڭ ھەقىقىي نامى «kharostrag» غا ئوخشاش، kha-ra-s'va (توغرا ئاتىلىشى kharasha) «迦逻沙摩»مۇ «سۇرياگاربھا سۇترا (sūrya garbha)»دا كاسياپا (KasyaPa) دەۋرىدىكى خوتەننى كۆرسىتىدۇ. بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېڭى ماتېرىيال ئۇچراپ قالدى. لېۋى قوللانغان بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) دېگەن ئەسەر تەمسىلگەن فا مىڭ (法明) نىڭ يوقالغان ئەسىرى «چەت ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى ئىزاھاتتا «迦逻奢末» دېگەن نام ئۇچرايدۇ. باشقا نەشر نۇسخىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) دېگەن ئەسەردە ئۇنىڭ مەنىسىنى «شۇڭقارغا تولغان ئالتۇن ئەل» (满鹰金国) دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فا مىڭنىڭ ئەسلىي تەرجىمىسىدىن نەقىل ئېلىنغانىكەن. ھىندى تىلىدىكى لۇغەتلەردە «khara» نىڭ مەنىسى «بۈركۈت» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنى ھېچقانداق يازما يادىكارلىقلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ ھەم ھەرقانداق تەرجىمە ئۇسۇلى بۇ سۆزنىڭ ئىنتوناتسىيە باشلىنىشى بولالمايدۇ. لېۋى ئەسلىدىكى نامنىڭ بىرىنچى قىسمىنى «khara» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىنى تىبەتچە يازما يادىكارلىقتىكى «khe-ra-sva» ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. لېۋىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ تولۇق نامى چوقۇم khara - s'yāma بولۇشى كېرەككەن. بۇ

«khara» ئىسمىلىك بىر يېزا بولۇپ، «syāma» ياكى «syāmā» دېگەن دۆلەتنىڭ يېنىغا جايلاشقان. ھېلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئاھاڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا لۇدېرس (lüders) ئىلگىرى «بۈركۈتكە تولغان ئالتۇن ئەل» دېگەن تەرجىمىگە قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنداق ئاھاڭغا سېلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

«ئاگاماسۇرياسۇترا» دا: كاتيان (katyan) رائۇرۇكا (Rauruka)دىن ئايرىلغاندا، دەسلەپ «قارا» (khara) كەنتىگە بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىن لامپاكا (lampāka) ئېلىدىن ئۆتۈپ، سياماكا (syāmāka) غا يېتىپ بارغان دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن «khara» بىلەن «s'yāmāka» گەرچە ئوخشاش بولغان بىر پارچە يازما يادىكارلىقتا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزئارا قوشنا ئەمەس، يەنە كېلىپ «迦逻沙摩» بىلەن «迦逻奢未»نى «khara - s'yāmaka» بىلەن ئوخشاش دېگەندىن كۆرە، khārāśma بىلەن ئوخشاش دېگەن ياخشىراق، پەقەت بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قىسمىنىلا مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىمۇ ئىزاھلاش ناھايىتى قىيىن ھەم نۇرغۇنلىغان ئىزاھاتلارنىڭ قالايمىقان ۋە خاتالىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، فا مىڭنىڭ ئىزاھاتىدىن كەلگەن، «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) نىڭ تۈزگۈچىسىنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش دەپ قارالسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى خام خىيالدىنلا ئىبارەت. مېنىڭچە، فا مىڭ خاتىرىلىگەن نام ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئامىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ بىرى، «khara»، ئۇ «قارچىغا» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى، پىراكىت تىلىنىڭ شەكلى بولغان «surarna» «ئالتۇن» دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم باشقا تارىخىي ماتېرىياللار khara - syāmāka دېگەن كۆزقاراشنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. توماس (Thomas) نىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، تىبەت يېزىقىدىكى «ماھاۋايپۇليا سۇرياسۇترا» (mahavaypulya suryasutra) دىكى «迦逻沙摩» «قاتتىق تاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ khārāśman دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. توماس (Thomas) يەنە kharas'man بىلەن

پەيلاسوپ kha-ra-sva مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام
بىلەن خارەزىم (Hwārizm) دېگەن سۆزنىڭ ئالاقىسى بار دېگەن
قاراشقا مايىل. مەن ئىككىنچى خىل قاراشنى قوبۇل قىلالمايمەن.
بىراق، بىرىنچى خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن.
«kharśva» بىلەن «khārśman»، «khāraśma» ئەمەلىيەتتە ئوخشاش
نام ئىدى. بۇلاردىن باشقا، s'va - بىلەن s'ma نىڭ ئارىلىشىپ
كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مىساللاردىن بىرىدە پەقەت بىرسىلا بار
ئەمەس. بۇلاردىن باشقا، بۇنىڭ بىرىككەن شەكلىمۇ بار. مەسىلەن،
as'vagarbha=as'magarbha ، As'vaprānta = Aśmāpāranta قاتارلىق-
لاردىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋاللارنى بەلكىم بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە
قىلىپ تۈزگۈچىلەر ssa دېگەن ئۇلانمىنى سانسكرىت، پىراكىت تىلىدىن
تەرجىمە قىلغاندا كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق
بولۇشىغا قارىماي «kharoṣtra» ۋە «kharāśman» غا چېتىشلىق ھەر
خىل ھۆججەتلەر ناھايىتى قىزىقارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى.
مىلادىيە 1- ئەسىردە ئاشۇ ئوخشاش بولمىغان قىسمەتلەردىن كېلىپ
چىققان ئەنئەنىۋى ناملارنىڭ ئۆزگىرىشى شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولۇشى مۇمكىن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى ۋاقىتلاردا بۇلار خوتەن،
ھەتتا قەشقەرگىمۇ چېتىلىدۇ.

ماركۇئارت ئىلگىرى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى «疏勒»نى kapisī
دۆلىتىدىكى مەلۇم بۇتخانىنىڭ نامى دەپ ئىزاھلىغان. «مېھىر - شەپقەت
ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئاغىلىق راھىبكالان تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا، بۇ ئىبادەتخانىنى ئەسلىدە جۇڭگو شاھزادىسى بۇ
يەردە تۇرغاقلىقتا تۇرغاندا ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى شا-لاك-كا
(sa-lak-ka)ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماركۇئارت يەنە بۇنى
«šaraka» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەم بۇنداق ئاتاش جۇڭگولۇق-
لاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. ماركۇئارتنىڭ قارىشىچە، ھېلىقى
ئېنىق بولغان زىددىيەت ئاللىقاچان ھەل بولغانمىش، بۇ نامنى چوقۇم
«sārak» دەپ ئوقۇش كېرەك، بۇنىڭ مەنىسى «قەشقەر شاھزادىسى»
دېگەنلىك بولىدىكەن. بىراق، شۈەنزاڭ دەۋرىدە بۇ نامنى

«جۇڭگولۇق» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە زىددىيەت نام ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ، «sarag» سانسكرىت تىلىدا «saraga» دەپ ئوقۇلىدىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە بۇنىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدىكى شەرقىي پايتەخت لوياڭنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئەمما، بۇنى «沙落伽» «sāvaka» ياكى «sālaka» دەپ ئوقۇش مۇمكىن. مۇبادا ئۇ نام راستتىنلا جۇڭگو ياكى لوياڭ دېگەن يەردىن كەلگەن بولسا، بىز چوقۇم «沙» نى «莎» غا ئۆزگەرتسەك ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ. مۇبادا بىز 沙落迦 نى ساقلاپ قالساق ھەم ئۇنى شالو «sha - lo» (沙勒) يەنى بۇددا مۇرىتلىرى تىلغا ئالغان «疏勒» بىلەن باغلىساق، ئۇ ھالدا بۇ سانسكرىتچە «šāraka» دېگەن سۆزگە ماس كەلگەن بولىدۇ. بىراق، مەسىلە دەل «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئاغىلىق راھىبكالانلار تەرجىمىھالى»دا دېيىلىۋاتقان جۇڭگو شاھزادىسى ھەرگىزمۇ قەشقەر شاھزادىسى ئەمەس دېگەن يەردە. شۇڭلاشقا، ئىككى خىل ئىزاھلاشلارنى يەنىلا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ (مېنىڭ بۇ قارىشىمنى «ئاسىيا ژۇرنىلى»نىڭ 1927- يىللىق 2- سانىدىن كۆرۈڭ). بىراق، ماركۋارتنىڭ «sārakavati» دېگىنىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

مۇبادا بۇ نام توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم كۆپ بولغان بولسا (ماركۋارت بۇنى «sārak» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن، بۇ پەقەت بىر خىل ئېھتىماللىق، تېخى ئىسپاتلانمىغان)، مەنمۇ «šāraka» نى «疏勒» ياكى «沙勒» نىڭ ترانسكرىپسىيەسى دېگەنگە مايىل بولغان بولاتتىم. 10- ئەسىردىكى تىبەتچە ھۆججەتتە «šu_lig» بەزىدە «šu_leg» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇ خىل شەكىل پەقەت خەنزۇ تىلىدىكى «疏勒» دېگەن سۆزنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى، خالاس. بەيلېي (Bailey): «sūlya» دېگەن نام خوتەندىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە ئۇچرايدۇ، بۇ «قەشقەرلىك» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ئەمما، «sūlya» دېگەن نام خەنزۇ تىلىدىكى «疏勒» ياكى تىبەت تىلىدىكى «šu_lig» دىن ئەمەس، بەلكى سوغد تىلىدىكى مەلۇم نامدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق خۇلاسە

چىقىرىشقا نۇرغۇن ماتېرىيال لازىم بولىدۇ.

«疏勒» ياكى «沙勒» توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خىل چۈشەندۈرۈشنى سۈۋېن ھېدىن تۈزگەن «تىبەتنىڭ جەنۇبى» دېگەن كىتابتا ھېرمان (Hermann) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «قەشقەر» دېگەن نام سوغد تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «سوغدلارنىڭ شەھىرى» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. 7- ئەسىردە شۈەنزاڭ قەدىمكى سوغدلار ئولتۇراقلاشقان جايدىن ئۆتكەندە «suysi» دېگەن سۆز ھەقىقەتەنمۇ «suli» غا ئۆزگەرگەن. يەنە بەزىلەر ھىندىستان ھۆججەتلىرىدىكى «Gulika» دەل سوغدلارنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. بىراق، «疏勒» دېگەن نامنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىرگە سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. «suya»، «suyaak» (soya، soydak) دېگەنلەرنى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسەن پەقەت 5- ئەسىرگىلا سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىز بىلىدىغان قەشقەر تارىخىدا ھېرماننىڭ پەرىزىنى قوللايدىغان بىرەر ماتېرىيالنى تېخىچە بايقىغىنىمىز يوق.

بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ناملارمۇ قەشقەرنىڭ نامى دەپ قارىلىۋاتىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق. مەسىلەن، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دىكى «伽舍罗»نى ئىلگىرى ھېرمان «تىبەتنىڭ جەنۇبى» دېگەن كىتابتا قەشقەرنىڭ نامى دەيدۇ. بۇ نامنى گەرچە مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگولۇقلار بىلىمۇ، لېكىن بۇنىڭ شەكلى ناھايىتى مۇجمەل بولۇپ، «迦舍罗» ياكى «迦逝罗»نى قىسقارتىپ، «罗逝» دەپ يېزىشقىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى ۋە نامىنى ئوخشاشلا ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، «سۇ يوللىرىغا ئىزاھ» تىكى بايانلاردا «伽舍罗» بىلەن «疏勒» ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۆزئارا ئېلىشتۇرۇۋېتىلمىگەن.

ئوخشاش بولغان مىساللاردىن يەنە «奇沙» نى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇنى چاۋاننېس (E. D. chavannes) قەشقەرنىڭ باشقىچە نامى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسلانغاندا، راھىب جى مېڭ (智猛) نىڭ ئىلگىرى ساكيامۇنىنىڭ بىر دانە پاتراسى (patra) نى ئېلىپ

«چىشا» (奇沙)دا تۇرغان. مەشھۇر راھىبكالان كۇماراجىۋا (kumarajiva) ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بىر پاترانى ئېلىپ قەشقەر (疏勒) دە تۇرغان. ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان بۇ خىل تۇغرا كېلىشنى گەرچە ستەيىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، چاۋاننېس (chavannes) نىڭ مۇلاھىزىسىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، مەن بۇنىڭغا قارشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. «چىشا» (奇沙) دېگەن نام بەلكىم بىر خىل تىرانسكرىپسىيە شەكلى بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدا ئۇنىڭ «غەلىتە قەۋم» دېگەن مەنىسى مېنىڭ كۆزقارىشىمغا پايدىسىز بولسىمۇ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان «چىشا بەگلىكى» (奇沙国) غەربىي يۇرتتىكى نامى ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 659 — 661 - يىللىرى تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، يەنىلا نۇرغۇنلىغان قالايمىقان يەر نامىلىرىنى داۋاملىق ئىشلەتكەن. «چىشا» (奇沙) دېگەن بۇ نام ئەسلىدە مەرۋە (Marv) ۋە بەلىخ ئارىسىدىكى قۇزقان (Qüzqan) رايونىغا بېرىلگەن. يەر نامىنى بەرگۈچى ئەينى چاغدا «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان ھەم جى مېڭ (智猛) نىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان باياناتىدىن نەقىل ئالغان. جى مېڭ (智猛) تىلغا ئالغان «奇沙» نىڭ تۇغرا جۇغراپىيەلىك ئورنى ھەققىدە ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاساسىمىز يوق. ۋەسىقىلەردە ئۇ پەقەت شىمالىي ھىندىستاندىكى يەر نامىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى يەر نامى ئەمەس. چاۋاننېس ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسلىدىكى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قارىماي «奇沙»نى قەشقەر دەپ بېكىتكەن، ئۇ بولسىمۇ ئوخشاش بىر رىۋايەتتىن يەنى كۇماراجىۋانىڭ كىتابىدا «沙勒» دېيىلگەنلىكىدىن بولغان. چاۋاننېسنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، جى مېڭ (智猛) نىڭ كىتابىدا يەنە «奇沙» شەكلىمۇ كۆرۈلىدۇ. بىراق، بۇ خىل دەل كېلىش ئارقىلىق ھېچقانداق خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، 519 - يىلى يېزىلغان «جى مېڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا پەقەت ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. ئۇنىڭ

ئۇستىگە «كوماراجىۋا تەرجىمىھالى» مۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. بىراق، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا يەنە بىر خىل رىۋايەت بار، يەنى ھەرقايسى جايلار ئۆزلىرىدە بۇتنىڭ بىردىن پاتراسى بار دېيىشەتتى. ھەربىر (رايون) جاي بۇ خىل ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدا چىڭ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار خارابىلەردىكى بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئىسپات بولۇپ ھېسابلىناتتى.

لېكىن، يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىكى ئىنچىكە نۇقتىدىن توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ، چاۋاننېسنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، جى مېڭ (智猛) چىشا (奇沙) دا بۇتنىڭ پاتراسىنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە بۇتنىڭ تۇكۇرۇك قاچىسىنى كۆرگەن. فا شيەن بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى پېشاۋۇر (peshawur)دا بۇتنىڭ پاتراسىنى، جيېچا (竭叉) دۆلىتىدە بۇددىنىڭ تۇكۇرۇك قاچىسىنى كۆرگەن. شۇڭا، چاۋاننېس يەنە جيېچانى «قەشقەر» دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرەزلىرى ستەيننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. لېكىن، بۇ خۇلاسە فا شيەننىڭ ئەسىرىنى بۇرمىلىغانلىقتىن بولغان. فا شيەننىڭ ماڭغان يول لىنيەسى ناھايىتى ئېنىق، يەنى خوتەندىن بىۋاسىتە پامىرغا بارغىلى بولاتتى، ھەرگىزمۇ قەشقەرگە بارغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فا شيەننىڭ ئەسلي كىتابىدا بايان قىلىنغان جيېچا بىر تاغلىق (پامىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى) رايون ئىدى. ئۇلاردىن جيېچانىڭ قەشقەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇمكىنچىلىكنى يوققا چىقارغىلى بولىدۇ.

ئەمما، جى مېڭ ئېيتىپ ئۆتكەن «奇沙» بىلەن «竭叉» ئوخشاش بىر جاي بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ھېرمان (Hermann) ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، يۇقىرىقى ئىككى نام «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» (水经注) دىكى چىشا جىلغىسى دېگەن سۆز «歧沙谷» گە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ جىلغا جايلاشقان يەر بىز پەرەز قىلغان، فا شيەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن جيېچانىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بۇنىڭ ئورنى مەيلى پامىر ياكى ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايوندا بولسۇن، بۇ يەردىكى چىشا جىلغىسى ھەرگىزمۇ قەشقەرنى كۆرسەتمەيدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، لېۋى ئەپەندىنىڭ پىكرىنى توغرا ئىزاھلاش لازىم، چاۋاننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ئانچە توغرا بولمىغان. «جى مېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئالدى بىلەن بۇ نوم ئالغىلى ماڭغان راھىبنىڭ كەشمىر (كەشمىر ۋە قەندىھار)گە بارغانلىقى سۆزلەنگەن. ئارقىدىنلا جى مېڭ «ئاۋۋال» چىشا (奇沙) دا بۇتنىڭ تۇكۇرۇك قاچىسىنى كۆرگەن، ئاندىن «مۇشۇ دۆلەتتە» يەنى كەشمىردە بۇتنىڭ پاتراسى (قاچىسى)نى بايقىغان. «ئالدى بىلەن» (前) دېگەن خەت «تىرىپىتاكا نوملار توپلىمى» (ئۈچ ئاغىلىق نوملار توپلىمى) دا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ دەۋرى چاۋاننىڭ تەرجىمە قىلغان «راھىبكالانلار تەرجىمىھالى» بىلەن ئوخشاش. ئەلۋەتتە، لېۋىنىڭ مەلۇماتى توغرا ئىدى. مۇبادا بۇ ياندىش ئىسپات بولمىغان بولسا، پەقەت يۇقىرىقىدەكلا بايان قىلىشقا توغرا كەلگەن بولاتتى. بۇ بۇگۈنگە قەدەر ئاشۇ بايانلاردا چىشا (奇沙) دۆلىتى نېمىشقا ھىندىستاندا ۋە قەشقەردە بولماي، شىمالىي ھىندىستاندا كۆرۈلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولدى. جى مېڭ فا شيەنگە ئوخشاشلا پامىر رايونىدا بۇتنىڭ پاتراسى (قاچىسى)نى كۆرگەن. 5 ـ ئەسىردىكى بارلىق بۇددا مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ كەشمىردە بۇتنىڭ قاچىسىنى كۆرگەن، پەقەتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغىنى دەل كوماراجىۋا تەرجىمىھالىدا كۆرۈلگەن سۇلى (قەشقەر) دا بۇتنىڭ قاچىسى بار دېگەن قاراش ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھەر خىل پەرەزلەردىن باشقا، بىر نامنى تېپىپ چىقالايمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار تېخى توغرا ئىزاھلانمىغان. شۈەنزاڭ قەدىمكى سۇلىنىڭ چۇشا «佉沙» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۈەنزاڭ تالانتلىق تىلشۇناس بولغاچقا، بۇ نام شەك ـ شۈبھىسىزكى، khasa (جۇلىياننىڭ كىتابىغا قاراڭ) دىن كېلىپ چىققان. ئەپسۇسكى، گىئودېر ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ باسقان پاركىر (parker) نىڭ قاملاشمىغان شەرھىيسىدە شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى چۇشا (佉沙) بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىقى گۇمان تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۇشا (佉沙) دېگەن خەتنىڭ keş دېگەن سۆزگە ماس كېلىدىغانلىقىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، «يېڭى تاڭنامە»دە چۈشانىڭ يەنە keša دېگەن باشقا بىر خىل شەكلىمۇ تىلغا ئېلىنغان. لېكىن، شۈەنزاڭنىڭ كىتابىدىكى سىتا (sita) تارىم دەرياسىنى كۆرسىتەتتى. بۇ بەلكىم «يېڭى تاڭنامە» نىڭ ئاپتورى فونېتىكا ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىدە شۈەنزاڭنىڭ كىتابىدىن بايقىغان باشقا بىر نامنى قەشقەرنىڭ يەنە بىر نامى قىلىپ قويۇپ، بۇ لوگىكىلىق خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۈەنزاڭنىڭ ئىزاھاتى مۇبادا باشقا ئىزاھاتلارغا ئوخشاش بولىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى «يېڭى تاڭنامە»گە كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ كىتابتا «سۇلى (قەشقەر) يەنە چۈشا (佉沙) مۇ دېيىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە تولۇقلاپ، پادىشاھ قاش (迦师) شەھىرى (ستەيىننىڭ كىتابىدا 迦瑟 دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خاتا. 瑟 ھەقىقەتەنمۇ باشقا بىر نام ئىدى، چاۋاننېسنىڭ كىتابىدىكى ئىندېكستە ئۇ دەل 奇沙 دېگەن خەتنىڭ ئالدىدا) دە تۇرىدۇ دېيىلگەن.

ستەيىن: «چۈشا (佉沙) چوقۇم ھازىرقى قەشقەر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭى بولۇشى مۇمكىن، ئاستانە شەھىرى بولغان قاش (迦师) شەھىرى دەل بۇ رايوننىڭ مەركىزىگە يېقىن بولغان مەلۇم جايدا ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. بىراق، مەن قاشا (佉沙) بىلەن قاش (迦师) ئوتتۇرىسىدا فونېتىكا جەھەتتە ئالاقە بارمۇ - يوق، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن. شۇنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چۈشا (佉沙) نىڭ ئېتىمولوگىيەسى khasa بولۇپ، ھىمالايا تېغىنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونىدىكى قەبىلىلەرنىڭ نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندىستان (ھىندى) ھۆججەتلىرىدە «khaša» ، «khasa» ، «khasa» قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ. 18- ئەسىردە ئالىملار بۇلارنى پىتولېمېينىڭ ئەسىرىدىكى «ka'biaŏpn»غا باغلىغان. ھازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى «khakha» قەبىلىلىرى «khasa» دەپ ئاتىلىدۇ. نېپالدىكى «Gurkha» لار ئۆزلىرىنى يەنىلا «khas» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى «khas» تىلى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ خۇددى «Parbatiya» غا ئوخشاش كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. بوفوف ئىلگىرى «khasa» دېگەن نام بىلەن قەشقەر مۇناسىۋەت-

ىلىك دەپ قارىغان بولسىمۇ، ستەيىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ستەين قەشقەر بىلەن «khasa» قەبىلىسىنىڭ دائىملىق ئورنى بىر-بىرىگە يىراق ئىدى. لېكىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «khas'a» ياكى «khasa» قەشقەر نامى، خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارقىلىپ بولغان دەپ قارايدۇ. ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، 696 — 699-يىلىدىكى «بۇدداۋاتامساكا ماھاۋايپۇلياسۇترا» (华严经)نىڭ تەرجىمىسىدىكى سۇلى (疏勒) چوقۇم «khasa» دىن كەلگەن. ئەمما، 5-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش بولغان نامنى «چېگرادىكى ياتلار» دەپ تەرجىمە قىلغان. 6-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان «سۇرياگابرىھا سۇترا» (suryagabrha sutra)دا خوتەن دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان «سۇرياگابرىھا سۇترا» (suryagarabha sutra) دا «خوتەن khas'a دېگەن يەردە» دەپ شەرھلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، 6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان نۇملاردا، مەسىلەن «ماھاما يۇيلى سۇترا» (mahāmā yuilī)نىڭ «ياكسا» (yaksa، ئالۋاستىلار) كاتالوگىدا «khasa» جىياشې (迦舍) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 705-يىلى يى جىڭ (义净)نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭدىن 50 يىل كېيىنكى ئاموگھاۋاجۋا (Amoghavajva) نىڭ تەرجىمىسىدە قەشقەر «سۇلى» (疏勒) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خىل ئوخشاشلىقلارنى شۆەنزاڭنىڭ كىتابىدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بىراق، «لالىتاۋىستارا» (Lalitavistara) نۇسخىسىنىڭ كاتالوگىدىكى 587-نومۇرلۇق قول يازمىدا «Khasa» دېگەن سۆز خەنزۇچىغا كېشا (珂沙) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تولۇقلاپ ئېيتقاندا، بۇ دەل سۇلى يەنى قەشقەرنى كۆرسىتەتتى (لېۋى ‹Levi› نىڭ كىتابىغا قاراڭ. 308-يىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «چۈشا» (佉沙)، 683-يىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «كېسو» (可索) دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەنىسى شەرھلەنمىگەن). 308-يىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى شۆەنزاڭنىڭ «چۈشا» (佉沙) دېگەن خەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىشلەتكەن شەخس ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ

بېرىدۇ. مەن «چۇشا» (佉沙) دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى 308- يىلىدىن تېخىمۇ بۇرۇن، بۇنى «ئاگاماسۇترا» (āgama) نىڭ تەرجىمىسىگە سۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قارايمەن.

گەرچە 3- ئەسىردىن تارتىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردا ھەممىشە «khasa» دېگەن نامنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، لېكىن تاكى 6- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن بۇ نامنىڭ قەشقەر بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى تاپالمايمىز، شۇنداقلا بۇنداق يېڭى بېكىتىش ئېنىقلا ھەقىقىي جۇغراپىيە ياكى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سەۋەب بولماستىن، بەلكى ھەر خىل ناملار ئارىسىدا تىل تاۋۇشلىرى ئانالىزى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، «قەشقەر» دېگەن بۇ نامنىڭ ئالدىنقى قىسمى «khasa» بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ۋاقتى مىلادىيە 600- يىللاردىن بۇرۇن ئەمەس.

«يېڭى تاڭنامە»دە قەشقەرنىڭ نامى جياشى (迦师) شەكلىدە كۆرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ قىسقارتىلغان شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن راھىب خۇي چاۋنىڭ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە «خۇي چاۋ (慧超) 727- يىلى سۇلىغا يېتىپ كەلگەن، باشقا ئەللەر بۇ دۆلەتنى ئەسلىي نامى بويىچە جياشىدىلى (迦师祇离) دەيدىكەن» دېيىلگەن. بىزدە پەقەت كەمتۈك ھەم خاتالىق كۆپ بولغان مۇشۇ ۋەسىقىلا بار بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرلىك خۇي لىن (慧林) 817- يىلى يازغان «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى»دە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇ ئەسىرىدە قەشقەرنى «جياشىجىلى» (迦师结黎، قەشقەرى) دەپ يازغان. مەن خۇي لىن ئىشلەتكەن شەكىلدىكى بىرىنچى خەت ناھايىتى توغرا بولغان دەپ قارايمەن. بۇنداق سۆز ئارقىسى چۈشۈپ قالغان شەكىل «كونا تاڭنامە»دىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خۇي چاۋ (慧超) نىڭ مەلۇماتىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. خۇي لىن يەنە «بۇ نام غۇز (ئادەتتە ئەينى چاغدىكى غۇزلار ئىرانىيلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ

قارالغان)چە نامدۇر» دەيدۇ. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا (تاڭ سۇلالىسىدە) ئۇنى «سۇڭلىڭ قەلئەسى» (葱岭镇) دەپ ئاتىغان. ئەلۋەتتە، خۇي لىن بۇ ئەسەرنى يازغان چاغدا جۇڭگولۇقلار (تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) قەشقەرنى قولدىن بېرىپ قويغان. بىراق، ئۇ ئەينى مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا قۇرغان «تۆت قورغان»نىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى پامىرنى قوغداش ئىدى. خۇي چاۋ (慧超) ھەمىشە «پامىر قەلئەسى» (葱岭镇) دېگەن نامنى قوللانغان. لېكىن، مەن بۇ نام ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاتىشى ئەمەس دەپ قارايمەن، خۇي لىن (慧林)نىڭ مەقسىتىمۇ بەلكىم قەشقەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش بولسا كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ خۇي چاۋنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان سۇلىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇي چاۋنىڭ كىمتۇك ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «تۆت قورغان» (四镇) نىڭ نامىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭدا قەشقەرنىڭ نامى يەنىلا «سۇلى» (疏勒) دەپ ئاتالغان؟

«جياشىدىلى» (迦师祇离) ياكى «جياشىجىلى» (迦师吉勒) نى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، دەرۋەقە «kašgiri» (كاشغەرىي) دېگەنلىك ولىدۇ. بۇ نام 727 ـ يىلىدىكى ۋەسىقىلەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈلىدۇ. ئەمما، يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئەينى چاغدا ئۇ نام بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

بۇ نام توغرىسىدا ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر مەۋجۇت. گىئودېر بۇنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: ئۇنىڭ قارىشىچە، «قەشقەر» دېگەن بۇ نام kash (چىرايلىق رەڭ) بىلەن gar (كېسەك ئۆي) دىن تۈزۈلگەنمىش، ئۇ بۇنى 1763 ـ يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى قاراشتىن نەقىل كەلتۈرگەن. كىتابتا موڭغۇل تىلىنىڭ يېزىلىش شەكلى بويىچە «Qašiqar» دەپ يېزىلغان بولسا، تۈركىي تىلدا «qašaqar» دەپ يېزىلغان. يەنە شۇ كىتابتا تۈركىي تىلدا «qaši» دېگەن سۆز «رەڭلىك» دېگەن مەنىدە، «gar» بولسا «كېسەك ئۆي» دېگەن مەنىدە دېيىلگەن. ۋات (瓦特) خەنزۇ يېزىقىدىكى ئىزاھاتىدا: تۈرك تىلىدىكى «kasha» ياكى «kashka» دېگەن سۆز «رەڭلىك»

دېگەن مەنىدە ئىدى. لېكىن، «gar» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «ger» دېيىلگەن. بەلكىم ھىندى تىلىدىكى «ghar» سۆزىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن. بۇ «ئۆي» دېگەن مەنىدە ئىدى. بىراق، ھەرقانداق تۈركىي تىل شىۋىسىدە «kaša» نىڭ «رەڭلىك» دېگەن مەنىسى يوق. بىراق، «qašqa» (يەنە qačqa، qasqa، qašya مۇ دېيىلىدۇ) سۆزى پەقەت «ئالىتاغىل ھايۋانلار»نى ئاتاش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان. مەن چىيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار قەشقەر (Qas'iqar) نى موڭغۇللاشقان تۈركىي تىلى بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار k بىلەن باشلانغان ھىندىستانلىق تەتقىقات ئۇسۇلىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك نامنى بەرگەن دەپ قارايمەن. «qaši» ئەمەلىيەتتە پارس تىلىدىكى (kāshī) بولۇپ، «كاھىش» دېگەن مەنىدە ئىدى. لېكىن، «qar» «ئۆي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈركىي تىل ئەمەس. بۇ بەلكىم بەزى كىشىلەر موڭغۇل تىلىدىكى qär «ئۆي» (كېسەك ئۆينى كۆرسەتمەيدۇ) دەپ ئويلاپ قالغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، «qär» نىڭ ھىندى تىلىدىكى ghar (غار — پىراكىت تىلىدا ghara دېيىلگەن) «ئۆي» بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. موڭغۇل تىلىدىكى «qär» بىلەن «Qas'qar»، «kašyar» دىكى «qar(gar)» ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ تۈركىي تىلى ۋە پارس تىلىدىمۇ ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك سۆز بولمىغاچقا، مەن «كېسەك ئۆي» دېگەن ئۇ سۆزنى ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قەشقەرگە ئېلىپ كىرگەن ھىندى تىلىدىكى «ghar» سۆزى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا مايىل. بىراق، بەزىلەر باشقا تەرەپلەردىن دەلىل ئىزدەپ، «ghar» دېگەن بۇ سۆزنى كىشىلەر 5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىلگەن دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارس تىلىدىكى «kāshi»، موڭغۇل تىلىدىكى «gar» ياكى ھىندى تىلىدىكى «ghar» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنبە ئەمەس.

سانىت - مارتىن (sanit - martin) «gar» شىمالىي ھىندىستان

شېۋىسىدە ئۇرغۇنلىغان يەر ناملىرىدىكى ئاساسلىق سۆز تومۇرى بولۇپ، «شەھەر» دېگەن مەنىدە ئىدى دەپ قارايدۇ. فرانك (Franke)مۇ بۇ كۆزقاراشنى تەكرارلىغان بولسىمۇ، سىتەيىننىڭ رەددىيەسىگە ئۇچرىغان. سىتەيىننىڭ مۇلاھىزىسى توغرا ئىدى. مەن بۇ سۆزنىڭ ھىندى تىلىدىكى سۆز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن. توماس (Thomas) مۇ «gar» سۆزى توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، بەلكىم تىبەت تىلىدىكى «sgar»، «gar» («قارارگاھ» دېگەن مەنىدە) بىلەن ئوخشاش بۇ سۆز ئىلگىرى تىبەت ـ بىرما تىللىرى شېۋىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ توغرۇلۇق بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتكەن، kasyar ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. بىراق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، توماس نەقىل كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ بىر قىسمى تىبەت ـ بىرما تىلىدىكى مىساللار ئەمەس. مەسىلەن، «Rgya ـ gar» (ھىندىستان)، pho ـ dkar قاتارلىقلار. pho ـ dkar نى بۇخارا بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن.

رىچتوفېن (Richtofen) تۈرك تىلىدىكى «قاش» (gas قاشتاش) ئارقىلىق «kāšyar» دېگەن نامنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئىزاھلىماقچى بولغانىدى. لېكىن، سىتەيىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىراق، رىچتوفېنغا ئوخشاش سىتەيىنمۇ «kā'oia öpn» دېگەن نام بىلەن «qaš» ئارىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەت بار دېگەنگە مايىل. سىتەيىننىڭ كۆزقارىشى بولسا «qaš» (قاشتاش) دېگەن نام بەلكىم ئۇلۇغ ياۋچىلار (تۈرك ـ موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەر) ئارقىلىق يۇنانغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. ماركۇئارتمۇ «qaš» سۆزى بۇرۇن «khă» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «khāsa» ياكى «kāoǐa» دېگەن يەردىن چىقىدىغان تاش دېگەن مەنىدە ئىدى دەپ قارايدۇ. ھېرمان (Hermann) بۇ كۆزقاراشنى يەنى «qaš» (قاشتاش) دېگەن سۆز «khasa» دىن كېلىپ چىققان دېگەننى قوللايدۇ ھەم «kāoǐa ǒpn» بولسا «qaš» (قاشتاش) ئۈچۈن بېرىلگەن نام ئىدى دەپ قارايدۇ. بىراق، مەن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تۈرك ـ موڭغۇل تىلىدىكى خەلقلەر دېگەنگە ئىشەنمەيلا قالماستىن، «qaš» نى «khāša» دىن

كېلىپ چىققان دەپ قارىمايمەن. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، «kā'oǐa öpn» دېگەن سۆز ئەڭ دەسلەپ 1076 - يىلى يېزىلغان مەھمۇد كاشغەريي (kāšgari) نىڭ كىتابىدا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرقەدەر قەدىمكى تارىخىي ئەھۋاللار توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيمىز.

مەن قەشقەر نامىنىڭ پەقەت بىر قىسىم بۆلەكلىرىنىڭ ئېتىمولو- گىيەسىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت دەپ قارايمەن. بۇرنوئۇف (Burnouf) مۇ ئاللىقاچان بۇنى ھېس قىلغان. بۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھۇمبولات (Hurmbolat) قا بەرگەن khas'agairi (khas دېگى كىچىك تاغ) بولسا «قەشقەر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بولۇشى كېرەك» دېگەن تەكلىپىدە ئىپادىلىنىدۇ (ئا. ستەين: «قەدىمكى خوتەن»، 50 - ، 51 - بەتكە قاراڭ). گەرچە «khāsa» بىلەن «kaš» قىلىچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، بىراق بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى سانسكرىت تىلىدىكى «giri»، ئاۋىستادىكى «gairi»، خوتەن ساك تىلىدىكى «ga'ri»، ۋاخان تىلىدىكى «yar»، «yayn»، «gor/gar»غا ماس كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. خۇي لىنىڭ بۇ يەر نامىنى خەنزۇ تىلىدا «سۇلى قەلئەسى» (疏勒镇) دەپ ئەمەس، بەلكى «پامىر قەلئەسى» (葱岭镇) دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ دەل مۇشۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، kašgiri (كاشغەريي) دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى بولغان (پىياز) (葱) مەنىسىدىكى ئۇ سۆزنى چوقۇم پامىر شېۋىسىدىن ئىزدەش كېرەك. شىما (shim'a) تىلىدا «پىياز» «kašu» دېيىلىدۇ، بۇرۇشاسكى (Burušaski) تىلىدا «gašu» دېيىلىدۇ («بۇرۇشاسكى تىلى لۇغىتى»، 3 - توم، 182 - بەت). بىراق، بۇ ئىككى خىل تىل ئىران تىلى ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلاردا «gairi»، giri (تاغ دېگەن مەنىدە) دېگەندەك سۆزلەر يوق. شۇڭا، مەن خۇي لىن (慧林) نىڭ تەرجىمىسىمۇ پۈتۈن نامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ دېگەنگە مايىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە («ka[aks]gir» كاشغەر)نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىنى يەنىلا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىراق، سوغد تىلىدا «kašgiri» (كاشغەريي) دېگەن نام ئومۇملاشقاندىن باشقا، ئالدىنقى بوغۇمى قىسقارتىلغان شەكلىمۇ

ئومۇملاشقاندەك قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، بىز تۆۋەندىكى خۇلاسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. مۇبادا kāše دېگەن سۆزنى kāšak («قەشقەر» دېگەن مەنىدە) دەپ چۈشەنسەك ھەم بۇ خىل ئەھۋال مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، «ماھرانامىگ (Mahranāmag)» دېگەن ئەسەرنىڭ 146- قۇرىدىكى «kāšānc=Q' š'nč» ئۇنىڭ مەنىپي شەكلى بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى يىللاردىكى ئەسەر «شىن ماۋسىنىڭ سەپەر خاتىرىسى» (幸卯侍行记) نىڭ ئاپتورى «قەشقەردىكى تۈركلەر ھازىر بۇ شەھەرنى قىسقارتىپ «كاشى» Qaš ياكى Qaši دەپ ئاتايدىكەن. بۇ تاڭ دەۋرىدىكى 佳沙 ۋە 伽师 دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىسقارتىلغان شەكىل ئۇچۇن مىسال بىلەن تەمىن ئەتتى دەپ يازىدۇ. بىراق، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى 1891- يىلى تيەنجىندىن ئۆرۈمچىگە كەلگەن. قەشقەرنى زىيارەت قىلىپ باقمىغان، مەن ئەينى چاغدا بۇ خىل «يېقىنقى زامان قىسقارتىلغان شەكىل» نى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، ئۇنى ئاپتور ئويدۇرۇپ چىققان دەپ قارايمەن.

ئاۋرېل ستەيىن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە: مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەر (ياكى كاشغەر)نىڭ ھەر خىل يېزىلىش ئۇسۇلى بار. مەسىلەن، «كاشگار»، «كاشغەر»، «كاشكار»، «قاشقار» قاتارلىقلار دېيدۇ. بىز چوقۇم شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار پەقەت ئىلگىرى قوللىنىلغان شەكىللەرنىڭ بىرى، ئەرەب مەنبەلىرىدىكى ئىبنۇل ئەسىر (Ibn Al Asir)، پارسچە «ھۇدۇدۇلئالەم» (Hudūd_al_Alam)، تۈركىي تىلىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» (Qutadğubilig) قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەردە يۇقىرىقىدەك يېزىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. خاتالىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، «كاشكار» (kāškar)، «كاشغەر» (kāšğar) ۋە «قاشقار» (Qāšqar) قاتارلىق يېزىلىش ئۇسۇلى («k» بىلەن «g» بەزى قول يازمىلاردا ئازراق پەرقلىنىدۇ. لېكىن، «q» (ق) بىلەن «y» بەكلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن) ھەرگىزمۇ تۈرك تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى تۈرك، موڭغۇل تىلىدىكى بىر سۆزدە «k» (ياكى «g») بىلەن «q» (ياكى «y») تاۋۇشلىرىدا ئوخشاش بولمىغان

ئوقۇش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، پارس تىلىدا «k» (ك)، «q» (ق) ياكى «h» (خ) تاۋۇشلىرىنىڭ ئالمىشىشى دائىملىق ئەھۋال. 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇل فىدا (Abūl - Fida) قاشغەر (Qašyar) ۋە «كاشغەر» (kāšyar) دىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەقىل ئالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە «كاشغەر» (kašyar) دېگەن بىرلا يېزىش ئۇسۇلى بار ئىدى. ئەمما، ۋۇللېرس (Vullers) نەقىل ئالغان ئىككىنچى خىل شەكلى «كاچغار» (kačyar) ۋە «كازغار» (kazyar) دېگەن ناملار «بورخانى قاتى» (Burhan - i - Qati) دېگەن ئەسەردىن كەلگەن. «كازغار» (kazyar) دېگەن بۇ خىل شەكىل ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق، لېكىن بۇ سۆز ž نىڭ ئالدىدىكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ğ» (غ) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، «كاچغەر» (kāčğar) بولسا «كاجغەرى» (kačyari/kajyari) نىڭ سۈپەت شەكلى ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولدى. قەشقەردىكى تۇنجى تارىخشۇناسنىڭ دادىسى (ئۇ 1093- يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئوغلىدىن ئون يىل كۆپ ئۆمۈر كۆرگەن) نىڭ ئىسمى ھۈسەيىن ئەل- ئەلمائى - ئەل كاجغەرى (Husain - al - Almai - al Qajyari) ئىدى (ۋ. بارتولد: «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «قەشقەر» ماددىسىغا قاراڭ). كاچغەر (kačyar) دېگەن سۆزنىڭ شەرھىيسى توغرىسىدا ھېچقانداق كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويمايمەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر، خوتەن، كۇسەن ۋە قاراشەھەر خان جەمەتلىرى خەنزۇلار دائىم قوللىنىدىغان فامىلىلەرنى قوبۇل قىلغان ياكى ئىشلەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ سەۋەبى تا بۈگۈنگىچە مەلۇم ئەمەس. قەشقەر خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي (裴) بولغان بولسا، خوتەن خان جەمەتى يەرلىك خانلىقنىڭ نامىغا ماس كېلىدىغان فامىلىنى قوللانغان (خانلىقنىڭ نامى ۋىجايا (Vijaya) بولغاچقا، خەنزۇچە فامىلىسىمۇ 尉 بولغان). قەشقەردىكى پېي فامىلىسىدىمۇ شۇنداق ھادىسە مەۋجۇتمۇ؟ بۇنى تا ھازىرغىچە ئاڭقىرالمىدۇق. لېكىن، ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خوتەن»

دېگەن ئەسىرىدىمۇ تەۋەندىكى كۆزقاراشنى تەكرارلىغان، يەنى ئەرەبلەر قۇتەيبەنىڭ باشچىلىقىدا مىلادىيە 715 ـ يىلى قەشقەرنى بويسۇندۇرغان. لېكىن، گىب (Gibb) كۇچىنىڭ بارىچە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئاشۇ بىر رىۋايەتنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. گىبنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشى يەنە ۋ. بارتولدنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى (ۋ. بارتولد «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «قەشقەر» ماددىسىغا قاراڭ).

تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، بىر تۈرك خانلىقى ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىقتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىنى قەشقەرگە قۇردى. بۇ نامنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەل مۇقەددىسى (Al ـ muqaddisi)، ئەل بىرونى (Al ـ Biruni)، مەھمۇد كاشغەري، ئەبۇل فىدا قاتارلىقلار ئىشلەتكەن. بىراق، ئۇ ھېچقاچان «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى باسالمىغان. ھارتمان (Hartman) ۋە كېيىنچە بارتولدمۇ موڭغۇل دەۋرىدىن تارتىپ قاغانلىق مەركىزى قەشقەرگە ئەمەس، بەلكى يەكەنگە تەسىس قىلىنغان، قەشقەر پەقەت 1877 ـ يىلى جۇڭگولۇقلار قايتا بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان دېگەندە چىڭ تۇرىدۇ. بۇ خىل قاراش بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن 1604 ـ يىلى بېنېدىست گوس (Benedct. Goës) ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ مەركىزى يەكەنگە تەسىس قىلىنغانىكەن. تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىككى پارچە ئەسەر قەشقەرنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قۇتادغۇبىلىك» 1069 ـ يىلى مۇشۇ يەردە يېزىلغان. 1076 ـ يىلى يېزىلغان تۈرك ئېلىنىڭ تۇنجى لۇغىتى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (Divan lughat ـ at ـ Turk) قەشقەرلىك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى ئىدى.

1240 ـ يىلى يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا قەشقەرنى «كىسقار» (kisqar) دەپ خاتىرىلىگەن. بۇمۇ بەلكىم 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە كۆچۈرگۈچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتالىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ نامنى تونۇمىغان ياكى بىلمىگەندەك قىلىدۇ. موڭغۇل تىلىدا «s» بىلەن «š» نىڭ پەرقى يوق، شۇنىڭ

بىلەن بىرگە تەرجىمە قىلىپ يازغانىدا، «g» بىلەن «q» نى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىگەن. بىرىنچى بوغۇمىدا «a» خاتا ھالدا «i» بولۇپ قالغان. بۇنىڭدا چوڭ خاتالىققا يول قويغاندەك قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ ئوخشاش خاتالىق سادىر بولغان دەپ قارايمىز. موڭغۇل تىلىدىكى «ki» ئوتتۇرا تاۋۇش بولغانلىقتىن، «γ» بىلەن «q» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل سۆزلەرگە ئورتاق ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، «ka»نىڭ ئىشلىتىلىشى چىقىرىپ تاشلانغاچقا، بۇنداق خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. 1240 ـ يىلىدىكى ئەسلىي قول يازما نۇسخىسىدا «kišγar»، «kašγar» (كىشغار / كاشغار) دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئۇرغۇنلىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى بار، لېكىن كونكرېت تەھلىل قىلغاندا، ئىككى خىل مەنبەنى مۇستەسنا قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ بىر خىلى بىرىنچى تەرجىمىسى بولغان «kašγar» دېگەن نام «كىشغار» «كىشخار»، «جاشىخا»، «كاشخارى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. يەنە بىرى «Qašγar» (哈失哈) تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۆزگىرىش موڭغۇل تىلىدىكى تەلەپپۇزغا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن بولغان. يەنە بىر خىل شەكلى بولسا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 123 ـ جىلدىدا «乞失哈里» شەكلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ «kišγar» (كىشغار) دىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ بەلكىم ئەسلىي موڭغۇل تىلىدىكى نۇسخىسىدا تىلغا ئېلىنغان «kašγar» (كاشغار) نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن.

ماركوپولونىڭ دېيىشىچە، قەشقەر بۈيۈك خانغا تەۋە ئىكەن، خوتەنمۇ شۇنداق ئىكەن. يەكەن بۈيۈك خاننىڭ جىيەنى قايدۇغا تەۋە ئىكەن (شۇ كىتابنىڭ «قەشقەر»، «خوتەن»، «يەكەن» ماددىلىرىغا قاراڭ). ماركوپولونىڭ كىتابىدىكى بۇ خىل كۆزقاراش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ كۆزقاراش مۇنداق بىر ئەمەلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، يەنى قايدۇ بىلەن بۈيۈك خاننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى قومۇل بىلەن قاراشەھەر ئارىلىقىنى ئۆزىنىڭ چېگراسى قىلغاچقا، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن

غەربىي قىسمى قايدۇغا تەۋە بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ماركوپولو دەۋرىدىكى ھەرقايسى سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي ئورنىنىڭ بايانى ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، راشىدىددىن (Rašidu - d - din): «قارا غوجا رايونى (تۇرپاننىڭ شەرقىي قىسمى) كۈچىنىڭ بارىچە قۇبلاي بىلەن قايدۇ ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قالماقچى بولغان» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1330 - يىلىدىكى خەرىتىدە قەشقەر بىلەن خوتەنمۇ چاغاتاي جەمەتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبىرى ئۇلاي تېمۇرنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە ئىدى. لېكىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قۇبلايخاننىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلىنىڭ ئالمىلىقتا تۇرغان، بۈيۈك خان دۇنخۇاڭ ئارقىلىق لوپنۇردىن قەشقەرگىچە بولغان پۈتۈن لىنىيەدە رابات قۇرغان. ئۇ ھەتتا بەدەخشان (Badascian) دىكى كانغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، خوتەن بىلەن قەشقەر بۈيۈك خانغا تەۋە، لېكىن يەكەن باشقا بىر ھاكىمىيەتكە تەۋە دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. شاھزادە ئالوخو (阿鲁忽) بىر مەزگىل قۇبلاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەننى تارتىۋالىدۇ. بۇ توپىلاڭ ماركوپولو ساياھىتىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن (شۇ ئەسەرنىڭ «خوتەن»، «بەدەخشان» ماددىلىرىغا قاراڭ). لېكىن، بۇ يەكەن بىلەن خوتەننىڭ ئورنىغا تەسىر يەتكۈزەلمىگەن. ئەلۋەتتە مۇنداق ئېھتىماللىقمۇ بار، يەنى يەكەن گەرچە بۈيۈك خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىچىدە بولسىمۇ، بىقىندى ئەل ھېسابىدا ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇ يەردىن يىغىلغان باج شىرمەم تۇغقانلىرىدىن بولغان شاھزادىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ماركوپولونىڭ بۇ توغرىسىدىكى بايانىدا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1514 - يىلىغىچە قەشقەر دوغلات «Duğlat» قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، شۇندىن كېيىن يېڭى بىر خانلىق مۇشۇ يەردىن باشلانغان ھەم تاكى 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋام قىلغان. قەشقەر بىلەن قالماقلار، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنقى زامان ئالاقىسى ۋە زىددىيەتلەرنى بۇ يەردە

تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئامال بولمىدى. 14- ئەسىردىن 16- ئەسىرگىچە بولغان قەشقەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم ماتېرىيال مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى (يەنە بىر نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى») بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بېللېۋ (Bellew) نىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرغان، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332- جىلدىدىكى «قەشقەر» (哈实哈尔) گە ئالاقىدار مەزمۇنلاردا بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى 1408-، 1413-، 1426-، 1435-، 1547- يىللىرىدىكى ئالاقىلەر بايان قىلىنغان. 1547- يىلى يېزىلغان «چېگرا رايون سىياسىيسى ئۈستىدە تەتقىقات» (边政考) دېگەن كىتابتا ساقلىنىپ قالغان مىڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە «قاشقارى» (恰失恰力) دېگەن شەھەر تىلغا ئېلىنغان ھەم بۇ يەردىن غەربكە 5 چاقىرىم ماڭساق، «شىغال شەھىرى» (失哈力城) گە بارىمىز دېيىلگەن. شەك - شۈبھىسىزكى، «恰失恰力» دېگەن سۆز «قەشقەر» دېگەن سۆزنىڭ خاتا تەلەپپۇزى ئىدى. بۇ ھەقتە باشقا بىر نۇسخىسىدا ئۇنىڭ توغرا نامى بايان قىلىنغان («جۇڭگوغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 5- سان 235- بېتىدىكى بېرنىسچىندىرنىڭ بىرئاز كېيىنرەك بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا قاراڭ). ئىككى كىتابتا «失哈力» (شىغال) دېيىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام توغرا بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەن يەنىلا ئۇ «قەشقەر» (哈失哈力) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ھەم ئوخشاشلا «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ خاتا ئاتىلىپ قالغان نامى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ جۇڭگو بۇ يەرنى «قەشقەر» (喀什噶尔) دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ خىل ئاتاش موڭغۇل تىلىدىكى «Qāšqar» دىن ئەمەس، بەلكى تۈرك تىلىدىكى «كاشغەر» (kašğar) دىن تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، «قەشقەر» (喀什噶尔) دېگەن نامنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش

تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە بۇ يۇرتتىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل شەكىللىرى خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە، موڭغۇل تىلىدا Qašqar ، قالماق تىلىدا Qašïğar ، تىبەت تىلىدا kha - ši - kar ، تۈرك تىلىدا Qašqar دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، رۇسىيە تۈركىستانىنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزىدا «kašğar» دېيىلسە، شىنجاڭدا ئادەتتە «kašqar» دەپ ئوقۇلىدۇ. تاشكەنتتە بىز بىر سارت (sart) تىن «قاشقار» نىڭ توغرا شەكلى چوقۇم «Qašqar» بولۇشى كېرەك دېگەننى ئاڭلىغانىدۇق. قالماقلار تەسىرىدىكى بۇ موڭغۇلچە تەلەپپۇز كوۋالېۋسكىي (kowalewski) نىڭ لۇغىتىدە «Qašiqar» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز خەنزۇچە - موڭغۇلچە سۆزلۈكتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بىلىشىمچە، تىبەتچىدە قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى بۇ نامى ئەڭ دەسلەپ «تىبەت خانلىرى نەسەبنامىسى» (Die kōnige vonTibet) دە تىلغا ئېلىنغان، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «o - don - kas - dkar» نىڭ «ئۇدۇن بىلەن قەشقەر» دېگەن مەنىسى بار.

ماركوپولونىڭ دېيىشىچە، قەشقەردە بىر قىسىم نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى ۋە چېركاۋلىرى بار ئىكەن، Z نۇسخىسىغا[1] ئاساسلانغاندا بىر قىسىم چېركاۋلارنىڭ بارلىقى مۇقەررەر ئىدى. Y نۇسخىسىنىڭ 281-بېتىدە تۇرغۇنلىغان مۇرىتلار بار دېيىلگەن[2]، پەقەت FB نۇسخىسىغا[3] ئاساسلانغاندا يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بىراق، V نۇسخىسىدا بۇلار تولۇقلىنىدۇ، بۇ نېستورىيان مۇرىتلىرى «يۇنان قائىدىلىرى»گە ھۆرمەت قىلىدىكەن دېيىلگەن. بۇمۇ خالىغانچە پەرەز قىلىشتىن بولغان. FB نۇسخىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى تۈركلەر ئىكەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ

---

① «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ بىر قىسىم تەرجىمىلىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. «Z» بولسا پالازىدو زۇرلا (Placido zurla) نى كۆرسىتىدۇ.

② ھېنرى يۇلى (Henry yule) نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

③ FB بېنېدېتتو (Benedetto) نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرئاز ئاساسى بار. چۈنكى، شەرق ماتېرىياللىرىدىمۇ بۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى تۈركلەر ئىدى. رىسىروس (Rici - Ross) نۇسخىسى بىلەن بېنېدېتتو (Benedetto) تەرجىمىسىدە «بۇ جايلاردىكى تۈركلەر ئارىسىدا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنداق تەرجىمە قىلىش تۆۋەندىكى ئۇنىڭ بارلىقىدىن بولغان، يەنى قەشقەردىكى بارلىق ئاھالىلەر تۈركىي خەلقلەر ئىدى. مۇبادا قەشقەردە بىر قىسىم نېستورىيان دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەر بار ئىدى دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بەكلا بىمەنىلىك بولىدۇ. لېكىن، Z نۇسخىسىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان «نېستورىيان دىنى تۈركلىرى» دېگەن مەزمۇنلار ھەقىقەتەنمۇ ماركوپولودىن كەلگەن. بىراق، بىز ماركوپولو ئېيتقان تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ دەپ قارايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەسمىش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىمىش. ئەمەلىيەتتە، قەشقەردىكى نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدە نۇرغۇن-لىغان ئۇيغۇرلار بار ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلار بەلكىم مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقىنى ئىشلەتمەي، ئاۋۋالقىدەكلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «بۇ يەردىكى تۈركلەر ئىچىدە» دېگەن بۇ خىل قاراش بىر خىل تەرجىمە بولۇپلا قالماي، ئەسلىدىكى تېكىستنىڭ ئىزاھاتى بولۇپ قالغاندى.

سۈرىيە يېزىقى (Suriac)دا يېزىلغان ھۆججەتلەر قەشقەرنىڭ نېستورىيان دىنى گۇرۇھىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 13- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر پارچە نېستورىيان دىنى رايونلىرى كاتالوگىدا «قەشقەر» (kāš gar) دىنىي رايونىنىڭ نامى 19- ئورۇنغا تىزىلغان. «كاسىمگار» (kāsimgar) بىلەن ناۋاكەت (Nuāketh) 25- قاتارغا تىزىلغان. 1349- يىلى يېزىلغان باشقا بىر ھۆججەتتە «تارك» (Tark تۈرك دەپ ئوقۇلىدۇ) «قەشقەر (kaš gar)»نىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ 19- دىنىي رايون دەپ

ئاتالغان، كاسېمگېر (kāsemger) ۋە «ناۋاكەنت» (Nuākath) 25- دىنىي رايوندا ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە ئوخشاش بولغان ئىككى خاتالىققا يول قويۇلغان. قەشقەر 25- دىنىي رايونى بولۇشى، ھەتتا بۇ دىنىي رايوندىكى ئىككى جاينىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن (بۇ خىل بىر باش روھانىينىڭ ئىككى ئورنى بولۇشتەك ئەھۋال خىرىستىيان، نېستورىيان دىنىدا ھەمىشە كۆرۈلىدۇ). «ناۋاكەنت» (Nuāketh) ياكى «ناۋاكەت» (Navakath) شەك - شۈبھىسىزكى، ئىران تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «يېڭىشەھەر» دېگەن مەنىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتەتتى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن ئەسەردە چۇ دەريا جىلغىسىدىكى تۈنكات (Tūnkat)نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ناۋاكات (Navakat) شەھىرى بار، دېيىلگەن. مىنورسكىي «تۈنكات» بىلەن جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «顿建» (Tūnkānt دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى) نىڭ ئوخشاش بىر يەر نامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن Navakat نىڭ جايلاشقان ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۈنكەنت» (Tūnkānt) نىڭ شەرقىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان «يېڭى كەنت» (Navaketh) ئىدى. لېكىن، بۇ «يېڭى كەنت» رۇسىيە تۈركىستانى چېگراسىدا بولۇپ، قەشقەر بىلەن ئوخشاش بىر دىنىي رايونغا تەۋە شەھەر ئىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ جۇڭگو تۈركىستانى چېگراسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە لوپنۇر رايونىدىكى باشقا يەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، «بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا» «ناۋىجكات» (Navijkath) دېگەن بىر شەھەر بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. ۋ. مىنورسكىي بۇ شەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان. لېكىن، توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەلىيەتتە سوغد تىلىدىكى «نوۋكەنت» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، «يېڭىشەھەر (كەنت)» مەنىسىدە ئىدى. بۇ يەر قەدىمدە سوغدلارنىڭ لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مۇستەملىكىسى بولغان جاي ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا مەن قىسقا بىر پارچە ماقالە يازغانىدىم. مىنورسكىي مەن ئوتتۇرىغا قويغان بىر مەسىلىگە

دىققەت قىلمىغان، يەنى لوپنۇر رايونىدىكى «ناۋىجكەنت» (Navijkath) خەنزۇچە مەنبەلەردە «弩支城» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «弩支» چوقۇم سوغد تىلىدىكى «Nōč» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇشى كېرەك. سوغد تىلىدا بۇ يەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «Nōč - ka θ» ئىدى. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە تۇنجى قېتىم 750 - يىلى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 8 - ئەسىردە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» 982 - يىلى يېزىلغان، لېكىن «نوۋكەنت» (يېڭى كەنت) 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى سوغد كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. گەرچە بىز بۇ شەھەرنىڭ 10 - ئەسىردىن كېيىنكى تارىخى توغرىسىدا بىر نەرسە بىلمىسەكمۇ، بىراق ئۇ سوغدلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئاۋۋالقىدەكلا خىرىستىيان دىنى مەركىزى بولغان ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشقان، شۇنداقلا قەشقەر بىلەن بىرلىكتە تارىم ئويمانلىقىدىكى نېستورىيان دىنى باش روھانىيلىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ قالغان. «Nuāketh» ياكى «Navaketh» بەلكىم سوغد تىلىدىكى «Nōč - ka θ»نىڭ پارسچە شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ئويلاش قىيىن بولغىنى شۇكى، سۈرىيە يېزىقىدىكى تىزىملىك (مۇبادا تەكشۈرۈپ دەلىللىشىمىز توغرا بولىدىغان بولسا) تىن باشقا، موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ شەھەرنى تىلغا ئالغان ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نام بىلەن ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىرمۇ ماتېرىيال يوق.

تىزىملىكتىكى «Kašimghar» ياكى «kōsemgar» دا چوقۇم بىرئاز خاتالىق بار. مەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمان ئاپتورلار ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن kašğar (كاشغار) دېگەن شەكىلنى موڭغۇللار دەۋرىدىكى جۇۋەينى (juwaini)، راشىدىددىن (Rasidud - in)، ۋاسافى (wasāFi) ھەمدە «نوزاتى - قۇلۇب» (Nuzhat - ai - Qulūb)نىڭ ئاپتورى قاتارلىقلارمۇ قوللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، سۈرىيە مۇئەللىپى پەقەت «kāšgar» نامى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان (نامنى توغرا يازغان بولسىمۇ، لېكىن 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان جەدۋەلدە ئورنىنى خاتا قويۇپ قالغان)، بەلكى يەنە

بۇ نام م. ياھبالاخا (M.yahbalaha) نىڭ 3 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ مەنبەلەردە «kashkar» (كاشكار) شەكلىدە ئۇچرايدۇ (بۇ ھەقتە بوت: «قۇبلايخان دەۋرىدىكى راھىبلار»نىڭ «قەشقەر» بابىغا قاراڭ). شۇڭلاشقا، نېستورىيان دىنى باش روھانىيسىنىڭ چوقۇم بىر دىنىي رايون تىزىملىكى بار بولغان. ئاسسىمانى (Assemani) توپلىمىسىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى، بىراق كىشىلەر مۇشۇ تىزىملىك قاتارلىق مۇھىم يازما ھۆججەتلەرگە قارىتا يېڭىباشتىن تۈزىتىش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ماركوپولو قەشقەر ھەققىدىكى بايانلىرىدا يەنە بىر قىزىقارلىق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل يەرلىك تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئاۋرېل ستەين بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» 1069 - يىلى قەشقەردە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەر ئىدى. بۇنىڭدىن بىز «تۈركىي تىل ماركوپولو دەۋرىدە بۈگۈنكىگە ئوخشاش قەشقەردە ئومۇملاشقان تىل ئىدى» دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. ماركوپولو يەكەن، خوتەن ياكى چەرچەن (čärcän) ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ خىل ئەھۋاللارنى تىلغا ئالمىغان.

بۇنىڭغا قارىتا ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بولۇشى مۇمكىن، بىر قىسىم نۇسخىلاردا «بۇ يەردىكى كىشىلەر» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان. مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەر ئىچىدىكى بىر قىسمى پەقەت نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرىغا ماس كېلىدۇ. خۇددى مولې (Mole) ئېيتقاندەك، بۇ خىل ئۇسۇل توغرا بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەن، بۇ ئانچە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمەن. يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق بىر قاراشقا مايىلراق، يەنى ماركوپولو ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەردىن بىراقلا قەشقەرگە كەلگەن ھەم بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى بايقىغان، شۇنداقلا بۇ تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلغان بولغاچقا، يۇقىرىقى قاراش پەيدا بولغان. يەكەن، خوتەن ۋە چەرچەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر قەشقەر بىلەن ئوخشاش تىلدا

سۆزلەشكەچكە، كېيىن بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان.
بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئويلاپ بېقىشقا بولىدۇ، يەنى قەشقەردە تۈركىي تىلدا بولمىغان باشقا يەرلىك تىللار ماركوپولو بۇ يەردە تۇرغان چاغدا ئاۋۇالقىدەكلا ئىشلىتىلگەندى. ھازىر بىزدە مىلادىيە 6- ئەسىردىن 11- ئەسىرگىچە خوتەن، كۇچادا ئىشلىتىلگەن تىللار ھەققىدە ئىنتايىن توغرا بولغان ماتېرىياللار بار بولدى. بىراق، بۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىرقى بىلەن تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغاندەك قىلىمىز. شۆەنزاڭ قەشقەرنىڭ ئاھالىلىرى «بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن، يېشىل كۆزلۈك ئىدى» دەيدۇ. لېكىن، كېيىنكى ئالاھىدىلىكىنى ئۇ پەقەت باشقا بىر مىللەتنى يەنى پامىر تاغلىرىدىكى ۋاخانلىقلارنى تىلغا ئالغاندىلا سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر (ۋاخانلىقلارنى دېمەكچى)نىڭ «كۆزى كۆك بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ («يېڭى تاڭنامە»دە بۇ ئىككى مەنبە نەقىل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئىككى جايدا پەقەت «كۆزى كۆك ئىدى» دېيىلا خاتىرىلەنگەن). شۆەنزاڭ يەنە «قەشقەرلىكلەرنىڭ تىلى ۋە تەلەپپۇزى باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ماركوپولونىڭ بايانى بەكلا ماس كېلىدۇ. بىراق، بىز بىر نۇقتىنى تولۇقلىشىمىز لازىم. ئۇ بولسىمۇ شۆەنزاڭ خاتىرىلىگەندەك، ئەينى چاغدا يەكەن بىلەن خوتەننىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلى بولغان. لېكىن، ماركوپولو پەقەت قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۆەنزاڭ بىلەن ماركوپولو ئارىسىدا ئالتە ئەسىر ۋاقىت پەرقى بار. ئەمما، مەھمۇد كاشغەرىي ئىسىملىك بىر زات بۇ مەزگىلدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، شۇ يەر توغرۇلۇق تەبىئىيلا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. مۇبادا ماركوپولو ئېيتقاندەك، قەشقەرلىكلەرنىڭ «ئۆزلىرىنىڭ تىلى» تۈركىي تىل ئەمەس بولسا، ئۇ چاغدا مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلىمىغان بولاتتى. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەردە ئەسلىدىلا خاقانىيە «(haqania)

تۈركچىسى» ئىشلىتىلگەن. بىراق، ئۇ يەنە قەشقەر رايونىدا تۈركىي تىل بولمىغان بىر خىل «كەنچەك (kānjaki) تىلى» دەپ ئاتالغان تىلنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، 82-، 135- بەتكە قاراڭ، بۇ يەنە «kānčaki» دەپمۇ ئاتالغان). موڭغۇللار دەۋرىدە «kānčāk» ياكى «kānčāki» ھەمىشە تالاسنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن (ۋاسافى «vasafi» نىڭ ئەسىرى، 24- بەت، بۇ يەردە «kānjal» دەپ خاتا ئوقۇلغان. 128- بەتتە خاتا ھالدا «kunjuk» دەپ ئوقۇلغان. جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن شۇ ئەسەرنىڭ 22- بېتىگە قاراڭ). بۇ چوقۇم مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرىدىكى «كەنچەك ساڭىر» (kānčaksāngir) دېگەن يەرنىڭ ئۆزىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي «كەنجەكى» (kānjaki) ياكى «كەنجەكى» «kānčaki» نىڭ بىر خىل تۈركچە بولمىغان تىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزى ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان «kānčaki» لەرنى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا قويۇپ بايان قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇلار بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىدى. شۇڭا، ئالاھىدە پېشىل «كانوئاك كالاماك» (kānoāk klamāk) (كەنچەك «kānčāk» لەرگە ئوخشاش ياسانماق دېگەن مەنىدە) نى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزگەن. «kānoāk» لارنىڭ بىر قىسمى تالاس رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاتىرىسى ئىشەنچلىك ھالدا «كەنچەك» (kānčak) لەرنىڭ يەنە قەشقەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى ھەمدە باشقا تارىخىي ماتېرىياللار تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلاندى. خانېدا تورۇ (Haneda toru) تەتقىق قىلغان مانى دىنىنىڭ كەمتۈك ھۆججەتلىرىدە بۇ نام قومۇل (Qamil)دىن كەلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىلا كۆرۈلىدۇ. پەقەت ئاپتورلا بۇنىڭ مەخسۇس بىر نام ئىكەنلىكىنى بايقىماي قالغان، خالاس. تىبەت يېزىقىدىكى خوتەننىڭ ئومۇمىي تارىخى بولغان «ليال تارىخى»دا «Ge - ǰag» پادىشاھى ئىلگىرى خوتەن رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولغان. خوتەن پادىشاھى ئۇنى

Ge - jag پادىشاھىنى دېمەكچى- تەرجىمان) «šu - jag» (شۇ- جاك») رايونىغا يەنى قەشقەرگە ئاپىرىپ قويغان دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «Ge - ǰag» دېگەن سۆز «Geǰag» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى، «Ga - ǰag» پادىشاھى دەل قەشقەرنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. كلاۋسون (Clauson) Ga - ǰag بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان قەشقەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۇ تىلنىڭ نامىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ چىقتى. بۇ يەردە كلاۋسون «بۇ نام ئېنىقلا ئىران تىلىدىكى نام بولۇپ «Ganǰan» غا ماس كېلىدۇ، بۇ جەنۇبىي كاۋكاز ئىران تىلى رايونىنىڭ غەربىدىكى مەشھۇر شەھەر ئىدى» دەپ تولۇقلىما بېرىدۇ. بىراق، مەن ھازىر بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلارمىكىن دەپ ئويلايمەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھەقىقەتەنمۇ j تاۋۇشى يوق ياكى كېيىپ ئېيتقاندا، (چ) بىلەن j (ج) ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ يازغان «ژ» ئەمەلىيەتتە «چ» ئىدى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ژ» سىرتتىن كەلگەن تاۋۇش ئىدى، شۇڭا ئەسلىدىكى نامى تۈركچە بولمىغان «kănjak» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغان «kănǰak» نى تۈركىي تىلى بويىچە ئوقۇغاندا «كەنچەك» («kănčăk») دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ توغرا بولغان قائىدىدۇر (بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا سىرتتىن كەلگەن«ژ» تاۋۇشىنى ھەمىشە z (ز) ياكى ž تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەيتتى. «g» بىلەن «k» نىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايتتى. «g» ھەرپىنىڭ باشتا كېلىش ھادىسىسى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل تاۋۇشلار ئارىلىشىپ كەلگەندە، ئىككى تاۋۇشنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشتا كەلگەن تاۋۇشنى «k» دەپ ئوقۇماي، «g» دەپ ئوقۇش لازىم دەپ قارايدۇ. بىراق، «kănčak» دېگەن سۆزنى بۇنداق چۈشەندۈرمەيدۇ. باشقا بىر تەرەپتىن، تىبەت تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا «kănčăk» بىلەن «Ganjag» نى ئۆزئارا

تۈركچىسى» ئىشلىتىلگەن. بىراق، ئۇ يەنە قەشقەر رايونىدا تۈركىي تىل بولمىغان بىر خىل «كەنچەك (känjaki) تىلى» دەپ ئاتالغان تىلنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، 82 ـ، 135 ـ بەتكە قاراڭ، بۇ يەنە «känčäki» دەپمۇ ئاتالغان). موڭغۇللار دەۋرىدە «känčäk» ياكى «känčäki» ھەمىشە تالاسنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن (ۋاسافى ‹vasafi› نىڭ ئەسىرى، 24 ـ بەت، بۇ يەردە «känjal» دەپ خاتا ئوقۇلغان. 128 ـ بەتتە خاتا ھالدا «künjük» دەپ ئوقۇلغان. جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن شۇ ئەسەرنىڭ 22 ـ بېتىگە قاراڭ). بۇ چوقۇم مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرىدىكى «كەنچەك ساڭىر» (känčaksängir) دېگەن يەرنىڭ ئۆزىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي «كەنجەكى» (känjaki) ياكى «كەنجەكى» «känčaki» نىڭ بىر خىل تۈركچە بولمىغان تىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزى ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان «känčaki» لەرنى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا قويۇپ بايان قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇلار بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىدى. شۇڭا، ئالاھىدە پېشىل «كانوئاك كالاماك» (känoäk klamäk) (كەنچەك «känčäk» لەرگە ئوخشاش ياسالماق دېگەن مەنىدە) نى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزگەن. «känoäk» لارنىڭ بىر قىسمى تالاس رايونىدا ئولتۇراق-لاشقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاتىرىسى ئىشەنچلىك ھالدا «كەنچەك» (känčak) لەرنىڭ يەنە قەشقەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى ھەمدە باشقا تارىخىي ماتېرىياللار تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلاندى. خانېدا تورۇ (Haneda toru) تەتقىق قىلغان مانى دىنىنىڭ كەمتۈك ھۆججەتلىرىدە بۇ نام قومۇل (Qamil)دىن كەلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىلا كۆرۈلىدۇ. پەقەت ئاپتورلا بۇنىڭ مەخسۇس بىر نام ئىكەنلىكىنى بايقىماي قالغان، خالاس. تىبەت يېزىقىدىكى خوتەننىڭ ئومۇمىي تارىخى بولغان «لىيال تارىخى»دا «Ge ـ ǰag» پادىشاھى ئىلگىرى خوتەن رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولغان. خوتەن پادىشاھى ئۇنى

(شۇ- «šu - jag») (پادىشاھنى دېمەكچى- تەرجىمان) Ge - jag (شۇ-جاك») رايونىغا يەنى قەشقەرگە ئاپىرىپ قويغان دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «Ge - jag» دېگەن سۆز «Gejag» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى، «Ga - jag» پادىشاھى دەل قەشقەرنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. كلاۋسون (Clauson) بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان Ga - jag قەشقەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۇ تىلنىڭ نامىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ چىقتى. بۇ يەردە كىلاۋسون «بۇ نام ئېنىقلا ئىران تىلىدىكى نام بولۇپ «Ganjan» غا ماس كېلىدۇ، بۇ جەنۇبىي كاۋكاز ئىران تىلى رايونىنىڭ غەربىدىكى مەشھۇر شەھەر ئىدى» دەپ تولۇقلىما بېرىدۇ. بىراق، مەن ھازىر بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلارمىكىن دەپ ئويلايمەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھەقىقەتەنمۇ j تاۋۇشى يوق ياكى كېيىنكى ئېيتقاندا، (چ) بىلەن j (ج) ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ يازغان «ژ» ئەمەلىيەتتە «چ» ئىدى. ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ژ» سىرتتىن كەلگەن تاۋۇش ئىدى، شۇڭا ئەسلىدىكى نامى تۈركچە بولمىغان «känjak» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغان «känjak» نى تۈركىي تىلى بويىچە ئوقۇغاندا «كەنچەك» («känčäk») دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ توغرا بولغان قائىدىدۇر (بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا سىرتتىن كەلگەن«ژ» تاۋۇشىنى ھەمىشە z (ز) ياكى ž تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەيتتى. «g» بىلەن «k» نىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايتتى. «g» ھەرپىنىڭ باشتا كېلىش ھادىسىسى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل تاۋۇشلار ئارىلىشىپ كەلگەندە، ئىككى تاۋۇشنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشتا كەلگەن تاۋۇشنى «k» دەپ ئوقۇماي، «g» دەپ ئوقۇش لازىم دەپ قارايدۇ. بىراق، «kăněak» دېگەن سۆزنى بۇنداق چۈشەندۈرمەيدۇ. باشقا بىر تەرەپتىن، تىبەت تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا «känčäk» بىلەن «Ganjag» نى ئۆزئارا

ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلانغان سىرتتىن كەلگەن ناملار تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بوم تاۋۇش باشتا كېلىدۇ. مەسىلەن، «تۈرك» دېگەن بۇ نام تىبەت تىلىدا «Durug»، «Drug _ gu»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. تىبەت يېزىقى يەنە سۆز ئارقىدا جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇمنىڭ بولۇشىغا يول قويىدۇ. شۇڭلاشقا، سۆز ئارقىدىكى «k» تىبەت تىلىدا ئومۇمەن «g» دەپ يېزىلىدۇ. «Ga _ ǰag» ھەرگىزمۇ «Ge _ ǰeg» دەپ ئوقۇلمايدۇ. بەلكىم بۇنىڭمۇ چوڭقۇر مەنىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە تىبەت تىلىنىڭ تەلپى ئانچە قاتتىق ئەمەس، تىبەت تىلىدىكى «e» تۈركىي تىلدىكى «a»غا باراۋەر ئەمەس. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەمچى «amčï» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلى بار، يەنى «ami _ čï» ۋە «em _ čï» دىن ئىبارەت. مېنىڭ قارىشىمچە، «kānčāk» دېگەن سۆز ئەسلى ئىران تىلىدىكى بىر نام بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى «kanǰak» ياكى «kanǰag» بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭ بىلەن يىراقتىكى كاۋكازنىڭ نامىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ھازىرچە ئاساسىمىز يوق.

قەشقەرنىڭ قەدىمكى تىلى توغرىسىدا مەيلى ئۇ ئىران تىلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ ھەقتە بىزدە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق، ھېچبولمىغاندا بۇ خىل يازما ماتېرىياللار ھازىرچە تېخى بايقالمىدى. ئىسىمدە قېلىشىچە، پەقەت بىرلا سۆز قەدىمدە قەشقەر تىلىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئەمما، بۇ مەسىلىدە بەزى گۇمانلار ساقلانغان. ھەممىگە مەلۇمكى، سانسكرىت تىلىدىكى «uPādhyāya» پىراكىت تىلىدا «Uvaǰǰhāa» (ئۇستاز)غا ئۆزگەرگەن، يېنىك (لەرزان) ئوقۇلىدىغان باش تاۋۇش قىسقارتىلغاندىن سىرت، يەنە تامىل (Tamil) تىلىدىكى «Vāddyar»غا ئۆزگەرگەن، كېيىنچە يەنە خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان «和尚» ياكى «和上» دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان. خەنزۇ تىلىدىكى «和» (ياپون تىلىدا بۇ خەت «Wa» دەپ ئوقۇلىدۇ) خېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىدىكى «Va»دىن كەلگەن (دىماق

تاۋۇشى قىتىلغان تاۋۇش بىلەن باشلانغان) ھەم دىماق تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ئىدى. بۇ تەرجىمە نام توغرىسىدا گەرچە ھېچقانداق تالاش - تارتىش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. ئانچە مۇمكىن بولمايدىغان قاراشلارنىڭ بىرىدە، بۇ سۆز ئىران تىلىدىكى hwajah ، hōjah (غوجا، ئۇستاز) سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارالماقتا. بۇ خىل قاراش ناھايىتى بۇرۇنلا ۋاتتېرس (watters) تەرىپىدىن قوللىنىلغان، تېخى يېقىندىلا تاكاكۇسۇ (Takakusu) بۇنى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈردى. سوتىل (Saothill) ۋە خوتېس (Hotes) يېگىدىن تۈزگەن «جۇڭگو بۇددىزم ئاتالغۇلار لۇغىتى» دە يەنە «Vandya»نى يۇقىرىقى سۆزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى (بۇ سۆز تىبەت تىلى ۋە خوتەن تىلىدا «bande» دېيىلگەن).

لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى جۇڭگو بۇددىزم ئالىملىرى ھەمىشە شۇنداق تەرجىمە قىلالتى ياكى توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تەرجىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. «和尚»، «上和» دىن ئىبارەت تەلەپپۇزى ئوخشاش، يېزىلىشى ھەر خىل بولغان بۇ ئىككى سۆزدىن باشقا (بۇ خىل تەرجىمە ئۇسۇلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان ئەھۋال تاكى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان) ئەھۋاللار يۇقىرىقىغا ماس كېلەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئوتانىنىڭ 1082 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە خوتەن - يۇد - دىزا (和阗yud_dzia) دېگەن سۆز بار. كېيىنكى ماتېرىيالنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، 7 - ئەسىردىن ئىلگىرىلا روياپقا چىققان.

شۈەن يىڭ (玄应) 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان كىتابىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «和尚» (راھىب) بىلەن «和阗» بولسا «خوتەن بىلەن باشقا ئەللەر»دە ئومۇملاشقان «upadhyāya» نىڭ خاتا يېزىلغان شەكلى دەپ قارايدۇ.

راھىب يى جىڭ (义净) 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۆزىنىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىن نوم ئېلىپ قايتىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە

بۇنىڭغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: غەربىي ئەلدە ھەر قېتىم تەكلىپ قىلىنغان ئۇستازلار (博士) نۇتۇق سۆزلىگەندە، كىشىلەر «乌社» نى ھەقىقىي بىر بۇددا ئاتالغۇسى دەپ قارىمىغان. بارلىق سۇترا (sutras) ۋە ۋىنايا (vinayas) قاتارلىق سانسكرىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «upadhyāya» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، ئۇنى تەرجىمە قىلساق «كىشىلەرگە بىلىم بېرىدىغان ئۇستاز» دېگەنلىك بولىدۇ. شىمالدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھى ئۇستازلارنى «ho - shang» دەپ ئاتىغان. شۇڭلاشقا، تەرجىمە قىلغاندا خاتا تەلەپپۇز قىلىنىپ قالغان. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، شەك - شۈبھىسىزكى، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان غەربىي ئەل دەل ھىندىستاننى كۆرسىتىدۇ. شىمالدىكى ھەرقايسى ئەللەر دېگىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى غوز ئەللىرىنى، ئاساسلىقى ئىران بىلەن توخارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەللەرنى كۆرسىتەتتى. 1853- يىلى ئودا توكۇرو (oda - Tokurō) يازغان «بۇددىزم لۇغىتى» (Bukkyō daijiten) دە نەقىل ئالغان ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرى بىرقەدەر كېيىنرەك، شۇنداقلا ئۇ يى جىڭ (义净) نىڭ ئەسىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ھىندى تىلىدىكى «uo - zia» نى خەنزۇ تىلىغا (wu xie) «乌邪» دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە بۇنى بۇددا مۇرىتلىرىنى ئاتاشنىڭ ئادىتى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (ba di ye) «拔底耶» دەپ ئاتاشنىڭ لازىملىقىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو مۇئەللىپلىرىنىڭ «updhyāya» دېگەن سۆزنىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىپ، ئۇنى «拔底耶» دەپ ئاتىغان شەكىل توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ياپونىيەدە يەنىلا بۇنداق تەلەپپۇز قوللىنىلىدۇ ھەم Peteiya دەپ ئوقۇلىدۇ.

يى جىڭ (义净) بىلەن دەۋرداش بولغان باشقا بىر بۇددا مۇرىتى خۇي يۈەن (慧苑) نىڭمۇ «和尚» دېگەن سۆز توغرىسىدا بىر ئىزاھاتى بار: بەش ئەنەتكەك (ھىندىستان) ئېلىدە بۇ نام سىپايىلىك بىلەن «upādhyāya» دەپ ئاتالسا، ئاۋام تىلىدا «殟社» دېيىلىدۇ. خوتەن بىلەن قەشقەرلىكلەر «گۇشى» (鹘社) دېسە، بۇ ئەلدىكىلەر

(جۇڭگولۇقلار) خاتا ھالدا «ho ـ shang» دەپ ئاتايدۇ.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا راھىب ۋۇ كۇڭ (悟空) ھىندىستاندىن قايتىپ كەشمىردە يۈرگىنىدا، ئۇ مۇكەممەل بىر خىشاڭ (راھىب) بولۇپ بولغان. ئۇ ئۆزى تەرجىمە قىلغان ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە نومنىڭ باش قىسمىدىكى خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ «upādhyāya»نى سۆزلەيدۇ. ئۇ: «ئەنشى (安西، بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كۇچانى كۆرسىتىدۇ) لىكلەر «upādhyāya» نى خىشاڭ (和尚) دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازىدۇ. چاۋانىڭمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن خەنزۇ تىلىدىكى «和尚» دېگەن سۆز مۇشۇ يەر (كۇچانى دېمەكچى) دە پەيدا بولغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا بايان قىلىش زۆرۈر بولغان يازما ھۆججەت دەل زەن نىڭ (赞宁) سۇڭ پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئورۇنلىغان بارلىق راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ توپلىمى بولغان «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىبكالانلار تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەردۇر. ئۇ مىلادىيە 988 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمىھالنى يېزىپ پۈتكۈزگەن. تەرجىمىھالنىڭ ئاخىرى بىر پارچە قىسقا ماقالە يازغان. بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكى بايانلارنى بايقىدۇق: سانسكرىتچىدە «Upādhyāya» دېيىلسە، سۇلى (قەشقەر) دا «hu ـ shè»، خوتەندە «ho ـ shong» خو ـ شوڭ) دېيىلىدۇ...... بۇ يەردە قەشقەردە ئىشلىتىلگەن نام ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. مانا بۇ، مەزكۇر ماقالىدا «upādhyāya» نى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ سەۋەبى ئىدى. لېكىن، «ho ـ she» ھەقىقەتەن قەشقەر تىلىمۇ؟

ئالدى بىلەن يى جىڭ (义净) «upādhyāya» بىلەن «乌社»نى ئايرىپ ئىشلەتكەندە، بىر خاتالىققا يول قويغان. مۇبادا بوشى (باخشى) (博士) دېگەن سۆز ھىندىستان خەلق ئارىسىدا «upādhāy» دەپ ئاتالغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان بىر نام تارقالغان، يى جىڭ (义净) نىڭ ئەسىرىدىكى «博士» دېگەن سۆز ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، «bahši» (باخشى) غا ئۆزگەرگەن ھەم بۇددا «پىر ـ ئۇستاز» لىرىنى ئاتايدىغان

مەخسۇس نام بولۇپ قالغان. خۇي يۈەن (慧苑) يى جىڭغا ئوخشاش ھىندىستاننى زىيارەت قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشتا ھەقىقىي ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. يى جىڭنىڭ «乌社» (ۋۇشې) دېگىنىنى «ǔjha» دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. خۇي يۈەننىڭ «鹘社» دېگىنىنى «ǔjjhā» دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىگە كەلتۈرگەن نەتىجىنى پىراكرىت تىلىدىكى «Uvǰjhāa» بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ. بىراق، Uǰjhaa بولسا پىراكرىت تىلىدىكى باشقا بىر سۆز «upādhyāra» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى توغرا ئىسپاتلاپ بەردى.

باشقا بىر تەرەپتىن ۋۇ كۇڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ ئېنىق بولمىغان جايلار بار. بۇ ھەقتە چاۋاننېسنىڭ «和尚» (خېشاڭ) دېگەن سۆز كۇچادىن كېلىپ چىققان دېگەن كۆزقارىشىنى ئەسەر ئاخىرىدىكى «karmāčarya» دېگەن جۈملىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: خاتىرىدە كۆرسىتىلگەن نەرسە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرەتتى. بۇلار كۇچادىن باشقا، خوتەن ۋە قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەمەلىيەتتە، «upādhyāya» توخار تىلىنىڭ A شېۋىسىدە «upādhyā upadhyāupādhyā» دېيىلگەن. بۇ يەردە شۇنى سۆزلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ ھەرگىزمۇ پىراكرىت تىلىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن مەنبەداش بولغان كۇسەن تىلىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش. ۋۇ كۇڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ئىزاھاتتىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقاردىم: «和尚» (راھىب) دېگەن سۆز ھېچبولمىغاندا شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قىسمەن جايلاردا ئومۇملاشقان. ئەلۋەتتە، بۇ قەشقەر ۋە خوتەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

قەشقەر تىلى توغرىسىدا بىزدە باشقا يېزىق ماتېرىيالى يوق. جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنغان خوتەن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «upādhyāya» دېگەن بۇ خىل شەكىلنى تېخى ئۇچراتمىدىم. خۇي يۈەن (慧苑) تىلغا ئالغان خوتەن تىلى بىلەن قەشقەر تىلىدىكى «鹘社» (گۇشې) چوقۇم «ujyha» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى. لېكىن، ئۇ تىلغا ئالغان «鹘社» (گۇشې) خەنزۇچە خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان،

«和尚» دېگەن سۆز چوقۇم «Vaǰha» دىن كەلگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆتكۈنچى شەكلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان شەكلى كىلاسسىك پىراكىت تىلىدىكى «Uvajhād» غا تېخىمۇ يېقىنلاپ كېتىدۇ. خۇي يۈەن تىلغا ئالمىغان «和阗» (خې جى) مۇ «vaǰha» نى كۆرسىتەتتى. ئۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى «和阗» دېگەن سۆزگە ئوخشاش قەدىمكى سۆز ئىدى. بۇلاردىن قارىغاندا، «和阗» (خې جى) بىلەن «和尚» (خېشاڭ) ئوتتۇرا ئاسىيا تىلىدىن ئېلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، «鹘社» (گۇشى) ئوتتۇرا ئاسىيا تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇكى، زەن نىڭ (赞宁) تىلغا ئالغان «鹘社» (گۇشى) نىڭ خوتەن تىلىدىن، «和尚» نىڭ قەشقەر تىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرا ئىدى.

998- يىلى زەن نىڭ (赞宁) كىتاب يازغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۇنچە قويۇق ئەمەس ئىدى. بىراق، زەن نىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك دىنىي ئۆلىما بولۇپ، ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشقان. خوتەن تىلىدا سۆز بېشىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلار قىسقىرىپ كېتىدىغان ھادىسە بار ئىدى. مەسىلەن، «upa» دېگەن سۆز «Va» غا ئۆزگەرگەن بولسا، «d» تاۋۇشى «j» غا ئۆزگىرەتتى. بۇلاردىن «Vaǰhā»، «vaǰha» دېگەن سۆزلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، خوتەن تىلى بولۇش ئېھتىماللىقى يوق. بىراق، بىز خوتەن تىلىدا بۇ سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە «Uǰǰhā» غا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا، نۆۋەتتە پەقەت مۇنداق خۇلاسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، يەنى «uǰǰhā» نى خوتەن تىلى، «Vǰaha»، «vaǰhā» تىلىدىكى تا بۈگۈنگە قەدەر مۇقىملاشتۇرۇلغان بىردىنبىر مىسال قىلىشقا بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، مەيلى يى جىڭ (义净) ياكى خۇي يۈەن (慧苑) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پىراكىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئالدىغا دىماق تاۋۇشى قوشۇلمايتتى. بۇ خىل ئەھۋاللار پەقەت خوتەن تىلى ۋە قەشقەر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىلا

ئاندىن كۆرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، سوغد تىلى ۋە تۈركىي تىلنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىلىرىدىمۇ كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل مۇھەممەت

# «سۇلى» نامى ھەققىدە تەتقىقات①

**سۇ بېيخەي**

«قەشقەر» ئىران تىلىدىكى سۆزمۇ ياكى تۈرك تىلىدىكىمۇ؟

بەزى كىشىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى ئارىيانلار (ئارىيان ئىرقىدىكىلەر) ئىدى دېيىش ئۈچۈن، بۇ يەردە قەدىمكى دەۋردە ئىران تىلى قوللىنىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەنگلىيەلىك بولگىر: «قەشقەر قاتارلىق ئالتە شەھەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىسى تاجىكلارنىڭ ئەۋلادى. «خوتەن» ...... دېگەن بۇ يەر نامى ئارىيان دېگەن سۆزدىن (كېلىپ چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ) كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدۇ[1].

رۇسىيەلىك گىرىم گىرژىمايلوف: «تۇرپاننىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ئىرانىيلار، ئۇلار كېيىن تۈرك مەنبەسىدىن بولغان ھەرقايسى ئەل ئاھالىلىرىنىڭ شەرقتىن قىستاپ كېلىشى (بېسىپ كىرىشى) بىلەن بىر قىسمى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن. يەنە بىر قىسمى ئۇلارغا سىڭىپ كېتىپ، تىلى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرقىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان»[2] دەيدۇ، ھەتتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا: «ئاياللار ئىچىدە تۇرپاننىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئىران تىپىدىندۇر. ئۇلار كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغ كىيىش، شۇنداقلا يەنە قېشىنى سىزىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىرانلىقلارغا تەقلىد قىلىنغان (ئىرانلىقلاردىن ئۆگەنگەن)، ئۇ يەنە يۇقىرىقىلار بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنىڭ ئارىيانلار ئىكەنلىكى، تۈرك ياكى موڭغۇل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[3] دەيدۇ.

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىلى 3 - سان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە لېكوك ۋە خانبىدا تورۇ قاتارلىقلارمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئارىيانلار، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ ئىران تىلىنى ئاساس قىلغان دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىملارمۇ تارىم ئويمانلىقىدا ئەسلىدىنلا بار بولغان ئاھالە ئىرانىيلار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، زېڭ ۋېنۋۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قەدىمكى مىللەتلەر يەنى ئىران ئىرقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان»[4].

ئۇنىڭدىن باشقا جاڭ شىڭلياڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن بەگلىكلەر غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان شەھەر بەگلىكلىرى بولۇپ، نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ بەگلىكلەر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئاھالىسى (ئاساسلىقى ئىرانىيلار بولۇپ، يەنە نۇرغۇنلىغان خەنزۇلارمۇ بار) ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ تارىختىكى چوڭ بىر ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ»[5].

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ھەممىسى بىردەك مۇشۇنداق قارايدۇ. شۇڭا، بۇ ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشكەن يەكۈنگە ئايلانغان بولۇپ، بەزى كىشىلەر بۇ يەكۈننى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەجەبا، ئەمەلىيەتتە راستتىنلا مۇشۇنداقمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس.

مەن بۇ يەردە مەخسۇس تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى زادى قايسى مىللەت بولغىنىتتى دېگەن تېما ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارماقچى ئەمەس، بەلكى قەشقەر دېگەن نامنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

قەدىمكى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا سۇلى دېگەن نامدىكى ئوخشاش ئىسىملىك يەر نامىدىن ئۈچى بار. ئۇنىڭ بىرى، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەر؛ يەنە بىرى، تەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدىكى رايون؛ ئۈچىنچى بىرى، خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەنشى رايونى. بۇ ئۈچ سۇلى

ئەمەلىيەتتە ھەممىسلا ئوخشاش مەنىدە، يەنى تۈرك تىلىدا «سۆيى بار، سۆلۈق» دېگەن مەنىدە. بۇ يەر نامى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ ئىككى خەن دەۋرىدە بار بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا تارىم ئويمانلىقىدىن تەگرىتاغنىڭ شىمالىغىچە، شەرقتە خېشى كارىدورىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلارنىڭ ئاللىبۇرۇن تۈرك تىلى سىستېمىسىنى ئاساس قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ سۆلى دېگەن يەر نامى مۇشۇنداقلا دېيىلىپ قالغانمۇ قانداق؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. خەرىتىگە قارايدىغان بولساق، سۆلىدىن كۆسەنگە بېرىشتا چوقۇم ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان بوستانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى بوستانلىقنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئاقسۇنى قۇم، ئۈچتۇرپاننى ئۇنسۇ دەپ خاتىرىلىگەن. قۇم ۋە ئۇنسۇ دېگەن يەر نامى ئوخشاشلا تۈرك تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. قۇم — قۇم كۆپ دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۈگۈنكى ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ تۆت تەرىپىنى قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، قۇم دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرك تىلى بىلەن ئەتراپتىكى تەبىئىي مۇھىتنىڭ تەسۋىرلەشنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى (بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى) بولۇشى ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، ئۇنسۇ يەنى ھازىر ئۈچتۇرپان دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان يەر نامى ئوخشاش بىر ئىسىمنىڭ ئوخشىمىغان تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ تۈرك تىلىدا «ئون سۇ» دېگەن مەنىدە، ئوخشاشلا ئۈچتۇرپاننىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ تەسۋىرى ئىدى. بۇنىڭدىن بىز قەدىمدە سۆلىدىن ئۇنسۇ، قۇم ۋە كۆسەنلەردىن ئۆتۈپ تەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئارقا غۇز يەنى بۈگۈنكى ئۈرۈمچى، جىمسار، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردا تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ياشىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئەگەر يۇقىرىقى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگىنى بويىچە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەت ئىران مىللىتى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا بىر قىسىم ئاساسلىق يەر نامىلىرى ئىران تىلىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك. بىراق، پاكىت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.

ئەگەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەقىقەتەنمۇ ئارىيانلارغا تەۋە بولغان ئىرانىيلارنى ئاساس قىلغان بولسا، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، بۈگۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرمۇ ئىرانىيلارنى ئاساس قىلغان بولۇشى ۋە ئىران تىلىدا سۆزلىشىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئاز سانلىق ھامان كۆپ سانلىققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بىراق، رېئاللىق يەنىلا ئۇ بىر قىسىم ئىران ئىرقى دەپ قارىغۇچىلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئىنكار قىلىۋەتتى. ھازىر تارىم ئويمانلىقىنىڭ 80% تىن كۆپرەك ئاھالىسىنى تۈركىي تىلغا تەۋە ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» دېگەندەك كىتابلاردا تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايوندا ساك، توخرى، دىلار، چياڭ، ھۇن، ئۇيسۇن، ئىران، ھىندى قاتارلىق ئوخشىمىغان مىللەتلەر بولغان دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق كېيىن ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن. يېقىنقى زامانىدىمۇ مەيلى موڭغۇل، خەنزۇ، ھىندى ۋە ئافغان قاتارلىق مىللەتلەر تارىم ئويمانلىقىغا كىرسىلا، ئاز سانلىق بولغانلىقتىن ئەڭ ئاخىرى ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ تارىخنىڭ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان (قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ياكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى، مۇقەررەر يۈزلىنىشى) قانۇنىيىتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاھالىسى ئىرانىيلارنى ئاساس قىلغان دېگەن قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق» (گېڭ شىمىن تۈزگەن) تا قەدىمكى كىتابلار ۋە يېقىنقى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلارغا ئاساسلىنىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ: «تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىيەدىن كېيىنكى بىرىنچى مىڭ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ياكى سەل كېيىن، بۇ يەردە ئىران تىلىدا (قەشقەر ۋە خوتەن ئەتراپلىرى) ۋە باشقا ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان (يەنى ئاتالمىش توخرى تىلى بولۇپ، بۇ تىل ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپان قاتارلىق رايونلاردا قوللىنىلغان) قەبىلىلەر بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھىندى تىلى سىستېمىسىدىكى (قەدىمكى پىچان بەگلىكى

يەنى نىيەدىن باشلاپ لوپنۇرغىچە بولغان رايونلار) مىللەتلەرمۇ ھەم تىبەت تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرمۇ بولغان. تۇرغۇنلىغان تۈركىي مىللەتلەر (ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەخمىنەن 7 — 8- ئەسىرلەردىن كېيىن شىمالدىن بۇ يەرگە كىرگەن ھەم ئاستا - ئاستا بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان. تۈركىي مىللەتلەر ئاخىر باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن غالىب كېلىپ ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن»[6].

مىلادىيە 7 — 8- ئەسىردىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدا تۈرك تىلى مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، پەقەتلا ئىران تىلى ۋە ھىندى- ياۋروپا تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇنداق قاراشلار يۇقىرىقى بىر قاتار يەرناملىرىنى سېلىشتۇرساقلا، ئۇنىڭ تولىمۇ بىمەنە قاراش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

يېقىنقى زاماندا توختىماي بەس- مۇنازىرە بولۇۋاتقان توخرى تىلى ھەققىدىكى قاراشنىمۇ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئىنكار قىلىۋەتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى توخارىستاندىن (ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە) ھەقىقىي توخرى تىلىنى تاپتى. بۇ كۇچا، قاراشەھەردىن تېپىلغان قەدىمكى ۋەسىقە- كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن توخرى تىلى دېيىلىۋاتقان تىل بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئاللىبۇرۇن كۇسەن رايونىدا بايقالغان قەدىمكى ۋەسىقە - كىتابلاردىكى تىل توخرى تىلىنى ئاساس قىلغان دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىمۇ كۇسەن، گۇما قاتارلىق رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئىرق تىپى ۋە تىلىغا ئائىت بەلگىلىك خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقە «ھىندىستانغا ساياھەت خاتىرىسى» دە قوچۇ ئېلىدىن غەربكە قاراپ 1000 چاقىرىم ماڭسا توخرى دۆلىتىگە يېتىپ بارغىلى؛ يەنە غەربكە قاراپ 1000 چاقىرىم ماڭسا كۇسەن دۆلىتىگە (بەگلىكىگە)؛ يەنە غەربكە قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرسە قارلۇقلار (割鹿国) غا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. خۇي لىننىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 82- جىلدىنىڭ « كۇسەن دۆلىتى» دېگەن قىسمىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا:

«بۇ يەرنىڭ قەدىمكى نامى توخرى بولۇپ، يەنە 《月氏》 (توخرى)، شۇنداقلا يەنە كۇسەن (屈茨)، ئۇيسۇن ۋە ئۇرۇياپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەن فەندو ۋاپات بولۇپ كەتكەن پادىشاھنىڭ نامىنى قالدۇرۇش (خاتىرىلەش ئۈچۈن) ھەرقايسى شەھەرلەرگە مۇشۇنداق نام قويغان. بۇ ھازىرقى كۇسەن بەگلىكىدۇر» دەپ يېزىلغان. يەنە شى لىن يازغان «بارچە نوملار شەرھىيسىنىڭ داۋامى» ناملىق ئەسەرنىڭ 10-جىلدىنىڭ «كۇسەن تەزكىرىسى» قىسمىدا: «بۇ دۆلەت (بەگلىك) نامى بولۇپ، بۇ خەنزۇچە كىتابلاردا كۇسەن (屈茨)، توخرى (月支)، كۇسەن (鸿茨) ياكى ئۇيسۇن (乌孙) دەپ يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىسىمدۇر. ئەن شىبودىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۆز بەگلىكىدىكى يەرلەر ۋە تاغلارغا ئاساسەن بىر يەر نامىغا مۇشۇنداق كۆپ ئىسىملارنى ئىشلەتكەن» دەپ يېزىلغان. بۇ بايانلاردىن قارىغاندا، كۇسەن، كىنگىت ۋە توخرى، ئۇيسۇن رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت رايونلىرى خېشى كارىدورى بولۇپ، كېيىن ھۇنلار تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلىپ، كۆپ قىسمى غەربكە قاراپ مېڭىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، كۇسەن، كىنگىت قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن.

كىنگىت ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئەجدىھا قەبىلىسى (جەمەتى) بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ ئەسلىي خېشى كارىدورىدىكى گۇاجۇ ئەتراپىدا ياشىغانلىقىدىمۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، ۋاڭ يەندې «قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە قوچۇدا چوڭ (大众熨) ۋە كىچىك توخرىلار (小众熨) بار، بۇ يەردىكى جوگۇبې يەنى چوڭ توخرى (众熨)، جوڭ يۈننىڭ (仲云) يەنى توخرىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى» دەپ يازغان. گاۋ جۇخەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇ «كىچىك توخرىلارنىڭ يەنە بىر خىلى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن كىنگىت، كۇسەن ۋە قوچۇ ئەتراپلىرىدا توخرىلارنىڭ جايلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ توخرى تىلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يېقىنقى يىللاردا تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان توخرىلارنىڭ تىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى

قاراشلارنىڭ بىمەنىلىكىنى ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلارلا ئەمەس، بەلكى يەنە تېپىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ، شۇنداقلا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى يەر ناملىرىمۇ تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە كۆسەن ۋە كىنگىت ئەتراپلىرىدا توخرى تىلى قوللىنىلغان دېگەن قاراشنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، قەدىمدىن تارتىپلا قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۈركىي تىلدىكى بىر قىسىم مۇھىم يەر ناملىرىغا قاراپ، قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى ئىرانىيلار ياشىغان ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئاساس قىلىنغان دەپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەنلا ئېيتىلغان قاراشنىڭ يەنە قانچىلىك ئىلمىي ئەھمىيىتى باردۇ؟

### سۇلىدىن قەشقەرگىچە

گەنسۇ ۋۇشاۋ چوققىسىدىن (ياكى جىلغىسىدىن) غەربكە قاراپ ئەنىشى، دۇنخۇاڭنىڭ خېشى كارىدورى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، شۇنداقلا ئەڭ چېتى كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بويلىرىغىچە سوزۇلغان بۇ رايونلار چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. سۇيى ئاساسلىقى شىمالىي مۇز ئوكياندىن، ئاز بىر قىسمى ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدۇ. ئەمما، ياۋروپا-ئاسىيا مەركىزىگە يېقىنلاشقانسېرى بوستانلىق رايونلاردىكى قار-مۇزلارنىڭ مىقدارى ئازلاپ بارىدۇ. ئادەتتە خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىدە 100 — 200 مىللىمېتىر ئارىلىقىدا؛ جۇڭغار ئويمانلىقى بويلىرىدىكى بوستانلىق رايونلىرىدا 200 — 300 مىللىمېتىر ئارىلىقىدا؛ خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تېخىمۇ ئاز. كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ، ھەتتا بەزى رايوندا 10 مىللىمېتىردىن كۆپرەك. بۇ رايونلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاغدىكى قار-مۇزلارغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن مەزكۇر رايوننىڭ ئاسىيادىكى جۇغراپىيەلىك ئورنى ـەۋەبىدىن، يەنى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي كەڭلىك 40

گىرادۇسلۇق گورىزونتال سىزىق تۇپەيلى ھەم شەرق - غەرب ئارىلىقى كاسپىي دېڭىزى بىلەن بوخەي دېڭىزى ئارىلىقىغا تەڭ بولۇپ، ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 85 گىرادۇسلۇق ئۇچرىشىش نۇقتىسى دەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەركىزى رايون يەنە مەركىزىي ئاسىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر سەۋەبى، بۇ رايوننىڭ يەر شەكلىنىڭ ئالاھىدە بولغانلىقىدۇر. بۇ رايوننىڭ غەربى ھەم شىمالىنى تەڭرىتېغى ئوراپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇبى ۋە جەنۇبى بولسا پامىر ئېگىزلىكى، قۇرۇم (كوئىنلۇن) تېغى ھەم قاراقۇرۇم تاغلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ تۇرىدۇ. شىمالىي مۇز ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيانلارنىڭ نەم ھاۋالىرى گەرچە تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېگىز بولۇشى تۇپەيلىدىن ھۆل - يېغىن تاغ ئەتراپى رايونلىرىغا چۈشىدۇ. شەرقىي قىسمىغا تۇتاشقان خېشى كارىدورى گەرچە كۆز يەتكۈسىز يايلاق بولسىمۇ، لېكىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ھۆل - يېغىنلىرى بۇ يەرگە كېلەلمىگەچكە، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز. كۆپ يىللىق ھاۋا رايى خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى تۆۋەندىكىدەك[7]:

| | |
|---|---|
| قەشقەر | 64.7 مىللىمېتىر |
| خوتەن | 34.8 مىللىمېتىر |
| ئاقسۇ | 63.6 مىللىمېتىر |
| باي | 96.2 مىللىمېتىر |
| كورلا | 51.6 مىللىمېتىر |
| چاقىلىق | 16.9 مىللىمېتىر |
| تۇرپان | 16.6 مىللىمېتىر |
| قومۇل | 36.6 مىللىمېتىر |

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقتە غەربكە قارىغاندا ئاز، ئادەتتە 50 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربىي رايوندىكى قەشقەر، ئاقسۇ،

باي، يەكەن قاتارلىقلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىردىن ئاشىمۇ، ئەمما 100 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تارىم ئويمانلىقىدا سۇ نېفىتتىن قىممەت، سۇ يەردىن مۇھىم. ئەگەر سۇ بولمىسا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايلا قالماي، مەزكۇر رايون قاقاسلىشىپ كېتىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە سۇ بىرىنچى مۇھىم ئامىل دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە، خەنزۇ يېزىقى يېزىلغان تارىشىلار، قارۇشتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك سۇنى باشقۇرۇش، سۇغا مەسئۇل بولۇپ بۆلۈشۈش ئەھۋاللىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئالدى بىلەن دېھقانلار بىلەن سۇ تالىشىپ تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كۆپ مىقداردىكى سۇنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بوغۇپ، ئىشلەتمەيدىغان (ئېشىنچا) سۇلىرىنى قىممەت باھادا ساتقان. فېئودال پومېشچىكلار سۇنى يەردىن مۇھىم دەپ قارىغان. تۆۋەندىكى ئىستاتىستىكىغا قارىساقلا ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشىنىۋالالايمىز.

رايون، سىنىپ، نوپۇس، يېزىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى، يەر، يېزىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى، يېزىدىكى ئىگىلىگەن سۈيى:

قاغىلىق، پومېشچىك، 28، 5.82، 5702.0، 64.00، 61.58.
گۇما، پومېشچىك، 16، 4.78، 2212.0، 35.04، 44.24.
قاراقاش، پومېشچىك، 15، 2.20، 12432.0، 72.89، 84.62
تۇرپان، پومېشچىك، 12، 4.60، 69.70.

بۇ سانلىق مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ سانلىق رايونلاردىكى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سۇنى ئىگىلىۋېلىش نىسبىتى يەر ئىگىلەش نىسبىتىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولغان. پەقەت سۈيى يېتەرلىك بولغان رايوندىكى پومېشچىكلارنىڭ يەرنى ئىگىلەش نىسبىتى سۇنى ئىگىلەش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، قاغىلىقنىڭ رامزانباغ كەنتىدە مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى

بوستانلىقلار ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم بولغان. شۇ سەۋەبتىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى سۇ زېمىنگەرلىرىنىڭ ھوقۇقى ئاددىي ھالدىكى يەرنى ئىگىلىۋالغان پومېشچىكلاردىن يۇقىرى بولغان. چۈنكى، بۇ يەردىكى سۇ خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قانغا ئوخشاش مۇھىم بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى سان ـ ساناقسىز يەر ناملىرى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىكى «ئاقسۇ» بولسا ئاق دەريا، «قىزىلسۇ» بولسا قىزىل دەريا؛ «كۆك سۇ» بولسا سۈزۈك دەريا؛ «لاي سۇ» بولسا لاي ـ پاتقاق؛ «توقسۇ» بولسا سۇيى ئەلۋەك؛ «يامان سۇ» بولسا سۇيى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان؛ «تاتلىق بۇلاق» بولسا سۇيى تاتلىق؛ «ئۇزۇن بۇلاق» بولسا سۇيى ئۇزۇنغا ئاقىدىغان؛ «ئۈچ بۇلاق» بولسا ئۈچ بۇلاق؛ «شور بۇلاق» بولسا سۇيى شورلۇق؛ «تۇزكۆل» بولسا تۇزلۇق كۆل؛ «ئايدىڭ كۆل» بولسا ئاي كۆل دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن دەۋرىدىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق سۇلى دەپ ئاتالغان. خەلق بۇنى «سۇلۇق» نامىدا ئەڭ چوڭ خۇشاللىق كەيپىياتى بىلەن ئاتىغان. بۇنىڭدىن سۇنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

سۇلى بوستانلىقىنىڭ سۇيى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەشقەر دەرياسى بىلەن قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىشتا چوقۇم ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئۆتۈشمە يولى بولۇپ، تارىختا ئىزچىل تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار كىتابلىرىدا بۇ يەرنى تارىم ئويمانلىقى دەپ تەسۋىرلىمەي، ئومۇملاشتۇرۇپ «قەشقەرىيە» دەپلا ئاتىغان. مەسىلەن، چاررۇسىيە دەۋرىدىكى كوروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابتا پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. چۇن يۈەن «غەربىي يۇرتتا كۆرگەنلىرىم» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ جىلدىدا: «باشقا ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى چوقۇم قەشقەر ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قەيەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنىمۇ بىلگىلى

بولاتتى» دەپ يېزىلغان.

سۇلىنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولۇشىغا ئەگىشىپ، غەربىي رايون بىرلىككە كېلىپ، خەلق بىرقەدەر مۇقىم مۇھىت ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نوپۇس ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، سۇلى دۆلىتىنىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك زورايغان. مۇنبەت يەكەن بوستانلىقى سۇلىغا تەۋە بولغان. شۇڭا، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سۇلىنىڭ دورغاپ تۇرغان يەرگە 5000 چاقىرىم، لوياڭغا 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى، دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسى 21 مىڭ تۈتۈن، دائىم تۇرۇشلۇق ئەسكىرى 30 مىڭدىن ئارتۇق دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بولغان.

سۇلىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم ئىدى، ئىككى خەن دەۋرىدە خەن سۇلالىسىگە كېلىدىغان ئەڭ چوڭ تەھدىت ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى گەرچە ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچىنى تارىم ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ھۇنلار يەنىلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە ئالتاي رايونلىرىدا بازا قۇرۇپ، ھەر ۋاقىت تارىم ئويمانلىقىغا تەھدىت سېلىپ تۇرلۇق ئاماللار بىلەن غوز، كىروران، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، خەن سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋېلىپ ۋەلىئەھدىلەرنى تۇرغاقلىققا تۇتۇپ قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. مىلادىيە 73 - يىلى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى كۇسەن خانىنى (جيەن ئىسىملىك بەگ) كۈشكۈرتۈپ، سۇلى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغۇزماقچى بولغان. ھۇنپەرەس كۇسەن خانى سولقانات دۇتېينى سۇلىغا بەگ قىلماقچى بولغان، خەن سۇلالىسى مىلادىيە 74 - يىلى قىشتا بەن چاۋنى دۇتېينى ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، يېڭى بىر خان قىلىپ تىكلىگەن، شۇندىقلا بەن چاۋ سۇلىنى بازا قىلىپ شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ھۇنلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قالدۇق كۈچىنى يوقاتقان.

ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، سوغدىيانا بىلەن قۇدىلىشىۋاتقان توخرى خانىغا مىلادىيە 90- يىلى ئۇرۇن باسار خان شىتوگىنىڭ باشچىلىقىدا 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل سۇلى بەگلىكىگە باستۇرۇپ كەلگەن. ئۇ ۋاقىتتا بەن چاۋنىڭ ئەسكەرلىرى ئاز، قارشى تەرەپ ئەسكىرىي جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. مۇشۇنداق چوڭ خېيىم - خەتەر ئاستىدا بەن چاۋ ئەقىل ئىشلىتىپ سۇلى خەلقىنى ئىتتىپاق-لاشتۇرۇپ، بىر خىل پىكىردىكىلەرنى يۆلەپ، باشقا پىكىردىكىلەرنى چەتكە قېقىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، ھۇجۇم قىلمايلا دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئەسلىي يول بىلەن قېچىشقا مەجبۇر قىلغان. شۇنداق قىلىپ، كۇسەندە غەربىي ئايماق مەھكىمىسى ئەسلىگە كېلىپ، بەن چاۋ ئايماق بېشى، شۇ گەن ئەمىر لەشكەر بولۇپ سۇلى شەھرىنى قوغداشقا تۇرۇپ قالغان.

گەرچە ئەينى ۋاقىتتا توخرىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئىزچىل ھالدا پامىر ئېگىزلىكى ۋە مۇنبەت سۇلى، يەكەن رايون-لىرىغا كۆز قىزارتىپ يۈرسىمۇ، بىراق باشتىن - ئاخىر مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇڭا، ئىككى جەندىن كېيىنكى «ۋېينامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە نارون بەگلىكى، ساكارائۇل بەگلىكى، سۇلى بەگلىكى، يولئېرىق، يېڭىسار بەگلىكى، تاشقورغان بەگلىكى، دېرو بەگلىكى، قاراقۇم بەگلىكى، ئۇلۇغچات بەگلىكى، ئەركەشتام، چىنگو بەگلىكى قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى سۇلى بەگلىكىگە قارايتتى»[8] دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە سۇلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. ساكارائۇل بوستانلىقىمۇ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل پامىر ئېگىزلىكىمۇ ئۇنىڭغا قارام بولغان.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن سۇلىنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىملاشقان. «كونا تاڭنامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە سۇلى بەگلىكى يەنى خەن دەۋرىدىكى كونا رايون بولۇپ، غەربىي كۆكئارتقا بارىدۇ، پايتەختتىن 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ.

ئۇنىڭ خانى يېيى فامىلىلىك. جىنگۇەنىنىڭ 9- يىلى ئوردىغا ئات تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئولپان تاپشۇرۇشنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىغان. كەييۇەنىنىڭ 16- يىلى شۈەنزۇڭ خان يېيى فامىلىلىك بەگكە سۇلى خانى دېگەن ئوتتۇغات نامىنى بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ دەۋرىدە سۇلى بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان. ئۇ يەردە ئالاھىدە سۇلى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر ئاقساقال تەيىنلەپ، ساكارائۇل بوستانلىقى ۋە پامىر ئېگىزلىكىنى باشقۇرغان ھەمدە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى باشقۇرغان. تىبەت قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى پامىر ۋە قاراقۇرۇمنى تالىشىش ئۇرۇشى، شۇنداقلا ئەرەب ئىستىلاچى قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرگەندە، سۇلى خەلقى ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ ئۇرۇشتا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

گەرچە بىز «خەننامە»دىن باشلاپلا سۇلى دېگەن بۇ نامنى خاتىرىلەپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ نام بۇندىن خېلى بۇرۇنلا كىشىلەرگە مەلۇم ئىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت ئاھاڭى ئوخشاش، يېزىلىشى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىققان مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ نام ئەكىللەنگەندىن كېيىن تا ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۇ ۋاقىتتىكى قەدىمكى سۇلىنىڭ ھاۋا رايى بىلەن ھازىرقى ھاۋا رايى ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق ئىدى. بۇ جەرياندا سۇلى خەلقى سۇنى باشتىن-ئاخىر ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ كەلگەن. شۇڭا، كەڭ كەتكەن بۇ بىر پارچە چوڭ بوستانلىق «سۇلى» (سۇلۇق) دەپ ئاتالغان. خەنزۇ خەلقى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە يىپەكنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىلارغا ئۈزۈلدۈرمەي يۆتكەپ ئاپارغان. سۇلى بۇ يەرلەردىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. غەربلىكلەر يىپەكنىڭ سۇلى ئارقىلىق يۆتكىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇڭا يىپەكنى «Seres» دەپ ئاتىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ سۇلى دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قاشقۇۋۇق ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار:

پىشامشاندىن چىقىپ، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن تارىم، ساكارائۇل (يەكەن) دەريالىرىنى بويلاپ غەرب تەرەپكە ماڭىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى؛ جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ توخرىلار ۋە ئارساكقا بارغىلى بولىدۇ. ئالدى غۇز بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ سۇلىغا بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگيىه ۋە ئائورسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولاتتى. يۇقىرىقى ئىككى يولدا گەرچە ساكارائۇل (يەكەن) ۋە سۇلىلار ئارقىلىق بارىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى سۇلىدا ئۇچرىشاتتى. چۈنكى، يەكەندىن جەنۇبقا قاراپ ھىندىستان ۋە غەربىي پامىرغا بارىدىغان يوللار بەك خەتەرلىك ئىدى. پەقەت سۇلىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، پەرغانە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان بۇ يوللا راۋان ئىدى. شۇڭا، جەنۇبىي يولدا دائىم يەكەن ۋە سۇلى ئارقىلىق ماڭىدىغانلار كۆكتارتتىن يەنە بىر قېتىم غەربكە قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سۇلى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە ۋە كانگيىه قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان» دېيىلگەن. ئەمما، يەكەن بەگلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىگەن. غەربىي خەن ۋە ۋېي-جىن دەۋرلىرىگە كەلگەندە بۇ يول ئۇچكە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما سۇلى ئارقىلىق ماڭىدىغانلار ئەڭ كۆپ ئىدى. سەۋەبى، ئەينى ۋاقىتتا ساكارائۇل بەگلىكى (ھازىرقى يەكەن دائىرىسىدە) سۇلىغا قارايتتى. شۇنداقلا بۇ يول سۇلى يولى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ مەشھۇر بولغان ئىدى. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دە، «لياڭجۇدىكى يات قوۋملار تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «كۆكتارتتا ‹جياشىلوشى› (伽舍罗什) دەپ بىر ئەل بولۇپ، بۇ ئەل بەك كىچىك، ئەمما نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بۇ ئەل ئارقىلىق يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن ئۆتمەي تۇرۇپ جەنۇبقا ماڭغىلى بولمايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى ‹جياشىلوشى› (伽舍罗什) سۇلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سۇلى مۇشۇ

خىل ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا جۇڭگو يىپەكلىرىنىڭ يىغىلىش ۋە يۆتكىلىشىدىكى مۇھىم نۇقتىغا ئايلانغان. شۇڭا، جۇڭگودىن يىراق بولغان يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلار سۆلىنى سېرىس (Seres) ئېلى دەپ ئاتىغان. ئەمما، ھازىر سېرىس (Seres) دەپ جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان بولدى.

بۇ خىل ئەھۋال مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى غەربلىكلەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە دائىر كىتابلاردا مۇشۇ تەرزدە خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردە ئەڭ بۇرۇن سېرىس (Seres) دېگەن بۇ نامنى ئىشلەتكەن كىتاسىياس (Ctasias) ئۆزىنىڭ كىتابىدا: «سېرىس (Seres) لىقلار ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ بويى ئېگىز بولۇپ، 13 فوت چىپلىك (بىر فوت چىپلىك ئادەمنىڭ جەينىكىدىن بېگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق) ئېگىزلىكتە بولىدۇ، 200 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ»[9] دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇ كىتابىدا سېرىس (Seres) لىقلار بىلەن ھىندىستانلىقلارنى بىرلىكتە ئومۇملاشتۇرۇپلا ئېيتقان. شۇنىڭدىن 400 يىل كېيىن ياشىغان مېلا سېرىس (Seres) لىقلارنىڭ ئورنى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلارنى بېرىپ: «ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىدە ھىندىستانلىقلار، سېرىس (Seres) لىقلار ۋە سىكتىيانلار بار، بۇلاردىن ھىندىستانلىقلار ئاسىيانىڭ ئەڭ جەنۇبىدا، سىكتىيانلار ئەڭ شىمالدا، سېرىس (Seres)لىقلار ئوتتۇرىدا»[10] دەپ يازغان.

مىلادىيە 2- ئەسىردە، يۇناننىڭ مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمى (Chandius Ptolemy) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا سېرىس (Seres) ھەققىدە توختىلىپ: «سېرىس (Seres) ئېلىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئاننېبا تېغى (Anneba) ، يەنە ئۇنىڭ شەرقىدە ئوگساشاڭ (Aogesaxiang) تېغى بار. ئاسمىرائىيان تېغى (Asmiraean)، كاسىيان تېغى (Kasian)، زاگرۇس تېغى (Zahgurus)، خېمودېس تېغى (Hemodes)، سېرىكۇس تېغى (Sericus) ۋە ئوتتوروكورخاس تېغى (Ottorocorrhas) دېگەندەك بىر نەچچە تاغ بۇ ئەلنىڭ چېتىدىدۇر. ئىككى چوڭ دەريا پۈتۈن ئەلنى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇنىڭ بىرى ئوكۇرداس (ئويغارداس) (Oechordas)

بولۇپ، بۇ دەريا ساخ ساڭ (Sa_hsiang) دېگەن باشلىنىدۇ. ئاسپىنلاڭ دېگەن (Aspen liang) بۇ دەريانىڭ يەنە بىر مەنبەسىدۇر. يەنە بىر دەريا باغۇچىس (Package) دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا كاسپىيان دېڭىزدىن باشلىنىدۇ» دەپ ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلارنى بەرگەن. سېرىس (Seres) نىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكلى ۋە تاغ تىزمىلىرى ھەققىدىكى بۇ بايانلار ماھىيەتتە سۇلىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ، كۆكنار ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇم دېگەن ھەققىدىكى بايانلارنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئەمما، بۇنىڭدا بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئازراق ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت بىرلا پەرق بار، خالاس. پىتولېمى بۇنىڭغا ئۇلاپلا سېرىس (Seres) ئېلىدە 10 دىن ئارتۇق چوڭ شەھەرنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ «ۋېي خاتىرىلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى 11 شەھەر بارلىقى ھەققىدىكى بايان، «ۋېينامە. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى «12 چوڭ شەھىرى، 10 دەك كىچىك شەھىرى بار» دېگەن بايانلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇ سۇلى نامىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

سۇلى تۈرك تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئېلىنغاچقا، بۇ نام ھازىرغىچە ھەر خىل ئىسىملار بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە. «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۇينامە»، «كونا ـ يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭنامە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە سۇلى دۆلىتى دەپ خاتىرىلەنگەن. بەزىدە 疏 خېتى 珠 دەپمۇ يېزىلغان. «لوياڭ ساڭرام خاتىرىسى»، «سوڭ دەۋرىدىكى راھىبلار تەزكىرىسى»، «سوڭ دەۋرىدىكى راھىبلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» قاتارلىق كىتابلاردا بولسا 沙勒 دەپ يېزىلغان. روشەنكى، 沙勒 بولسا 疏勒 نىڭ يەنە بىر خىل ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئەمما، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارقالغان ۋاقىتتا، ھىندىستاندىن خوتەن ئارقىلىق تارقىلىپ كىرىشتىن ئىبارەت بۇ يولدىن باشقا، ئاساسلىقى يەنە ئۇلۇغ توخرىلار ئارقىلىق ئاۋۋال سۇلىغا تارقىلىپ، ئاندىن يەنە شەرققە قايتا تارقالغان. سەۋەبى، سۇلى بۇددا دىنىنىڭ

تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇھىم تارقىلىش نۇقتىسى بولۇپ، سۇلىدىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى بۇددا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ ئالاقىدە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھەقتە شۆەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 4 ـ جىلدىدە: «بۇرۇنقى زاماندا، پادىشاھ كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ نامى يىراق ـ يېقىندىكى ئەللەرگە تاراپ، شۆھرىتى قوشنا ۋە باشقا ئەللەرنى تاڭ قالدۇرغانىكەن. ئەينى چاغدا مەملىكىتىمىزنىڭ خېشى رايونىدا بىر مىللەت بار بولۇپ، پادىشاھ كانىشكانىڭ ئۇلۇغ شۆھرىتىدىن ھېيىقىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا تۇرغاقلىقتا تۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ كانىشكا جۇڭگو تورغاق قىلىپ ئەۋەتكەن شاھزادىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئاملارنى بېرىپتۇ ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. بىر يىلدا تومۇز، يامغۇر ۋە سوغۇق پەسىلدە ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپتۇ ھەممىدە پىيادە، ئاتلىق، ھارۋا ۋە پىللىق قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل قىپتۇ. بۇ يەر تۇرغاق شاھزادە قىشتا تۇرغان يەر بولغاچقا، چىنابودى (خەن سۇيۇرغالى) دەپ ئاتىلىپتۇ (تۇرغاق شاھزادە مۇشۇ يەردە تۇرغاچقا، بۇ ئەل چىنابودى دەپ ئاتالغان). ئىلگىرى بۇ يەر ۋە ھىندىستاننىڭ باشقا ئەللىرىدە ئامۇت، شاپتۇل ئۆستۇرۇلمەيدىكەن، تۇرغاق بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ مېۋىلەر ئۆستۇرۇلىدىغان بوپتۇ. ئۇلار نەشپۈتنى چىنار (جۇڭگولۇقلار ئېلىپ كەلگەن دېگەن مەنىدە)، ئامۇتنى چىناروجفودانىرا (جۇڭگو شاھزادىسى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپتۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئەلدىكى خەلقلەر تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن، ئۇلار مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹بۇ كىشى بىزنىڭ بۇرۇنقى خانىمىز بىلەن ئوخشاش ئەلدىن ئىكەن› دېيىشكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن سۇلى بىلەن ئەتراپتىكى ھەرقايسى بۇددا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شۆەنزاڭ سۇلىنى چۇشا ئېلى (佉沙) دەپ خاتىرىلىگەن ھەممىدە بۇ ھەقتە مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «قەدىمدە سۇلى دەپ ئاتىغانلار،

ئۇنىڭ شەھەر نامىنىلا كۆرسەتكەن. بۇنى توغرا تەلەپپۇزى بويىچە 室梨讫栗多底 (Crikritati) دەپ ئېلىش كېرەك». يەنە «ئۈچ شاپائەت (مېھىر-شەپقەت) ئىبادەتخانىسىدىكى سامىي ئاچارى تەزكىرىسى» دىمۇ: «بۇ يەردە ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ساراكا ئىسىملىك (Saraka) بىر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، بۇنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا زى جى ئىسىملىك بىر شاھزادە ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق ئاتىغان» دېيىلگەن. يى جىڭنىڭ «سانسكرىتچە مىڭ خەتلىك تېكىست» ىدىمۇ ساراگا (Saraga) دەپ خاتىرىلەنگەن. شىئەندە ساقلىنىۋاتقان «داكچىن (رىم) نېستۇرى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدىكى ئابىدە» دىمۇ سۈرىيە يېزىقىدا ساراكا (Saraka) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ساراكا (Saraka)، ساراگۇ (Saraga) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۇلى ئىبادەتخانىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۇلى دېگەن نامنىڭ ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىشى ئىدى، خالاس. «بەش ئەنەتكەك ئېلى تەزكىرىسى» دىمۇ سۇلى ھەققىدە توختىلىپ، سۇلى ئەسلىي جىياشىدىلى (كاشگىرى، Kashgiri) بولۇپ، دىلى (抵离) سانسكرىت تىلىدا «تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

قەدىمدە سۇلىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي مەلۇماتنى تۈنجى بولۇپ شۈەنزاڭ بەرگەن. ئۇ ئەسىرىنىڭ «چۈشا ئېلى» ناملىق 12- جىلدىدا سۇلى ھەققىدە توختىلىپ: «چۈشا ئېلى (佉沙) 5000 چاقىرىم دائىرىدە بولۇپ، قۇم - شېغىل كۆپ، يېرى ئاز. ئەمما، زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋىلىرى بەك مول. ئىنچىكە يىپتىن توقۇلغان چەكمەن چاپانلار جىق چىقىدۇ. يۇڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. ھاۋاسى يېقىشلىق، تۆت پەسلى ئېنىق ئايرىلغان. ئادەملىرىنىڭ تەبىئىتى قوپال، ئۆرپ-ئادەتلىرى كۆپ خىل، ھىيلە - مىكىرلىرى كۆپ، ئەخلاق، قائىدە-مىزانلىرى ئاددىي، ھۈنەر - سەنئىتى قوپال، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئوغۇل تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئىشلەك بېشىنغا ئۇسۇتكۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ قىياپىتى سەت (كۆرۈمسىز)، يۈزلىرىدە قورۇق جىق، كۆزلىرى كۆك كېلىدۇ. بۇلارنىڭ يېزىقى ھىندىستانلىقلاردىن قوبۇل قىلىنغان، گەرچە

ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز شەكلىنى ساقلاپ قالغان. تىلى باشقا ئەللەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، سودىغا ئىنتايىن ماھىر. بۇددا ساگراملىرى يۈزگە يېتىدۇ، ئۇ يەردىكى بۇددا مۇرىتلىرى (راھىبلار) 10 مىڭ ئەتراپىدا. ئۇلار ھىنايانا مەزھىپىنىڭ نوملىرىنى ئۆگىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ نوملارنىڭ ھەقىقىيسىنى بىلمەي، يۈزەكىلا يادلايدۇ. بۇددا نوملىرىنى يادقا بىلىدىغانلار كۆپ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇلىدا گەرچە ھۆل - يېغىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن سۇلىلىقلار دەريا سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپلەپ ھوسۇل ئالغان. ھاۋاسى ئىللىق، ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپلا قالماستىن، خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقىتتىمۇ غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن ئىدى. مەشھۇر ئەسەر «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» نىڭ ئاپتورى خۇي لىنمۇ سۇلىلىق ئىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، سۇلى «قەشقەر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. فېڭ چېڭجۈن «قەشقەر» (Kashgar) ھەققىدە توختىلىپ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ (موڭغۇللارنىڭ) مەخپىي تارىخى»دا «乞思合儿» دەپ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمال يەرناملىرىغا قوشۇمچە»دە «可失哈儿» دەپ، «پادىشاھلار نەسەبنامىسى»دا «可失合儿»، «合失合儿» دەپ، «بايان باتۇرنىڭ تەرجىمىھالى»دا «乞失哈里» دەپ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا «哈实哈儿» دەپ، «غەربىي يۇرت يول خاتىرىلىرى»دە «哈失哈»، سانسكرىت تىلىدىكى «توز خانلىقى (ماۋۇريا خانلىقى) خانلىرى شەجەرىسى» دە خاسا (كاسا، Khasa) دېگەن بىر ئىسىمنى راھىب گاپىلو گاشى (伽舍) دەپ تەرجىمە قىلغان. يۇقىرىقىدەك ھەر تۈرلۈك ئوخشىمىغان تەرجىمە نۇسخىدىكى ناملارنىڭ ھەممىسى قەشقەردىن ئىبارەت بىر ئىسىمدىنلا كەلگەن. فېڭ چېڭجۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ يەنە، پەقەت «يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى»

(موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى) دىن باشلاپلا قەشقەر دەپ يېزىلغان دەپ قاراش گويا بۇ نام يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ پەيدا بولغان دېگەندەك كىشىگە بىر خىل مۇجمەل تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدىلا سۇلى قەشقەر دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ خەرىتىدە سۇلى (ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ خەنزۇچە نامى سۇپىتىدە قوللىنىلماقتا)، كوناشەھەر (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ياكى توققۇزاق دېگەن نام بىلەن ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا) دەپ ئىككى ناھىيە بار. ئەمما، ئۇيغۇرلار بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپلا قەشقەر دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن[11].

تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ، سۇلى دېگەن بۇ نام قەشقەرگە ئۆزگىرىشكە باشلىغان. بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە، قەشقەر بىلەن بالاساغۇن بۇ سۇلالىنىڭ پايتەختى قىلىنغان، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇلۇغلايدىغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئىككى مەشھۇر ئەسەر جۇڭگو مەدەنىيىتىدىلا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، مەھمۇد كاشغەرىي «قەشقەر» نى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن.

قەشقەردە بۇنداق ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى سۇلى (قەشقەر) رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشىشى ئارقىلىق سۇلى بوستانلىقىنى بەرپا قىلىپ، ئاندىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى بىر قىسىم دانا خانلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قاراخانىيلار مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان.

كۆپلىگەن كىتابلاردا قەشقەرنىڭ مەنىسى «رەڭدار كاھىشلىق

ئۆيلەر» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى»دە: « ‹كاش› (قەش) رەڭلىك، غار ‹غەر› بولسا ‹كامىشلىق ئۆي› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دەپ قارالغان: بۇنىڭدىن باشقا يەنە ‹كاش› (قەش) تۇنجى دېگەن مەنىدە، غار ‹غەر› يارتىش دېگەن مەنىدە دەپمۇ قارالغان. تاڭ سۇلالىسى سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسىنى سۇلىدا قۇرغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان»[11] دەپ قارالغان. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش توغرا ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەرگە ئىزاھات بېرىپ: «قەشقەر — ئوردۇكەنت (Ordukand) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىكتۇر. قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ بولغاچقا، ئافراسىياپ (Afrasiyab) مۇشۇ شەھەردە تۇرغان»[13] دېيىلگەن. ئافراسىياپ تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلەردىكى (ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن) قەھرىمانى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ئافراسىياپ ھەققىدە مۇنداق دەپ بايانلار بار[14]:

277 - بېيىت (مىسرا):

بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

280 - بېيىت (مىسرا):

تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

بۇ بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قەشقەر» نىڭ ئەسلىي مەنىسىنى «خانلارنىڭ ئوردىسى» دەپ مۇقىملاشتۇرۇش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە قەشقەر

ئىزچىل ھالدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە مۇھىم ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بولغان. بۇ خىل كۆرۈنەرلىك ئورۇن، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۇلى — قەشقەر رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ ئىنسانىيەتكە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇشىغا تۈرتكە بولغان.

## سۇلىدىن ئاققان يار بۇلاق

ياغدى قارلار لەپىلدەپ، باستى تەڭرىتاغ باغرىنى،
كىشنىسە ئۇيغۇر ئېتى سۇرمىن سېلىپ، تاڭ تۇرلىرىدىن ياندى بەلگە يالقۇنى.

سۇ ۋۇ كېتىپ تۇرالار يۇرتىدىن، چۈشتى سۇلى تۇبۇت (تىبەت) قولىغا،
نەزەر سالغىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن قارايىغاچنىڭ غولىغا.

(تاڭ دەۋرىدىكى شائىر لى رۇينىڭ «قار - يامغۇر قەسىدىسى» دىن پارچە)

بۇ شېئىردا سۇلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سۇلى شەھىرى ئەمەس، بەلكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى سۇلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ سۇلى شەھىرى ۋەتەنپەرۋەر گېڭ گوڭنىڭ سۇلى شەھىرىنى قوغدىغانلىقىدەك باتۇرلۇقى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئەمما، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ھەققىدە نۇرغۇن كىشىلەر قايمۇقۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىدىكى سۇلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن، چۇن يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە: «ئەنشى ئەسلىي سۇلى بەگلىكى ئىدى. گەرچە بۇنىڭ قەدىمىي ئىزى موگاۋدا بولسىمۇ، ئەمما شۇ نام بىلەن سۇلى دەرياسى دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقات

ئىنستىتۇتى تۈزگەن «تاڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» دىكى ۋاڭ ۋېيىنىڭ «لىڭگۇاڭ ھەققىدە قەسىدە» ناملىق شېئىرىدىكى «سۇلىدىكى يار بۇلاق (ياكى سۇلىدىن يار بۇلاق ‹تىك ياردىن چۈشىدىغان بۇلاق›)» ھەققىدىكى بىر جۈملىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان: «گېلىڭ گۇلىڭ قوشلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، سۇلى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېڭىشەھەر ناھىيەسى) شەھىرىدە تۇرغان، كېيىن ھۇنلار شەھەرنى سۇ مەنبەسىدىن ئايرىپ تاشلىغان. گېلىڭ گۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىدە 15 جاڭ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قازغان بولسىمۇ سۇ چىقمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتا ئاتلىرىنىڭ سۈيدۈكلىرىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى باسقان. گېلىڭ گۇلىڭ قۇدۇققا ئىلتىجا قىلىپ سۇ تىلىگەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا، سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر خۇشاللىققا چۆمگەن.

ھەتتا كېيىنكىلەر گېلىڭ گۇڭنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھازىر قەشقەردىكى بىر قۇدۇقنى گېلىڭ گۇلىڭ شەھەرنى قوغداپ مۇھاسىرىدە قالغاندا قازغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا «گېلىڭ گۇلىڭ قۇدۇقى» دەپ نام بەردى. ھازىر بۇ يەر بىر قەدىمىي ئىز سۈپىتىدە ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.

بۇ بىرلا مىسالغا ئاساسەن، تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئاساسىي ساۋاتلارنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن، گېلىڭ گۇلىڭ قوغدىغان سۇلى شەھىرى سۇلى دەرياسى ۋە قەشقەر رايونى دەپ خاتا قوللىنىلىۋاتىدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. گېلىڭ گۇلىڭ تەرجىمىھالى» نى ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان بولساقلا، سۇلىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«مىلادىيە 74- يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17- يىلى) قىشتا، شىرمەت چەۋەندازلار بېگى ليۇ جاڭ لەشكەر تارتىپ غۇزغا يۈرۈش قىلغاندا، گېلىڭ گۇڭنى ئەمىر لەشكەر بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. گېلىڭ گۇلىڭ مىراقۇلبېگى، دۇگۇ، بىر نەۋرە ئىنىسى مىراخور كاھبەگ گېلىڭ بىڭلار بىلەن بىللە غۇز خانلىقىنى تەسلىم قىلدى. مانا شۇ

چاغدىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، قورۇل چېرىكچىسى ئەسلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گېڭ گۇڭ قورۇل چېرىكچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئارقا غۇز خانلىقىدىكى لۇكچۇن شەھىرىدە تۇردى. بۇلار تۇرغان ھەر ئىككى جايغا بىرنەچچە يۈزدىن چېرىك قويۇلدى.

مىلادىيەنىڭ 75- يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 18- يىلى) 3- ئايدا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى پانۇ ئىككى تۈمەن چەۋەنداز بىلەن سول قول خانىنى ئەۋەتىپ غۇزغا ھۇجۇم قىلدى. گېڭ گۇڭ ئەسىر لەشكىرىنى 300 ئادەم بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. لېكىن، يولدا كۆپ سانلىق ھۇن چەۋەندازلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ، پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى. ھۇنلار ئارقا غۇز خانى ئانتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، بەشبالىققا ھۇجۇم قىلدى، خەن لەشكەلىرى يا ئوقى ئۇچىغا زەھەرلىك دورا سۈركەپ ھۇنلار ئارىسىغا: «خەنلىكلەرنىڭ ئوقىدا مۆجىزىلىك ئىلاھىي قۇدرەت بار، بۇ ئوق تەگكەن ئادەملەردە چوقۇم غەلىتە ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ» دەپ سۆز تارقاتتى ھەمدە كۈچلۈك ئوقيالار بىلەن ھۇنلارغا ئوق ئاتتى. گېڭ گۇڭ سۇلى شەھىرى يېنىدىكى جىلغىدا بۇلاق سۈيى بار، شۇ يەردە تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى ھەمدە 5- ئايدا لەشكەر باشلاپ سۇلى شەھىرىدە تۇرۇپ مۇداپىئەلەندى». تېكىستتە ئالتۇنبالىق شەھىرى (金蒲) جىن پۇ (金蒲) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان.

بۇ ئىككى ئابزاس تارىخىي ماتېرىيال گېڭ گۇڭ ساقلاۋاتقان سۇلى شەھىرىنىڭ ئارقا غۇز بەگلىكىنىڭ ئالتۇنبالىق شەھىرى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غۇزلار ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل، تۇرپان، جىمسار، گۇچۇڭ، باركۆل ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىغا تارالغانىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى سۇلى شەھىرى، خېشى كارىدورىدىكى سۇلى دەرياسى رايونىدا غۇزلارغا دائىر خاتىرىلەر يوق. گېڭ گۇڭ ساقلاۋاتقان سۇلى شەھىرى يەنە قانداق بولۇپ ئۇ يەرگە بېرىپ قالدى؟ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گېڭ گۇڭ ساقلاۋاتقان سۇلى تاغلىق رايوندىكى بىر دەريانىڭ يېنىدا. بۇ سۇلى شەھىرى چوقۇم تاغلىق رايونغا يېقىن. ھالبۇكى، قەشقەر بولسا تۈزلەڭلىكتە، يېقىن ئەتراپىدا تاغ يوق. جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا قارىساقلا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

شۇڭا، گېڭ گوۋڭ ساقلاۋاتقان سۈلى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تاغقا يېقىن رايون بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بەزى كىشىلەر يېخى گېڭ گوۋڭ ساقلاۋاتقان سۈلى شەھىرى بىلەن ئالتۇنبالىق شەھىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇمۇ توغرا ئەمەس. بۇ نۇقتا «كېيىنكى خەننامە. گېڭ گوۋڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ ئېنىق دېيىلگەن. ئالتۇنبالىق شەھىرى تۈزلەڭلىكتە بولغاچقا، ساقلاشتا خەتەر يوق. يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ھۇنلارغا زەربە بېرىپ چېكىندۇرگەندىن كېيىن، يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئالتۇنبالىق شەھىرىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يۆتكىلىپ، سۈلى شەھىرىنى قوغداپ قالغان. شۇڭا، سۈلىنىڭ ئەتراپىدا خەندەك ئارقىلىق شەھەرنى قوغدىغان دېيىلىدۇ.

سۈلى سۆزى تۈرك تىلىدا «سۇ بار، سۇلۇق» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن بىز يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى غۇزلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەردە ياشىغان ئۇيسۇنلارنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەكسىچە، بۇ يەردە يەنىلا سۇ بار - يوقلۇقى خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئىش. گەرچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا قار - يامغۇر، تارىم ئويمانلىقىدىكىدىن نىسبەتەن كۆپرەك بولسىمۇ، بىراق يەنىلا قۇرغاق رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، سۇ يەنىلا خەلق ئەڭ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئىش. تۆۋەندە يېقىنقى زاماندىكى ئىلمىي ئاساستا ئۆلچەپ چىقىلغان يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنى كۆرۈپ باقايلى[15]:

| | |
|---|---|
| گۇچۇڭ | 176.3 مىللىمېتىر |
| باركۆل | 202.3 مىللىمېتىر |
| سانجى | 178.7 مىللىمېتىر |
| شىخەنزە | 200.4 مىللىمېتىر |
| بورتالا | 181.5 مىللىمېتىر |

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان گۇچۇڭ، جىمسار، سانجى رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن

مىقدارى 200 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ. گەرچە قەشقەردىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق بولسىمۇ، بىراق ھۆل - يېغىن مىقدارى تۆۋەن، شۇڭلاشقا قەدىمدىن تارتىپلا بۇ رايونلاردا ئىزچىل كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان. كېيىن دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، باشتىن - ئاخىر يەنىلا سۇغىرىش تېپىدىكى دېھقانچىلىق ئىدى. بۇنداق تەبىئەت ئەھۋالى بۇ يەردە سۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، سۇنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، سۇلى دېگەن بۇ نام مانا مۇشۇنداق تەبىئىي مۇھىت ئەھۋالىدا پەيدا بولغان.

خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشى بىر مەيدان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى ئالدى غوز ۋە ئارقا غوز رايونلىرى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا كىرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. شەرقىي خەن سۇلالىسى مىڭ دى زامانىسىدا دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندا، دوۋگۇ، لىۇ جاڭ قاتارلىق سانغونلارنى ھۇنلارنىڭ غوزدىكى تەسىر كۈچىگە زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن ھەمدە قورول چېرىكچىبېگى گېڭ گۇڭنى ئارقا غوز بەگلىكىدىكى ئالتۇنبالىق شەھىرىگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى بۇنى كۆزىگە قادالغان مىخ كۆرۈپ يوقاتماقچى بولغان. ھالبۇكى، شەرقىي خەن سۇلالىسى مىلادىيە 74 - يىلى گېڭ گۇڭنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە يەنە گۇەن لۇڭنى 100 دىن ئارتۇق چېرىك بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى لۈكچۈندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇ ۋاقىتتا لۈكچۈن لىيۇجۇڭ (柳中) دەپ ئاتالغان. دېمەك، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا گېڭ گۇڭ، جەنۇبىدا گۇەن لۇڭ تۇرۇپ خەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ھەربىي ئورنىنى قوغدىغان.

گېڭ گۇڭ ئالتۇنبالىق شەھىرىگە كېلىپلا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل، ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، چۈنكى شىمالىي ھۇنلار ئالتاي تېغىدا بارگاھ قۇرغان بولۇپ، پەقەت جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئۆتسىلا ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ

زېمىنى ياكى قارارگاھىغا يېتىپ كەلگىلى بولاتتى. شۇڭا، گېڭ گوڭ ئارقا غوز خانلىقىغا كېلىپلا، ئۇيسۇنلارغا شۇ ھامان ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ: «خەن سۇلالىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئەدەپ - يوسۇنىنى كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ كۈنىيىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سورتلۇق ئاتلارنى ئەۋەتتىم، ئورتاق خۇشاللىقلاردىن بەھرە ئالغايمىز» دېگەن مەزمۇندا مەلۇماتنامە ئەۋەتكەن[16]. ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن ئەھۋالدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگەن.

مىلادىيە 94- يىلى 3- ئايدا، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئىككى تۈمەن خىللانغان قوشۇننى باشلاپ ئارقا غوز خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. گېڭ گوڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئارقا غوز خانى ئاندېنى قوتقۇزۇۋالماقچى بولغان، ئەمما ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز كېلىپ، ئارقا غوز قوشۇنلىرى ھۇنلار قوشۇنى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىنغان. خانى ئاندېمۇ ھۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، شۇنداقلا ھۇنلار يەنە تېزلىكتە گېڭ گوڭ تۇرۇۋاتقان ئالتۇنبالىق (جىمسار، بەشبالىق دېمۇ ئاتىلىدۇ) شەھىرىنى قورشىۋالغان. گېڭ گوڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلغان ھەمدە زەھەرلىك دورىلارنى ئوقيا قىلىپ ئېتىپ، ھۇنلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھۇن ئەسكەرلىرى قورققىنىدىن «خەن ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا بىر نەرسە توغرا كەلمەيدىكەن»[17] دېيىشىپ، ئامالسىزلىقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. گېڭ گوڭ ھۇنلارنىڭ ھەرگىزمۇ تېز يۆكمەيدىغانلىقىدەك روھىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەچكە، مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئالتۇنبالىق شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، سۇلىرى ئەلۋەك، قوغدىنىشقا ئەپلىك بولغان سۇلى شەھىرىنى ئىگىلەپ، خەن دۆلىتىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشقا بەل باغلىغان.

يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە ئىلمى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قول سېلىپ دەللەشلىرى ئارقىلىق، شەرقىي خەن

دەۋرىدە مۇداپىئە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن گېلىڭ گۇلۇڭ شەھىرى ھازىرقى گۇچۇڭ ناھىيەسى بەنجىگو يېزىسىدىكى موگولىيالىڭ كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، ئۇنى يەرلىكلەرنىڭ «تاش شەھەر (شىچېڭ قەلئەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىشماقتا. بۇ شەھەر كىچىك بىر تاغ باغرىدا بولۇپ، سۇ ئۇنىڭغا يانداش ئاقىدىكەن، شەھەرنىڭ تۆۋىنىدىكى تاغ باغرىدا شىنخۇ دەرياسى (新户河) دېگەن دەريا بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، بۇ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكىمۇ ھەمدە چېكىنىپ تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىشكىمۇ قولايلىق ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر شەھەر ئىكەن. ئۇ خەن دەۋرىدە ئالدى - ئارقا غۇز خانلىقلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە غەربىي ئايماقتىكى يارغول ناھىيەسى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ناھىيەنىڭ شىمالىنىڭ 80 چاقىرىم نېرىسىدا لۇگچۈەن سارىيى بار. يەنە شىمالغا قاراپ 130 چاقىرىم مېڭىپ تاغ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ليۇگو جىلغىسى ئارقىلىق بوغدا تېغىدىن 110 چاقىرىم مېڭىپ شىخۇيفەن قورۇلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قەلئەسىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ». بەزىلەر شىخۇيفەن شەھىرىنى گېلىڭ گۇلۇڭ ئىگىلەپ تۇرغان سۇلى شەھىرى بولۇشى مومكىن دەپ قارىغان[18]. مېنىڭ پەرىزىم بۇ قاراشقا قوشۇلماي، گېلىڭ گۇلۇڭ مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان سۇلى شەھىرى ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى «تادى يولى» نىڭ چىقىش ئېغىزى يەنى ھازىرقى چۆەنزى كوچىسىنىڭ جەنۇبى ۋە ئۇنىڭ باش كۆۋرۈكى ئارىلىقىدىكى جاي بولۇشى مومكىن، چۈنكى ئالتۇنبالىق شەھىرى ۋە گۇچۇڭدىكى تاش شەھەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ 230 چاقىرىم ئىكەنلىكىنى، خۇن قوشۇنلىرىنىڭ بېسىمدا گېلىڭ گۇلۇڭ ئۇنىڭدىن يىراق يەرلەرگە بارالمايدىغانلىقىنى[19] قەيت قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. مېنىڭچە، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلار ئارقىلىقلا بۇنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

گېلىڭ گۇلۇڭ سۇلى شەھىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، خۇن

ئاقسۆڭەكلىرى چوڭ قوشۇنلىرىنى توختىماستىن ئەۋەتىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. گېڭ گۇڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسمى گەرچە 100 نەپەرچىلا بولسىمۇ، ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن، گېڭ گۇڭ قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، دۆلەتنى ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن ھۇن ئەسكەرلىرىنى يوقاتقان. گېڭ گۇڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئارقا غۇز خانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

تىز پۈكمەس گېڭ گۇڭ: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ساڭغۇن لى گۇاڭلى ئەمشىرىنى چىقىرىپ تاغقا سانجىسا، تاغدىن بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ چىققان ئىمىش، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۇرۇشىۋاتقان تۇرۇپ، قانداقسىگە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولغۇدەكمىز» دەپ ھەسرەت چەككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ئەسكەرلىرىنى قۇدۇق قېزىشقا سەپەرۋەر قىلغان، دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇلاقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىقىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ئەسكەر ۋە خەلقلەر «تۆمەنمىڭ يىللار ياشىغاي» دەپ تەنتەنە سادالىرىنى ياڭراتقان. گېڭ گۇڭ ئەسكەرلىرىنى چېلەكلەرگە لىقلاپ سۇ توشقۇزۇپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ چېچىشنى بۇيرۇغان. بۇنى كۆرگەن ھۇن ئەسكەرلىرى بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش دەپ قاراپ، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ شەھەردىن چېكىنىپ چىققان.

ئەسلىدە ئۇلار سۇلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىش بىلەن بىللە يەنە لۈكچۈندىكى گۇەن چۈڭنىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ھەمدە ئاگنى (قاراشەھەر) ۋە كۈسەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى چىنمومۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن. ئۇلار يەنە شىيەن زۇڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان، ئوردىنىڭ غەربىي رايونغا قاراشقا مادارى قالمىغان، ياردەمگە ئەسكەر ئېلىشمۇ تەسكە توختاپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن غۇز خانلىقى ھۇنلار تەرەپتە تۇرغان. شۇڭا، گېڭ گۇڭ بىرمەھەل ناھايىتى يەككە - يېگانە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار سۇلىنى ئۇدا بىرنەچچە ئاي قورشىۋېلىپ، شەھەرنى ئوزۇق- تۈلۈكتىن ئۈزۈپ تاشلىغان، ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ خۇرۇم تاسمىلىرىنى

يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. گەرچە گېلى گۇلى مۇشكۈلات ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئادەتتە قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا قەسەم قىلغان. ھۇن تەڭرىقۇتى گېلى گۇلى پەقەت تەسلىم بولۇش ئارقىلىقلا ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ دەپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەگەر تەسلىم بولسا، بەيۋۇغا (ئاق ئۆي، بۇ يەردە ئۇنىڭغا بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا قارىتىلىدۇ. ئاق ئۆي مۇشۇنىڭغا سىمۋول قىلىنغان) خان قىلىپ قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلىدىغانلىقىنى ئەلچىسى ئارقىلىق يەتكۈزگەن. ۋەتەنپەرۋەر گېلى گۇلى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ھۇن ئەلچىسىنى شەھەر سېپىلىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇنى خەلق ـ ئالەم ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ئەلچىلەر بىلەن بىللە كەلگەن باشقا ئەمەلدارلار قورقىنىدىن يىغلاپ قاچقان. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، كۆپلەپ ئەسكەر چىقىرىپ شەھەرنى قورشىغان، ئەمما ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان.

كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى پادىشاھى ليۇ خۇي تەختكە چىقىپلا، چېن پېلى، ۋاڭ مېلى ۋە خۇاڭ پۇ قاتارلىقلارنى جاڭيې، جيۇچۇەن ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق ئۈچ ئايماقتا ئەۋەتكەن ھەمدە پىشامشان ئەسكەرلىرىدىن 7000 دەك ئادەمنى مىلادىيە 76 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لۇكچۇنگە يىغىپ، ئالدى غۇز خانلىقىنىڭ يارغول ئايمىقىغا زەربە بەرمەكچى بولغان. ئارقا غۇز خانلىقى قىسمىلىرى خەن سۇلالىسىگە يەنە تەسلىم بولۇۋالغان. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى خەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالتايغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. شۇنىڭ بىلەن فەن چياڭ 2000 ئەسكىرىنى باشلاپ سۇلىغا يېتىپ كېلىپ، گېلى گۇلى ۋە ئۇنىڭ 26 ئەسكىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان. ھۇنلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قوشۇنلارنى يەنە قورشاشقا ئەۋەتكەن. گېلى گۇلى ۋە فەن چياڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېكىنگەچ قېلىن قارغا دۇچ كەلگەن، مۇشۇنداق قىيىنچىلىقتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يولدا ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن ئۆلۈشكە باشلىغان. 3 ـ ئايدا دۇنخۇاڭغا بارغاندا، ئۇلاردىن 13 ئادەملا قېپقالغان بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك جۇلدۇر كېيەن

ۋە ئاچ - زارلىقتا قالغانىدى. قاشقوۋۇقنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار جىلى جۇۋاڭ گېلى گۇڭغا بەك قايىل بولۇپ، ئۆزى ئۆلارنىڭ 30 نەچچە ئادىمى ئۈچۈن مۇنچا، كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلاپ بەرگەن ھەمدە ئوردىغا گېلى گۇڭ قاتارلىقلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا ئوتتۇغات بېرىش مەقسىدىكى ئۆتۈنۈشنى مەزمۇن قىلىپ مەلۇماتنامە يوللىغان. ئۇ مەلۇماتنامىسىدە مۇنداق يازغان: «گېلى گۇڭ ئاز ھەم يەككە ئەسكىرىي كۈچلىرى ئارقىلىق شەھەرنى ناھايىتى مۇستەھكەم قوغداپ، باستۇرۇپ كەلگەن ھۇن قوشۇنلىرىغا كۈچىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي قارشىلىق كۆرسىتىپ، تاغلاردا قۇدۇق كولاپ، تۆز ئوقيانىڭ خورۇمىنى (ئوقيانىڭ كىرىچىنى تۇتاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان نەرسىلەردىن ياسالغان) يەپ، تاكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد قالغۇچە بۇ خىل روھىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ بۇ ئارقىلىق نەچچە مىڭلىغان دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەن دۆلىتىنىڭ ئار - نومۇسقا قالماسلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ كۆرەش قىلغان. تارىختا ئۇنىڭدەك بۇنداق قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ باققانلار يوق». گېلى گۇڭ بۇ تۆھپىلىرى ئارقىلىق پايتەخت لوياڭدا «چەۋەندازلار بېشى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. قالغان 13 ئادەممۇ ئەمەل - مەنسەپلەر ئىنئام قىلىنغان. ئوردا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئەدەپ-ئەخلاقتا جاڭ چيەنگە تەڭلەشتى، تېجەشلىكتە سۇ ۋۇدىن ئېشىپ كەتتى» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بەرگەن. دېگەندەك بۇ قېتىمقى سۇلىنى قوغداش ئۇرۇشى تارىختىكى زور ۋەقە بولۇپ، گېلى گۇڭ غەربىي يۇرتنى ئېچىش ۋە قوغداش، ۋەتىنىنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

## خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۇلى دەرياسى

سۇلى دەرياسىنىڭ ئاساسىي قىسمى شىنجاڭدا ئەمەس، بەلكى [كە]نسۇدىكى خېشى كارىدورىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنشى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق [...]ككى شەھەردە بولۇپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئاز بىر قىسمى [شى]نجاڭنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا قۇيۇلىدۇ. گەرچە بۇ دەرياغا كېيىن-

-كىلەر شۇنداق نام بەرگەن بولسىمۇ، بۇ دەريا جۇغراپىيەلىك ۋە باشقا تەبىئىي ئەھۋاللىرى جەھەتتىن قۇرغاق رايون ئىقلىمىغا كىرىدىغان بولۇپ، ئۇ «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، خېشى كارىدورى لەنجۇنىڭ غەربىدە، بولۇپمۇ ۋۇشاۋ جىلغىسىنىڭ غەربىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان 2000 چاقىرىمدەك تۈزلەڭلىك بەلباغ قۇرغاق رايونلار بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى پەقەت 158.4 مىللىمېتىر بىلەن، 36.8 مىللىمېتىر ئەتراپىدا»[20]. ئەمەلىيەتتە ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 — 200 مىللىمېتىر ئارىلىقىدا، ئەمما جيايۇگۈەننىڭ سىرتىدىكى قاشقوۋۇق، ئەنشى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق ئۈچ ناھىيە تېخىمۇ قۇرغاق بولۇپ، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ھۆل- يېغىن ئەھۋالى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار بىلەن ئوخشاش. «كونا تاڭنامە. جاڭ شۇگۇينىڭ تەرجىمىھالى» دا گۇاجۇنىڭ يېرى ئاز، قۇم - شېغىللىق، زىرائەت تېرىشقا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. ھۆل- يېغىنى ئاز بولۇپ، قار سۈيىگە تايىنىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بۇ يەردە سۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئەڭ چوڭ بىر دەريا ئېقىنىغىمۇ سۇلى دەرياسى دەپ نام بېرىلگەن، بۇ شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سۇنىڭ مۇھىملىقىغا بەرگەن كونكرېت ئىنكاسى.

سۇلى دەرياسى قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ نام بىلەن ئاتالماستىن، بەلكى جىرۋې سۈيى (دەرياسى)، بۇجىرچۈەن دەرياسى ۋە بۇلۇنجىر دەرياسى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ دەريا گەنسۇنىڭ يۈمېن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى چىلىيەنشەن (چىلان تاغ)نىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، چاڭما دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭ دامبىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مۇشۇ يەردىن ئوڭ تەرەپكە ئېقىپ گۇگچاڭ دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ بۇ دەريا ناھىيەنىڭ غەربىي شىمالىغا ئېقىپ بارغاندا، بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ كېتىدۇ. غەربىي شىمالىي ئېقىنى بۇلۇنجىر شەھىرىنىڭ شىمالىغا قەدەر ئېقىپ بارىدۇ. يەنە غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئەنشى ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىن

ئۆتۈپ، يەنە غەربكە قاراپ ئېقىپ دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىغا كەلگەندە، جەنۇبتىن ئېقىپ كەلگەن داڭخې دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ، يەنە غەربىي شىمالغا ئېقىپ بارغاندا خالابو كۆلىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنىپ ئىزاھات بېرىلگەن يەنشۈي دەرياسى سۇلى دەرياسىنىڭ ئۆزىدۇر دەپمۇ قارايدۇ[20]. جيايۈگۇەننىڭ سىرتى ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى سۇلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان بولۇپ، دەريا بېسىپ ئۆتكەن جايلار قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى ئىدى، بۇ دەريا گەنسۇنىڭ چىلىيەنشەن تېغىدىن باشلىنىدۇ، يۇقىرى ئېقىنلىرىنىڭ سۈيى ناھايىتى تېز ئاقىدۇ، بېسىپ ئۆتىدىغان جايلىرى قۇم - شېغىللىق تۇپراق بولغاچقا، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى بەك ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنكى ئېقىنغا قاراپ ئاققانسېرى ھاۋا بارغانچە قۇرغاقلىشىپ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، سۇ مىقدارى بارغانسېرى ئازلاشقا باشلاپ، تۆۋەنكى ئېقىندا بىر زەيكەشلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر زەيكەشلىكتىكى سۇنىڭ ئاخىرى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىكى ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، قەدىمكى سۇلى دەرياسى لوپنۇر كۆلىگە بىۋاستە قۇيۇلىدۇ دەپ قارىغان[21].

بۇ قۇرغاق رايوندىكى مەشھۇر بىر ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى، شۇنداقلا غەربىي يۇرتقا بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل. شۇڭا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇ يەردە كۆپەيگەن، سېرىق قۇم ۋە چۆللۈكنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇپمۇ يەنە سۇلى دەرياسىنىڭ ھەرقايسى ئېقىنلىرىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ، دۇنخۇاڭ، ئەنشى ۋە قاشقۇۋۇق قاتارلىق بىرنەچچە بوستانلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرق - غەرب ئارىلىقىدا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ھەرقايسى ئەل ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان، شۇنداقلا قەدىمكى دۇنخۇاڭنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىر مەركەزگە ئايلاندۇرغان. بۇ يەردىكى قۇم - شېغىللىق تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن يەل - يېمىش ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ تەمى شۇنچىلىك

ياخشى بولۇپ، قەدىمكى ئەنشى ئەتراپلىرى مۇشۇلار بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. يېقىنقى زاماندا ئاۋرېل ستەين، پائول پېللىئوت قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر موگاۋ مىڭئۆيلىرىدىن كۆپ مىقداردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى بىرمەھەل دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان، شۇنداقلا بۇ يەردىكى يەرلىكلەر سۇلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنيادا تەڭدىشى يوق مەدەنىيەت سەنئەت بايلىقلىرىنى ياراتقان.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەرب ۋە شەرق ئارىلىقىدا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيگەن، ئەينى ۋاقىتتا سۇلى دەرياسى يەنە قاپاق دەرياسى دەپمۇ ئاتالغان. خۇي لىنىڭ «ئۇلۇغ ئاغىلىق مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامسى ئاچارى تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-جىلدىدا شۇەنزاڭنىڭ غەربكە كېتىۋېتىپ گۇاجوۋ ۋە قاشقوۋۇقتىن ئۆتۈپ ئېۋىرغولغا ۋە قوچۇغا بارغاندىكى ئەھۋالى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ ئاخىر گۇاجوۋغا كەلدىم». بۇ ۋاقىتتا ئايماق بېگى دۇگۇدا شۇەنزاڭنى ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋالغان. ئۇنىڭ يەنە ئىزچىل غەربكە ماڭىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بۇ يەردىن شىمالغا قاراپ 50 چاقىرىم ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن خۇلۇ دەرياسىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ كەڭ، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ تار بولۇپ، سۈيىنىڭ ناھايىتى شىددەت بىلەن ئاقىدىغانلىقىنى ۋە ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى، قاشقوۋۇققا بېرىشتا چوقۇم ئۆتىدىغان يول، شۇنداقلا ئۇنىڭ غەربىي چېگرادىكى ئەڭ مۇھىم ئېغىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ ئېغىزدىن غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭسا، ئۇ يەردە بەش تۇر بولۇپ، بۇ يەردە بۇنى ساقلىغۇچىلارلا تۇرىدىكەن، ھەربىر تۇرنىڭ ئارىلىقى نەچچە يۈز چاقىرىم بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا سۇ ۋە ئوتمۇ يوق ئىكەن، بەشىنچى تۇرنىڭ سىرتىدا موخىيەنجى دەپ بىر يەر بولۇپ، ئۇ ئېۋىرغول دۆلىتىنىڭ چېگراسىدا ئىكەن دېيىلگەن.

يەنە باشقا رىۋايەتلەردە (مەنبەلەردە) قاشقوۋۇق گۇاجۇنىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ قوۋۇقتىن يولغا چىقىپ بەش تۇرنى بېسىپ ئۆتۈپ يەنى تەخمىنەن 500 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن موخىيەنجىغا بارغىلى بولىدىغانلىقى، بۇ يەرنىڭ ئېۋىرغول بەگلىكىنىڭ چېگراسى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خۇلۇ دەرياسى تاڭ مىڭشياڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى ئۇستاز شۈەنزاڭنىڭ سەپەر ئەھۋالى» ناملىق ئەسىرىدە قاپاق دەريا دېيىلگەن. تاۋ باۋلىيەنىنىڭ «توشقان يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ جىلدىدا، ئۇ ئۆزى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن خۇلۇ دەرياسى ھازىر كۇلۇڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇ دەريانىڭ لۇەنشەنزى ئارقىلىق سۇلى دەرياسىغا قويۇلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ يەرلەر تاڭ دەۋرىدە دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم قورغانلار بولۇپ، بىر تەرەپتىن غەربىي چېگرالارغا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالدىكى تۈرك قولدارلىرىنىڭ جەنۇبقا باستۇرۇپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان مۇھىم ئېغىز ئىدى. ئۇنىڭغا، سىن شىجۇ «قاشقوۋۇقتىكى گەي سانغۇن قوشىقى» دا مۇنداق يازغان:

«قاشقوۋۇق ئۆزى كونا ھەم غېرىب،
قۇم ـ توزانلار كېلىپ باسار ئوت ـ چۆپنى.
سانغۇن ياخشى قىلماي جەڭگە تەييارلىق،
باستى غۇزلار شىمالنى، چۇەنرۇڭلار (بولسا) جەنۇبنى.
بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن،
ئورۇنشلاردا نەس چىقماي، قىلدۇق خۇشال تەنتەنە.»

پەقەت قاشقوۋۇقتىن ئىبارەت بۇ بىرلا يەردە 5000 كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇلۇشىغا قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سۇلى دەرياسى دېگەن بۇ ناممۇ ئەسلىي تۈركىي تىلدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا ئاھاڭ

تەرجىمىسى بويىچە سۇلەن دەرياسى، سۇلى دەرياسى ۋە سۇر دەرياسى دېگەندەك ھەر خىل ناملاردا خاتىرىلەنگەن. كاڭشى، چيەنلۇڭ دەۋرىدە جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى تىنچىتىلغاندىن كېيىن مۇئاۋىن باشبۇغى ئانەندا سۇلى دەرياسى بويىدا غالدانىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئەسىرگە ئالغان. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىدەك بۇ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن، تارىختا غەربىي يۇرتتىكى بۇ مەشھۇر ھەم قەدىمىي يەر سۇلىنى دەريانىڭ نامى قىلىپ قوللانغان.

ئىزاھاتلار:

[1] بولگىر: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 1978 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، لوندون، 16 - ، 17 - بەتلەر.

[2] [3] گىرىم گىرژىمايلوف: «غەربىي جۇڭگو ساياھەت خاتىرىسى»، 2 - پاراگراف، «تۇرپان ھەققىدە».

[4] زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، سودا كىتابچىلىقى 1936 - يىلى نەشرى، 171 - بەت.

[5] فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 3 - بۆلۈم، 2 - قىسىم، خەلق نەشرىياتى 1965 - يىلى نەشرى، 513 - بەت.

[6] 1978 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن تاللانما»، 1978 - يىلى تۈزۈلۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) تۈركىي تىل فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنغان.

[7][15] شۈ دېيۈەن، ساڭ شيۇچېڭ: «شىنجاڭنىڭ يېزا - ئىگىلىك كىلىماتى»، خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى، 73 - ، 74 - بەتلەر.

[8] «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ئوغان سىيانپىيلىرىنىڭ شەرقىدىكى ياتلار تەزكىرىسى»، 10 - جىلد.

[9] سىر ھېنرى يۇلى: «كىدانغا بارغىلى بولىدىغان يوللار»، 1 - قىسىم، 14 - بەت؛ بۇ ھەقتە يەنە جاڭ شىڭلياڭ تۈزگەن «جۇڭگو ۋە

ەرب قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق ئەسەرنىڭ 1 ـ
ىسىم، 16 ـ بېتىگە قاراڭ.

[10] جاڭ شىڭلياڭ تۈزگەن «جۇڭگو ۋە غەرب قاتناش تارىخىغا
ائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم، 196 ـ بەت.

[11] فېڭ چېڭجۈن (ئەسلىي تۈزگۈچىسى)، لۇ جۈنلىڭ (قايتا
ۆزگەرتىپ تولۇقلىغۇچى) لار تۈزگەن «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»،
جۇڭخۇا كىتابچىلىقى 1980 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ بەت.

[12] [20] ساڭ ىنجۇ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى
ەر ـ جاي ناملىرى لۇغىتى»، سودا كىتابچىلىقى 1930 ـ يىلى نەشرى،
881 — 926 ـ بەتلەر؛ ئۈنىڭدىن باشقا، شاۋ دۇگجى: «شىنجاڭ
ېزىتى» نىڭ 1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان
ىلغان «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئىزاھات» ناملىق ماقالىدە
«قەشقەر — ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، رەڭدار كاھىشلىق ئۆيلەر»
ېيىلگەن.

[13] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئەنقە
اكسىمىل نۇسخىسى، 1974 ـ يىلى نەشرى، 74 ـ بەت.

[14] «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 9 ـ بابى، 277 ـ ۋە 280 ـ مىسرالىرى،
1947 ـ يىلى تۈركىيە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى.

[16][17] بەن گۇ: «كېيىنكى خەننامە»، 19 ـ جىلد، «گېڭ
گۇڭ تەزكىرىسى».

[18] ليۇ ۋېيجۈن: «غەربىي يۇرت تارىخىدىن تەرمىلەر»، شىنجاڭ
ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى، 17 ـ، 18 ـ
بەتلەر؛ ليۇ يوگېڭ: «گېڭ گۇڭ مۇھاپىزەت قىلغان سۇلى شەھىرى
ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ
ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى؛ شۆ زۇگجېڭ: «گېڭ گۇڭ مۇھاپىزەت
قىلغان سۇلى شەھىرىنىڭ ئورنى نەدە؟»، «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى،
1979 ـ يىلى 4 ـ سان.

[19] فېڭ شيەنۋۇ: «چىلىيەنشەن تېغى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
رايونلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە كىلىماتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ـ

لارنىڭ رەتلىنىشى» ، «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيەسى» ، 1982 - يىللىق 1 - سان.
[21] مۇ شۇنيىڭ: «كىرووران ئارخېئولوگىيەسى — سۇلى دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈش» ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1982 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىنجان تاجى

# «Seres» ئۈستىدە تەتقىقات

**چېن بوچۈەن**

جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر يەر نامى بار، ئۇ بولسىمۇ Seres تۇر. ئۇ قەدىمكى غەربلىكلەرنىڭ لۇغىتىدە «يىپەك» دېگەن مەنىدە ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت قايسى جاينى كۆرسىتىدىغانلىقى مەسىلىسىدە تالاش - تارتىشلار كۆپ بولغان. ئۇزاقتىن بۇيان دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى ئالىملار ئۇنىڭغا قارىتا كۆپلىگەن تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل يەكۈنلەرنى چىقارغان. بەزىلەر «Seres جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ»[1] دېسە، بەزىلەر «ئۇ ئوتتۇرىدا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىبىرىيەدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ»[2] دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «ئۇ جۇڭگونىڭ چاڭئەن ياكى لوياڭ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ»[3] دەيدۇ. ئەمما، بۇلار ئىچىدىكى بىرەر يەكۈنمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان بولۇپ، بۇ «يىپەك يولى» تەتقىقاتىغا چوڭ بىر توسالغۇ پەيدا قىلغان. بۇ ماقالىدە Seres سۆزىگە قارىتا بىر قىسىم يۈزەكى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، خاتالىق بولسا يولداشلارنىڭ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

① سىتەيىن: «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، شياڭ دا تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخا، 7- بەت؛ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 84- بەت.

② لى يۆچىن: «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى»، I توم، 2- كىتاب، 363- بەت.

③ Henry Yule: Cathay and way Thither, I P109, 196;
فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى 1980- يىلى نەشرى، 84- بەت.

### 1. غەربلىكلەر نەزەرىدىكى Seres

ئاپپاق، يۇمشاق مەشۇت، مەشۇتتىن بوياش ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلغان رەڭگارەڭ يىپەك قەدىمكى رىملىقلار ۋە گرېكلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، ئەقلىنى لال قىلغانىدى. دەسلەپتە ئاقسۆڭەك ۋە بايلار ئالتۇننىڭ كۆزىگە قارىماي سودىگەرلەردىن ئۇنى سېتىۋېلىپ، كىيىم تىككۈزۈپ، بارلىق ئاشكارا سورۇنلاردا ئۇنى كىيىپ كۆز - كۆز قىلغان، پۇقرالار پەقەت ئۇنى كۆرۈشكىلا مۇيەسسەر بولۇپ ئاھ چەككەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، «ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن كىيىم كىيمەيدىغىنى قالمىغان»[1]. بۇ خىل يىراقتىكى Seres تىن توشۇپ كېلىنگەن نەرسە، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك زۆرۈر بۇيۇملىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، خۇددى ئاشلىققا ئوخشاش، «بىر كۈن كەم بولسا بولماسلىق» دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. يىپەك سودىسىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشى كۈچىيىپ، ئۇلارنىڭ Seres قا بولغان تونۇشى بارغانسېرى روشەنلەشكەن.

Seres سۆزى ئەڭ دەسلەپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە ئۆتكەن گرېتسىيەلىك كتاسىياسنىڭ ئەسىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان: «Seres لىقلار ھەم شىمالىي ھىندىستانلىقلارنىڭ بويى ئېگىز، 13 بىلەك ئېگىزلىكتە كېلىدۇ. 200 ياشتىن ئارتۇق ياشايدۇ. گايتىروس دەرياسى بويىدىكى مەلۇم بىر جايدىكى كىشىلەرنىڭ قىياپىتى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، تېرىسى بېگېموت بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوقيا ئوقى تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ»[2]. بۇ يەردە ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى، ئېلىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى جۇغراپىيە ئەسىرى «تاغ - دەريالار تەپسىرى» دىكى مەلۇماتلارغا ئوخشاش، قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ئالغان.

---

[1], [2] جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977 - يىلى نەشرى، 1 - قىسىم، 48 - ، 17 - بەتلەر.

ئەمما، Seres بىلەن شىمالىي ھىندىستاننى بىرلەشتۈرۈشتىن، ئاز دېگەندىمۇ قەدىمكى گىرېكلارنىڭ يىراق شەرقتىكى بۇ ئىككى قوشنا ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن 400 نەچچە يىل ئۆتكەندە، گىرېك جۇغراپىيونى سىترابو ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە مۇنداق يازغان: «باكتېرىيە خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېگرا - پاسىللىرىنى سېرىس ھەمدە فارىينى ئېلىنگىچە كېڭەيتتى.»[①] ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان رىم شائىرى مارو ھەمدە تارىخشۇناس فىلورۇس ئۆزلىرىنىڭ شېئىر ۋە تارىخ ئەسەرلىرىدە كۆپ قېتىم Seres نامىنى تىلغا ئالغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان يازغۇچى پومپونىئۇس مېلادەك تەپسىلىي يازمىغان. مېلا مۇنداق يازغان: «ئاسىيانىڭ شەرقىدە ھىندىستانلىقلار، سېرىسلىقلار، سكىتىيانلار بار. ھىندىلار جەنۇبتا، سكىتىيانلار شىمالدا، سېرىسلىقلار ئوتتۇرىدا جايلاشقان. كاسپىي دېڭىزىنىڭ سكىتىيان قىرغاقلىرىدىن ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، دېڭىز قىرغىقى ئەگرى - توقاي ھالدا شەرققە قاراپ سوزۇلىدۇ، سكىتىيان تۇمشۇقى ئەتراپىدا، قېلىن قار يېغىلغان بولۇپ، مېڭىش قىيىن. بۇ يەردىن ئۆتكەندە، تېرىقچىلىق قىلىنمايدىغان، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان يەنى سكىتىيانلار بىلەن سېرىسلار ئوتتۇرىسىدىكى جايغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ ياۋايىلار ئادەم يەيدۇ. ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا قاقاس چۆللۈك بار بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلار توپلىشىپ ياشايدۇ، ئادەم ياشىمايدۇ. بۇ ئىككى قەبىلە يېرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن كۆز يەتكۈسىز قاقاسلىق يەنە باشلىنىدۇ، بۇ يەردە پەقەت ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قۇشلار ياشايدۇ. ئۇ يەردىن ئۇدۇل تابىس تېغىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن يىراق بولغان دېڭىز بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تائۇرۇس تېغى بار، سېرىس بۇ ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى سەمىمىي، ئالەمدە تەڭدىشى يوق، ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز سودا قىلىش

---

① جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977- يىلى نەشرى، 1- قىسىم، 18- بەت.

هاجەتسىز، ماللارنى قۇملۇققا قويۇپ قويسىلا بولىدۇ.»① دانىشمەن رىم ئالىمى پىلىنىي ئۆزىنىڭ «تەبىئەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، Seresنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنى مېلا بىلەن ئوخشاشراق بايان قىلغان بولۇپ، يىپەك ۋە Seres لىقلارنى تەسۋىرلىگەن ۋاقىتتا، تۆۋەندىكىدەك يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان: «ئۇلارنىڭ ئورمانلىقىدىن مەشۇت چىقىدۇ، نامى جاھانغا مەشھۇر. پىلە دەرەخ يوپۇرمىقىغا تۇخۇم چىقىرىدۇ، غوزىنى سۇغا سېلىپ مەشۇتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن نەپىس يىپەك توقۇپ، رىمغا ئاپىرىپ ساتىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق يازغان: «سېرىسلىقلار ئېمودۇس تېغىنىڭ سىرتىدا ياشايدۇ، سودا مۇناسىۋىتى بىلەن بىزنىڭكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، ئارالدىكىلەردىنمۇ ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار. راچىئاسىنىڭ ئاتىسى ئۇلارنىڭ ئېلىگە كۆپ قېتىم بارغان. ئۇ سەپەر ئۇستىدىمۇ سېرىسلىقلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغان. ئۇنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا: ئۇلارنىڭ بويى ئېگىز، ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، قىزىل چاچ، كۆك كۆز، تىلى بىز بىلەن ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى يوق.»②
ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا، Seres بىرقەدەر ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، Seres لىقلارمۇ سىرلىق چۈمپەردىسىدىن قۇتۇلغان. تارىخنىڭ چاقى يەنە 100 يىل ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، مىلادىيە 2- ئەسىرگە كەلگەندە، گىرېتسىيەلىك ئالىم پىتولېمى ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدە، Seres توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «سېرىس ئېلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئاننىبا تېغى ئوراپ تۇرىدۇ، نى شەرق تەرىپىدە ئوكساسىيان تېغى بار، يەنە بۇ ئەلنىڭ خىلۇمت مرىدا ئاسمرائەن، كاسىيان، تاگۇرۇس، خېمودېس، سېرىكۇس، روكورخاس تاغلىرى بار. بۇ ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى دەريا پ ئۆتىدۇ، بىرىنىڭ نامى ئوكورداس (Oechordas)، ئۇ ئوكساسىيان تېغىدىن باشلىنىدۇ، يەنە بىر مەنبەسى ئاسمرائەن تېغىدىن كېلىدۇ.

①،② جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977- يىلى نەشرى، 1- قىسىم، 19-، 20-، 21- بەتلەر.

يەنە بىر دەريانىڭ نامى بائۇتىس (Bautes)، ئۇ كاسىيان تېغىدىن باشلىنىدۇ. يەنە بىر مەنبەسى ئۇتتورروكورخاس تېغىدىن كېلىدۇ». سېرىس ئېلىنىڭ دائىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا، پتولېمى يەنە مۇنداق يازغان: «سېرىس ئېلىدە دامنا، پىئادا، ئاسمىرائە، تارخانا، ئىسسېدون سېرىكا، ئاسپاكارا، دروساچې، ئورروسانا، ئوتتورروكورخاس، سولانا، سېرا مېتروپولىس قاتارلىق داڭلىق شەھەرلەر بار.»[①]

غەربلىكلەرنىڭ Seres قا بولغان تونۇش جەريانىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە زېرىكمەستىن ئۇلارنىڭ ھەر خىل خاتىرىلىرىنى يىغدىم، ئۇنىڭ سېرىس توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى تەتقىقاتلىرىمىزغا زور پايدىسى بار. يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن بىز تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىمىز:

1. Seres شىمالىي ھىندىستان بىلەن سكىتىيانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا؛
2. Seres نىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، مەركىزىدە يەنە ئىككى چوڭ دەريا بار؛
3. باكتېرىيە ئارقىلىق Seres قا بارغىلى بولىدۇ؛
4. Seres تا سېرا ناملىق بىر چوڭ شەھەر بار، ئۇ مۇشۇ ئەلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، زېمىنى ناھايىتى كەڭ، ئۇ ئەلدە يەنە نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلەر بار.
5. Seres لىقلارنىڭ بويى ئېگىز، چېچى قىزىل، كۆزى كۆك، سودىغا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان.

## 2. Seres سۆزى (قەشقەر) دۇر

قەدىمكى غەربلىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، Seres ئۇ ھەرگىزمۇ پۈتكۈل جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالىي ھىندىستان بىلەن سكىتىيانلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، تۆت تەرىپىنىمۇ ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرمايدۇ، باكتېرىيەلىكلەرنىڭ تەسىر كۈچىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىگەن، جۇڭگولۇقلارمۇ قىزىل چاچ، كۆك كۆز ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى

① جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977 - يىلى نەشرى، 1 - قىسىم، 33 — 35 - بەتلەر.

ۋاقىتتىكى غەربلىكلەر جۇڭگونى تىلغا ئالغاندا، «Sinae» ياكى «Thinae» دەپ ئاتاپ، ئۇنى يەنە Seres نىڭ شەرقىدە دەپ يازغان. Seres چاڭئەن بىلەن لوياڭنى كۆرسىتىدۇ دېيىش تېخىمۇ ئاساسى يوق قىياستىن ئىبارەت. Seres — «ئوتتۇرىدا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىبىرىيەدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ» دېيىشمۇ خاتا.

Seres نىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان، ئوتتۇرىسىدا ئىككى چوڭ دەريا ئېقىپ تۇرىدىغان، شىمالىي ھىندىستان بىلەن سكىتىيانلار ئارىسىدىكى، شەرقىدە چىن دۆلىتى بولغان بۇ جاي تارىم ئويمانلىقى بىلەن ئىنتايىن ئوخشاش كېلىدۇ. مېلا مۇنداق يازىدۇ: «سېرىسنىڭ غەربىي شىمالىدا تابىس تېغى دېگىز قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.» بۇ يەردە ئېيتىلغان «دېگىز» بولسا، «ئىسسىق دېگىز» يەنى بوگونكى ئىسسىق كۆلدۇر. تابىس تېغى بولسا، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ۋۇگۇسۇن جوڭرۇي ئۆزىنىڭ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە تىلغا ئالغان «تابىسخان تېغى» بولۇپ، ئۇرنى «益离» (伊犁) نىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئايلانمىسى 50 — 60 چاقىرىم، ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلىغان، قارا ئارچا بىلەن قاپلانغان، تاغ باغرىدا بۇلاقلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل»[1] جاي. مېلا تىلغا ئالغان سېرىسنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان «释启» لار بولسا، غەربلىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ساكلار» (塞种) بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككى خەن، ۋېي - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە «塞»، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى بۇددا نوملىرىدا «释种» دەپ ئاتالغان كىشىلەر بولۇپ، ئىككى خەن دەۋرىدە كۆكئارت (پامىر) ھەمدە ئۇنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. پىتولېمى تىلغا ئالغان Seres نىڭ ئەتراپىنى ئوراپ

---

[1] ۋۇگۇسۇن جوڭرۇي: «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»گە قاراڭ، «归潜志» (جىن سۇلالىسىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان كىتاب)، 13 - جىلد.

تۇرغان تاگورۇس تېغى بولسا، تەڭرىتاغدۇر. يەنە سېرىكۇس (赛里库斯山) تېغى بولۇپ، «Cus» دېگەن سۆز «تاغ» دېگەن مەنىدە، «Seri» تاغنىڭ نامى بولۇپ، Seres نىڭ نامىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغىنى «ھىندىقۇش تېغى» (兴都库什山) بولۇپ، «شىمالىي ھىندىستان»نىڭ شىمالىغا جايلاشقان، خەنزۇچىدىكى «库什» بىلەن «库斯» ئوخشاش بولۇپ، «兴都»، «信德»، «身毒» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى «印度» (ھىندىستان)نىڭ ئوخشاش تاۋۇش، ئوخشىمىغان تەرجىمىلىرىدۇر. «兴都库什» دېگىنى «印度山» (ھىندى تېغى) دېگەن مەنىدە، «sericus» دېگىنىمۇ «سېرىس تېغى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ كۆكئارتتۇر. Seres نىڭ ئەتراپىدا دېيىلگەن ئوتتوروكورخاس بولسا، كۇچا بىلەن باينىڭ غەربىي شىمالىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئوتتۇرا تاغ ۋە كورخا تېغىدۇر؛ يەنە كاسىيان تېغى بولۇپ، بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چىلىيەنشەن ۋە كۇئېنلۇن تېغىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كاشىن تېغىدۇر. پتولېمى يەنە Seres تىكى بىرىنچى چوڭ دەريا «ئوكورداس» دېگەننى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ بۇددا نوملىرىدا تىلغا ئېلىنغان «阿耨达山» (كۆكئارت) تىن باشلىنىدىغان تارىم دەرياسىدۇر. بۇ دەريا قەدىمدە، «树枝水» ياكى «计式水»① دەپ

① «سۇ ئىشلىرى تەپسىرى. دەريا - ئېقىنلار قىسمى» دا، «شى جەمەتى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دىن ئۆزۈندە ئېلىپ: «阿耨达山، ئۇنىڭ ئۈستىدە زور سۇ مەنبەسى بار...... بۇ تاغدىن باشلىنىدىغان ئالتە ئېقىن بار» دېيىلگەن. سۇيى مۇقەررەر ھالدا 阿耨达山 تېغىدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ شۇ 阿耨达 نام بىلەن ئاتالغان. 阿耨达山 كۆكئارت (پامىر) تېغىدۇر، تارىم دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان سۇلى (قەشقەر) دەرياسى دەل كۆكئارتتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شايار ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ بىر بۆلىكى ئەل ئىچىدە ھازىرغىچە يەنىلا «ئاختالىيا» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ تاۋۇشى «阿耨达» غا يېقىن كېلىدۇ. بۇرۇن تارىم دەرياسى «阿耨达» دەرياسى دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ پتولېمى تىلغا ئالغان ئوكورداس دەرياسىدۇر (قەدىمدە «阿» «c» دەپ ئوقۇلغان)، كېيىنكىلەر ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چەرچەن دەرياسىنى 阿耨达 دەرياسى دەپ يازغان، بۇ خاتا.

ئاتالغان. «بائۇتېس دەرياسى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر دەريانىڭ كۆپ قىسىم ئېقىنى ھازىر قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت شەرقىي قىسمىدىكى «چەرچەن دەرياسى» نىڭ بىر قىسىم ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «يۈمېن ۋە ياڭگۈەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار: پىشامشاندىن چىقىپ، قورۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن دەريانى بويلاپ غەرب تەرەپكە مېڭىپ يەكەنگە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ...... ئالدى غۇز بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە مېڭىپ قەشقەرگە بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ.»[1] غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئىككى يولى ئاساسەن، جەنۇب ـ شىمال ئىككى دەريانى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭىدىغان بولۇپ، بۇ تاغ ـ دەريالارنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، Seres تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇقەررەر.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە، ئېلىمىز تارىخشۇناسى يازغان «ۋېي تارىخىدىن قىسقىچە بايانلار» نىڭ «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پىتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرى بىلەن «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دىكى Seres قا دائىر بايانلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن يەر نامىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. پىتولېمى سېرىستا داڭلىق شەھەرلەردىن دروساچې (Drosache) بار دېگەن بولسا، بۇ «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دىكى سۇلى (قەشقەر) گە تەۋە بولغان دېرو (德若) بۇ سۆز «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە خاتا ھالدا «亿若» دەپ يېزىلغان) ۋە يەكەن (莎车) دۇر. يەنە ئىسسېدون سېرىكا (Issedon Serica) بولۇپ، بۇ سېرىكوس تېغى ئارىسىدىكى ئىسسېدون قەبىلىسىدۇر، «伊塞顿» ئىنتىك ئوقۇلسا «塞» دەپ ئوقۇلىدىغان بولۇپ، بۇ سۇلىغا

---

[1] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

تەۋە بولغان «琴国» دۇر، «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە بۇ ئەلنى پامىر تېغى ئىچىدە دەپ خاتىرىلىگەن. يەنە چوڭ شەھەرلەردىن سېرا مېتروپولىس (Sera Metropolis) بار بولۇپ، ئۇ سېرىس ئېلىنىڭ پايتەختى، يەنى «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان سۇلى ئېلىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، پىتولېمى تىلغا ئالغان سېرىس شەھىرى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدىكى بايانلارغا ئۇيغۇن. يەنە پىئادا (Piada) شەھىرى بار بولۇپ، بۇ «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «槃橐城» بولۇپ، سۇلى (قەشقەر) شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 90 چاقىرىم يەردە①. يەنە توگارا (Thogara) شەھىرى بار، بۇ شەھەر ئەينى يىللىرى بەن چاۋ مۇداپىئەدە تۇرغان «它乾» شەھىرى بولۇپ، قەشقەر بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا. يەنە دامنا (Damna) شەھىرى يەنى «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەپسىرى» دە تىلغا ئېلىنغان «达漫» شەھىرى بار بولۇپ، شىمالدىن سۇلى (قەشقەر) بىلەن بولغان ئارىلىقى 140 چاقىرىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «乌罗撒那» ياكى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «乌即» شەھىرى بار بولۇپ، ھازىر «乌恰» (ئاقتۇ) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئازراق غەربىدە «ئۇلۇغچات» قەدىمىي شەھىرى بار بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىن 200 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. يەنە داكاتا (Daxata) بولۇپ، بەلكىم بۇ يەكەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي جاي «تاغارچى» بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 1- ئەسىردىن 2- ئەسىرلەرگىچە سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ كۈچى ناھايىتى كۈچىيىپ، يەكەننى ئەل قىلىپلا قالماستىن، ئۇدۇننىمۇ بويسۇندۇرغان، بەلكىم كۇسەن ئېلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىنلارنى ئىگىلەپ، ھەتتا يىراق شەرقتىكى جاگىي، جيۇچۇەنلەرگە پاراكەندىچىلىك سالغان②. شۇڭا، ئەينى دەۋردىكى سۇلى

① «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى».
② «كېيىنكى خەننامە. لى يىڭ تەزكىرىسى».

(قەشقەر) نىڭ زېمىنى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، بىر كىچىك ئىمپېرىيە دېيىشكە بولىدۇ. «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە: «ئۇنىڭغا قارام بەگلىك-لەر 11» دېيىلگەن، ئازراق كېيىنكى دەۋردە يېزىلغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئۇنىڭ چوڭ شەھىرىدىن 12 سى، كىچىك شەھىرىدىن نەچچە ئونى بار» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر سۇلى بەگلىكى توغرىسىدىكى ھەقىقىي تارىخلار بولۇپ، ھەممىسى پتولېمىنىڭ Seres توغرىسىدىكى مەلۇماتى بىلەن ئوخشاش. بۇ مىساللاردىن Seresنىڭ سۇلى (قەشقەر) ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

سۇلى (Surs)، يەنە بىر نامى شالى (Sarek). Seres سۆزىدىكى sere سۆز تومۇرى، كەينىدىكى «s» گىرېتسىيە ۋە رىملىقلار قوشقان ئاخىرقى تاۋۇش. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، Seres بولسا، Sarek ۋە Sure نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدۇر.

قەدىمكى سۇلى، ئۇنىڭ ئورنى بولغان ھازىرقى قەشقەر، جۇڭگو-غەرب قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، «يىپەك يولى» چوقۇم كېسىپ ئۆتىدىغان جاي. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «يۈمېن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار: پىشامشاندىن چىقىپ، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن تارىم، ياركەنت (ھازىرقى يەكەن) دەريالىرىنى ياقىلاپ، غەرب تەرەپكە مېڭىپ ياركەنتكە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ توخرىلار ۋە ئارساكقا بارغىلى بولىدۇ. ئالدى غوز بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، سۇلى (قەشقەر) غا بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگا ۋە ئائورسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاتناش لىنىيەسىدۇر. شەرقىي خەن ۋە ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەھۋالدا ئازراق ئۆزگىرىش بولغان. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى»دە مۇنداق يېزىلغان: «يول دۇنخۇاڭ، يۈمېنگۇەنلەر ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا

كىرگەندە، بۇرۇن ئىككى يولغا بۆلۈنەتتى، ھازىر ئۈچ يول بىلەن ماڭىدىغان بولدى. يۈمېنگۈەندىن چىقىپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ، چاقىلىق ئارقىلىق غەربكە بۇرۇلۇپ، پامىردىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق ئۇلۇغ توخرىلار يۇرتىغا كىرىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ؛ يۈمېنگۈەندىن چىقىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، قورۇقچى قۇدۇقى ئارقىلىق سەنلۇڭشاننىڭ شىمالى بىلەن قۇمقۇدۇقتىن غەربكە بۇرۇلۇپ، ئەجدىھا دۆڭىدىن ئۆتۈپ، كىرورانغا بېرىپ، غەربكە بۇرۇلۇپ كۆسەنگە بېرىپ، ئاندىن پامىرغا بارىدىغان يول ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلىدۇ؛ يۈمېنگۈەندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، خېڭكاڭ چۆلى، سەنلۇڭشا ھەمدە ئەجدىھا دۆڭىدىن ئۆتۈپ، بەش كېمىنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، غۇز بەگلىكىدىكى قورۇل چېرىكچىسى تۇرۇشلۇق جاي قوچۇغا كېلىپ، غەربكە بۇرۇلۇپ، كۆسەندە ئوتتۇرا يول بىلەن قوشۇلىدىغان يول غەربىي (شىمالىي) يول دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا يول قوچۇ، ئاگنى، سۇلى، پامىر بىلەن ۋاخاندىن ئۆتۈپ، ئۆرەتۆپە، كانگىيە، كېبۇت، كۇشان، بۇخارا، ئارساك ئارقىلىق پېرسىيەگە ھەم كاسپىي دېڭىزىغا بارغىلى بولىدۇ».

مەيلى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىككى يول ياكى شەرقىي خەن دەۋرىدىكى ئۈچ يول بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم قەشقەردىن ئۆتەتتى. غەربىي خەن دەۋرىدىكى جەنۇبىي يول يەكەن ئارقىلىق قەشقەر ئېلىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتۈپ پامىرغا بارغان، يەنى ھازىرقى ئىنجاگىنىڭ تاشقورغان ناھىيەسى ئارقىلىق غەربتىكى ئۇلۇغ توخرىلار ئېلىگە، غەربىي جەنۇبتا، كەشمىرگە بارغان. ئەمما، بۇ يول ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئەلچى ۋە كارۋانلار ئىنتايىن قورقىدىغان يول ئىدى، بۇ ھەقتە دۇچىن ئېنىق مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق يازغان: «گۇمىنىڭ جەنۇبىدا خەن سۇلالىسىگە قارىمايدىغان 4 — 5 بەگلىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر يەردە 100 دىن ئارتۇق چارلىغۇچى چېرىك بار. ئۇلار كېچىسى بەش جىك بويىچە تاك - تاك ئۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ دائىم بۇلاڭ - تالاڭ بولۇپ تۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى يول ئۈستىدىكى ئەللەرنىڭ ئات - ئېشەكلىرىدە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىقلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. بىراق، بەزى ئەللەر

كەمبەغەل ياكى كىچىك بولغاچقا، ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. بەزى ئەللەر قوۋۇلۇق قىلىپ ياكى چوگچىلىق قىلىپ تەمىنلىمەيدۇ. شۇڭا، ئەلچىلىك دەستىكى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى تاغلاردا ئاچ قېلىپ، بىر بۇردا نانغىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار تاغ - جىلغىلاردا قېلىپ، قايتىپ كېتەلمەي ئۆلۈپ قالاتتى. ئۇلار يەنە چوڭ باشئاغرىقتاغ، كىچىك باشئاغرىقتاغلار ئارقىلىق قىزىل توپا، ئىسسىق داۋانلاردىن ئۆتكەندە بەدەنلىرى قىزىپ، چىرايلىرى تاتىرىپ، باشلىرى ئاغرىپ قۇسۇشاتتى، ئات - ئۇلاغلارمۇ شۇنداق بولاتتى. ئەلچىلەرگە يەنە ئۈچ كۆل ۋە تاش داۋاندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ داۋان يوللىرى ناھايىتى تار بولۇپ، بەزى يەرلەرنىڭ كەڭلىكى ئاران 16 ياكى 17 ئىنچىلا كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بولسا 30 چاقىرىم كېلىدۇ. تىك قىيا، چوڭقۇر جىلغىلاردا يولۇچىلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە ماڭىدۇ. بەزىدە ئارغامچىغا ئېسىلىپ، بىر-بىرىنى تارتىشىپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باسقاندىن كېيىن، ئاندىن بولۇر تېغىغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنداق داۋانلاردىن ئۆتكۈچە ئات - ئۇلاغ غۇلاپ كەتسە، جىلغىنىڭ يېرىمىغا بارمايلا قىيما - چىيما بولۇپ كېتىدۇ. ئادەملەر غۇلاپ كەتسە، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىش تۇرماق، ئۇنىڭغا قاراشمۇ مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، بۇ يولنىڭ خەتىرىنى سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.»[①] شۇڭا، جەنۇبىي يولدىن ماڭغۇچىلار، ھەمىشە يەكەن ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر دەرياسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ پامىردىن ئۆتۈپ، تېرەك داۋان ئارقىلىق ياكى شىمالغا قاراپ مېڭىپ، پەرغانە، كانگىيە، ئاۋرسىغا، ياكى غەربكە قاراپ مېڭىپ، باكتىرىيە، ئارساك، رىم ياكى گىرېتسىيەلەرگە باراتتى. شۇڭا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «سۇلىنىڭ بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە ۋە كانگا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان».

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

غەربىلىكلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، باكتېرىيە، رىم، گرېتسىيە قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان «يىپەك يولى» مۇ قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتكەن. پىتولېمى مۇنداق يازغان: «بۇ يەردىن (باكتېرىيەنىڭ بودىيان شەھىرى) داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، كومېدى (Comedi) ئېگىزلىكىگە چىقىپ، يەنە جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، جىلغا ئاغزىغا بارغاندا ئېگىزلىك ئاخىرلىشىدۇ. مارىنۇس بۇ ئېگىزلىكنىڭ غەربىي قىسمى شىمال تەرەپكە قىيسايغان، پىسادىم بىلەن بىر پاراللېلدا، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى جەنۇبىدىن قىيپاشراق، خارىسپاند بىلەن بىر پاراللېلدا، بۇ تاغ تىزمىسى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان، يوللىرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان. جىلغا ئاغزىدىن يەنە شىمالغا قاراپ 50 مىل ماڭغاندا، سىتاغا بارغىلى بولىدۇ، سىتا جىلغا ئاغزىغا جايلاشقان. بۇ يەردىن تاغ شەرققە سوزۇلۇپ، ئىموئۇس (Imous) تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ تاغ شىمالدىكى پالىمبوترا (Palimbothra) ئېلىدىن باشلانغان» دەپ يازغان. پىتولېمى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «مارىنۇس مۇنداق يازغان...... سىتادىن سېرىس، ئېلىنىڭ ئاستانىسى Sera غا يەتتە ئايلىق يول، دەل شەرققە 36 مىڭ 200 مەزگىل كېلىدۇ، بۇ سان ناھايىتى كۆپ، چوقۇم قىسقارتىش كېرەك...... ئۇ يەردىن يەنى سىتادىن سېراغا بارىدىغان يول بىلەن خارىسباندي ۋە پىسادىم بىر كەڭلىكتە، يامغۇر ۋە تۇمانلىق كۈنلىرى كۆپ، يولدا توختاپ ماڭىدىغان جايلار كۆپ»[1]. «سىتا» بىلەن «كومېدى» ئېگىزلىكى توغرىسىدا، مىلادىيە 4- ئەسىردە ئۆتكەن رىم تارىخشۇناسى ئاممىئنۇس مارسېلىنۇس مۇنداق يازغان: «(سىكىتىيانلار) بىلەن قوشنا بولغان ساكلار بولسا، بۇ بىپايان گىياھ ئۈنمەس زېمىندىكى ۋەھشىي مىللەت. بۇ زېمىندا بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تۇرمۇش ۋاستىسى، ئۇلارنىڭ ئېلىدە شەھەر يوق. ئاكانىمىيا

---

[1] جاڭ شىڭلاڭ: «جوڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977- يىلى نەشرى، 1- قىسىم، 47 — 51- بەتلەر.

بىلەن كومېدى تاغ تىزمىسى بۇ يەردىكى ئېگىزلىكنى (Acanimia) شەكىللەندۈرگەن. داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، نەچچە تاغ ئېتەكلىرىدىكى لىتنوس، پايىرگوس كەنتلىرى ئارقىلىق ئۆزۈن كەتكەن چوڭ يولغا چىققىلى بولىدۇ. سودىگەرلەر بۇ يەر ئارقىلىق سېرىسقا بارىدۇ»[①]. كومېدى ئېلى «كونا تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «俱蜜» بولۇپ، «بۇيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «拘迷陀» دۇر، ئۇ پامىرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ساركاب (Sarkab) دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. ساركابنىڭ يەنە بىر نامى قىزىل دەريا بولۇپ، ئوكسۇس (Oxus) نىڭ باشلىنىش مەنبەسىدۇر، شەرق تەرىپى قەشقەر دەرياسى بىلەن قوشنا. شۈڭا، غەربتىكى يىپەك سودىگەرلىرى گىرېتسىيە، رىمدىن چىقىپ، باكتېرىيەنىڭ بادىيان شەھىرى ئارقىلىق ئوكسۇسنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان ساركاب دەرياسىنى بويلاپ پامىر تېغىغا چىقىپ، يەنە قەشقەر دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە بارغان. بۇ بىرقەدەر يېقىن ۋە كەڭرەك بولغان يولدۇر. بۇ «يىپەك يولى» توغرىسىدا، سىتەين ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «شەرقتىن غەربكە بېرىشتىكى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يىلاندەك سوزۇلغان يوللار ئارقىلىق قىزىلسۇ (Sarkab) دەپ ئاتىلىدىغان مۇنبەت بولغان قىزىل دەريا جىلغىسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ ئالاي تېغىدىكى تەبىئىي ئۆتكەل بولۇپ، قەدىمدە جۇڭگو ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن كەلگەن يىپەك سودىگەرلىرى مۇشۇ تاغ جىلغىسىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئوكسۇسنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا يېتىپ بارغان. بۇ يەكۈن مەيلى يەر شەكلى پاكىتلىرى، كىلىمات ئەھۋالى ھەمدە يەرلىكتە تارقالغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا بولسۇن ھەممىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يول توغرىسىدا، 2- ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك جۇغراپىيە ئالىمى پىتولېمى ئۆز ئەسىرىدە بۇرۇن ئۆتكەن ئۇستازلاردىن تەيلېرلىك مارىنئۇسنىڭ دەلىللەشتىن ئۆتكەن مۇھىم بىر خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ،

---

① Ammianus Marceuinus: Res Gestas, X XIII, 6, 60 — 68.

بۇ خاتىرىدە بايان قىلىنغىنى ماكېدونىيەلىكلەر، تىتىئانۇس، مائېس دېگەن ئاتالغان سودا ۋاكالەتچىلىرى، ھازىر بەلىخ دەپ ئاتىلىۋاتقان باكتېرىيە، ئاندىن جۇڭگونىڭ «سېرىس ئېلى» گە بېرىپ يىپەك سودىسى قىلىدىغان مۇساپە، يۆنىلىش شەرقتىن كەلگىنىنىڭ دەل ئەكسىچە. بۇ خاتىرىدە بايان قىلىنغان يول يۆنىلىشىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ناھايىتى بۇرۇنلا، قەدىمكى ساياھەتنامە ئۇستازى سىر ھېنرىي يۇلى بۇ يەردىن بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئىموستىكى كۇمېدويغا يېتىپ بارىدىغان تاغ جىلغىسىنىڭ قىزىل دەريا جىلغىسىدىكى قاراتېگىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، ئەرەب جۇغراپىيونلىرى بۇ يەرنى كۇمېد (Kumedh) دەپ ئاتىغان. بۇ قەدىمىي يول يۇقىرىغا يامىشىپ، ئوكسۇس دەرياسىدىن ئالاي جىلغىسىغا يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قاراتېگىن بىلەن شەرقىي تارماق ئالاي جىلغىسى، ئەمەلىيەتتە ئوكسۇستىن تارىم ئويمانلىقىغا بېرىشتىكى ئەڭ قولاي يول. دەرۋەقە، يەر شەكلى جەھەتتىن ئالاي جىلغىسى ئىككى ئوتتۇرىدا تەبىئىي يول بولۇشقا ماس كېلىدۇ، مەن ئۇ يەردە بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا تەلتۆكۈس بىلىپ يەتتىم»[①].
ئۇنىڭدا، دۆلەت سىرتىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ باكتىلارنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن ۋە دەلىللەپ چىققان: باكتېرىيەدىن ئوكسۇسنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ساركاب، كومېدى ئېگىزلىكى ۋە ئالاي جىلغىسى ئارقىلىق سېرىسقا بارغىلى بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بۇ Seres ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەت ۋە رايون ئەمەس، چوقۇم قەشقەر. جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى يىپەك، دەل تارىم ئويمانلىقىدىكى جەنۇب، شىمال ئىككى يول ئارقىلىق ئالدى بىلەن قەشقەردە توپلىنىپ، ئاندىن يەنە قەشقەر دەرياسىنى بويلاپ پامىرغا چىقىپ، ئاندىن ئالاي جىلغىسىنى بويلاپ ئوكسۇسنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ساركاب دەرياسى

---

① سىتەيىن: «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، 207-، 208-بەتلەر.

ئارقىلىق قاراتېكىن رايونىغا بېرىپ، يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ مېڭىپ، باكتېرىيە، ئارساك، رىم ۋە گىرېتسىيەلەرگە ياكى شىمالدا پەرغانە ۋە كانگىيەلەرگە توشۇلغان. قەشقەر ھەم جۇڭگو - غەرب قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى ھەم يىپەكنىڭ توپلىنىدىغان جايى ۋە يۆتكەپ توشۇش بېكىتى بولغان. رىم بىلەن گىرېتسىيە جۇڭگودىن يىراق، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسىملىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، ئەمما قەشقەر توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. شۇڭا، قەشقەردىن ئىبارەت يىپەكنىڭ توپلىنىدىغان جايى ۋە يۆتكەپ توشۇش بېكىتى، خاتا ھالدا «يىپەك ئېلى» بولۇپ قالغان.

### 3. قەدىمكى ئىزلار ۋە رىۋايەتلەردىكى ئۇچۇرلار

گىرېتسىيەلىك جۇغراپىيە ئالىمى ستىرابو ساياھەت خاتىرىسىدە باكتېرىيەنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇنىڭ ھەرقايسى بەگلىكلىرىنىڭ چېگرا پاسىللىرى سېرىس ۋە پارىينى (Phryni) ئەللىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ». ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىشەنچلىك، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىي ماتېرىيال مەنبەسى ماكىدونىيەلىك ئالېكساندېرنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن ئونېسىكرىتۇس (Onesicritus) نىڭ خاتىرىلىرىدىن كەلگەن، بۇ كىشى ئالېكساندېرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش سەپىرىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ يىل تۇرغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەسىگە ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، سېرىس ئېلىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشى تەبىئىي. ستىرابونىڭ باكتېرىيەنىڭ ھەرقايسى بەگلىكلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىگە كەلسەك، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلغان گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق كەلگەن.

بىر ھەيۋەتلىك ئىمارەت مىڭ يىللار قەد كۆتۈرۈپ بۇزۇلماي تۇرالايدۇ؛ بىر قەدىمكى تارىخىي پاكىت ھەممىشە دەۋرلەر بويى تارقىلىش سەۋەبىدىن ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلىيالايدۇ. شۇڭا، قەدىمكى ئىزلار ۋە رىۋايەتلەردىن تارىخنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش تەس ئەمەس. ستىرابونىڭ

قىرىقى خاتىرىلىرىنى بۈگۈنكى زامانىمىزدىكى تەتقىقاتلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولىدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1- جىلدتە مۇنداق يېزىلغان: «چوڭ شەھەرنىڭ شەرقىدىن 3 — 4 چاقىرىم جايدىكى تاغ باغرىدا چوڭ سامغاراما ئىبادەتخانىسى بار، راھىبلىرى 300 — 400. ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، گاندارا (قەندىھار) ئېلىنىڭ خانى كانىشكا قوشنا ئەللەرگە تەھدىت سېلىپ، يىراق ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپ، كەڭ زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇپ، پامىرنىڭ شەرقىغىچە يېتىپ بارغان. دەريانىڭ غەربىدىكى بەگلىكلەر قورقۇنچقا چۈشۈپ، تۇرغاق ئەۋەتكەن. پادىشاھ كانىشكا تۇرغاقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، قىش بىلەن يازدا ئۇلار تۇرىدىغان قەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغان: قىشتا ھىندىستاندىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردە، يازدا كاپىسىيا ئېلىدە، ئەتىياز بىلەن كۈزدە گاندارا ئېلىدە تۇرغان. تۇرغاقلار تۇرىدىغان ئۈچ يەردە سامغاراما ئىبادەتخانىلىرى ياسالغان. بۈگۈنكى كۈندە يازلىق تۇرالغۇسىدىمۇ سامغارا ئىبادەتخانىسى ياسالدى». بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان كانىشكا بويسۇندۇرغان «دەريانىڭ غەربىدىكى بەگلىكلەر»، سترابو تىلغا ئالغان «سېرىس» ۋە «پىرىينى» لاردۇر. «دەريانىڭ غەربىدىكى بەگلىك» كونكرېت قايسى ئەلنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭ باكتېرىيەگە يوللىغان تۇرغاقلىرى كىملەر؟ ئۇ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئېنىق ئېيتىلمىغان.

بۇ «دەريانىڭ غەربىدىكى بەگلىكلەر» زادى قايسى ئەللەر، بىز «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن مۇناسىپ جاۋاب تاپالايمىز: «ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى سۇلى بېگى ئەن گو تاغدىكى چېلىك پەننى جىنايىتى بولغانلىقى ئۈچۈن توخرى خانلىقىغا سۈرگۈن قىلدى، توخرى بېگى بولسا ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى. كېيىن ئەن گو ئاغرىپ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، شۇڭا بەگلىك ئىشلىرىنى ئانىسى باشقۇرۇپ تۇردى. ئۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە چېلىك پەننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىفۇنى سۇلى بېگى قىلىپ تىكلىدى، چېلىك پەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، توخرى خانىدىن ئىلتىماس

قىلىپ: «ئەن گۈنىڭ ئوغلى يوق، ئۇنىڭ جەمەتى ئىنتايىن ئاجىز، ئەگەر ئانا جەمەتىدىن بەگ تىكلەشكە توغرا كەلسە، مانا مەن ئىنفۇنىڭ ئانا تەرەپ ئاغىسى بولىمەن، مەن بەگ بولۇشۇم كېرەك» دېدى. توخرى بېگى لەشكەر چىقىرىپ ئۇنى سۇلىغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئادەتتە سۇلى خەلقى چېڭ پەننى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توخرىلارنىڭ قۇدرىتىدىن قورقاتتى، شۇڭا دەرھال ئىنفۇنىڭ بەگلىك تامغا ۋە تامغا بېغىنى تارتىۋېلىپ، چېڭ پەننى خان قىلدى. ئىنفۇنى بەنگاۋ قەلئە بېگى قىلىپ بەلگىلىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا يەكەن ئارقا - ئارقىدىن ئۇدۇنغا ئاسىيلىق قىلىپ سۇلىغا بېقىندى، سۇلى قۇدرىتى تېپىشقا باشلىدى، ئورۇن ۋە كۈچ - قۇدرەت جەھەتتە كۈسەن، ئۇدۇن بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بەگلىككە ئايلاندى. شۈندىنىڭ يوڭجيەن 2- يىلى، چېڭ پەن ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، خەن شۈندى چېڭ پەننى خەن سۇلالىسى چوڭ كاھىبېگى، ئاكىسىنىڭ ئوغلى چېڭ شۈننى ئەل مۇداپىئە كاھىبېگى قىلىپ بەلگىلىدى». سۇلى بېگى ئەن گۇ چېڭ پەننى توخرى (باكتېرىيە) گە ئەۋەتىپ، ئەن گۇ ئۆلگەندىن كېيىن توخرىلار يەنە ئۇنى قورۇقچى ئەسكەرلەر بىلەن سۇلىغا قايتۇرۇپ بەگلىك ئورنىغا چىقىرىشى، سۇلىلىقلارنىڭ توخرىلاردىن قورقۇشى، دەرۋەقە سۇلىنى توخرىلارغا قارام قىلىپ قويغان. چېڭ پەن كېيىن يەنە شەرقىي خەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «خەن سۇلالىسى چوڭ كاھىبېگى»لىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى، يەنە شەرقىي خەنگە تەۋەلىك بىلدۈرۈشى، بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋاللار؛ دەل «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى بايانلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، «دەريانىڭ غەربىدىكى بەگلىك» تەبىئىي ھالدا سۇلى، «سىرىس» تۇرغاقى دەل چېڭ پەن بولغان بولىدۇ.

باكتېرىيە قايسى ۋاقىتلاردا زېمىننى سۇلىغىچە كېڭەيتكەن؟ بىزگە مەلۇمكى، شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن چاۋنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلىگەندىن تارتىپ كۈچچىيىپ، بىر قېتىم توخارلارنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تارمار قىلغان. بۇ مەزگىللەردە كانىشكا تەبىئىي ھالدا شەرقىي قىسمىغا كۆز تىكەلمەيتتى،

ئەلۋەتتە. مىلادىيە 102 - يىلى بەن چاۋ قىرىپ شەرققە قايتىپ ئالمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رېن شاڭ قورۇقچىلىققا تەيىنلەنگەن، ئەمما ئۇ قارام بەگلىكلەرگە قارىتا بەكلا زىغىرلاپ كەتكەنلىكتىن، نەچچە يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. ئەن دى تەختكە چىقىپ، يوڭچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 107 - يىلى) «پەرمان چىقىرىپ قورۇقچىنى بىكار قىلىپ» قورۇل چېرىكچىسى ۋە بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېتىپ، غەربىي يۇرتتىن ۋاز كەچكەن. 16 يىلدىن كېيىن يەنگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 123 - يىلى) يەنە بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرت دورغايلىقىغا تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتتا قايتىدىن ئەمىنلىك ئورناتتى. ئارىدىن 22 يىل ئۆتۈپ، «ياڭجيا يىللىرىدىن كېيىن خەن ئوردىسىنىڭ نوبۇزى ئاستا - ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر يەنە زورلاۋانلىشىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. يۇەنجيانىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 152 - يىلى) دورغاپ ۋاڭ جىڭ ئۇدۇنلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۇڭشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 153 - يىلى) ئارقا غۇز بېگى يەنە تىرىقچى خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى». شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى. دۇنيادىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك كانىشكانىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتىنى مىلادىيە 78 - يىلىدىن مىلادىيە 144 - يىلىغىچە دەپ قارايدۇ. شۇڭا، باكتېرىيەنىڭ سۇلىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى ئېھتىمال مىلادىيە 107 - يىلدىن 123 - يىلى ئارىلىقىدا بولۇشى مۇمكىن.

باكتېرىيەگە قارام بولغان «دەريانىڭ غەربىدىكى ئەل» نىڭ سۇلى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر خاتىرىدىنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. «بۈيۈك مېھىر-شەپقەتلىك سەنزاڭ ئاچارى تەزكىرىسى» نىڭ 2 - تومىدا، شۇەنزاڭنىڭ كاپىسىيا ئېلىگە بارغانلىقى، ئۇ يەردە ھىنايانا ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، «Sareka» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى يېزىلغان. سۇلى يەنە يى جىڭنىڭ «سانسكرىتچە سۆزلۈك»ىدە «Sarega»، شىنەندىكى سۇرىيە يېزىقىدىكى ئابىدىدە «Sarag» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقى تېكىستتىكى

تۇرغاق شاھزادىلەر ئۈچۈن ياسالغان ئىبادەتخانىنىڭ نامى بولغان «Sareka»، «سانسكرىتچە سۆزلۈك» ۋە «Sarega»، سۈرىيە يېزىقىدىكى ئابىدىدىكى سۆلىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، 疏勒 (Sure) ۋە 沙勒 (Sarek) نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدۇر. «沙落伽寺» دېگىنى «疏勒寺» دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، باكتىرىيە خانلىرى زېمىنىنى كېڭەيتىپ يېتىپ بارغان زېمىن Seres شۇبھىسىزكى سۆلى (قەشقەر) دۇر.

### 4. تارىخي خاتىرىلەرنىڭ سەۋەنلىكى

رىم ئالىمى پىلىنىي ئۆزىنىڭ «تەبىئەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، سېرىسلىقلارنىڭ «بويى ئېگىز»، «چېچى قىزىل، كۆزى كۆك»، «سودىغا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان» لىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە ئاساسەن، ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، دەرۋەقە ئۇلار غەربلىك تىپىگە كىرىدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1- جىلد «گاندارادىكى تۇرغاقلار» دېگەن بابىدىكى: «ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا تۇرغاقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، قىياپەت ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، مەيلى تاشقى قىياپەت ياكى كىيىم - كېچەك جەھەتتىن بولسۇن، يەنىلا خۇاشيالارغا ئوخشاش بولغان. نېمە ئۈچۈن «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرگە ئوخشايدىغان» سۆلىلىقلارنى «قىزىل چاچ، كۆك كۆز» غەربلىكلەر دېگەن؟ بۇ بىر تارىخي خاراكتېرلىك سەۋەنلىك بولۇپ، سوغدلارنى سۆلىلىقلار دەپ خاتا تونۇپ قالغان.

سوغد (粟特) يەنە سوغداق (索格达克) دەپمۇ ئاتالغان، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «粟戈»، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بىلەن «جۇنامە. يات يۇرتلار تەزكىرىسى» دە «粟特» دەپ ئاتالغان. «سۇينامە» دە «萧特» دەپ يېزىلغان. ئۇ پامىرنىڭ غەربىي، كانگىيەنىڭ جەنۇبى، بۇخارانىڭ شەرقى،

تۈمۈرقاپىقنىڭ شىمالى يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاھالىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، گەرچە ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى بولسىمۇ، باشتىن - ئاخىر يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇپ باقمىغان. ئولتۇراق ھالەتتىكى سوغدلار، ئەمگەكچان دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ، ئەمما زور كۆپچىلىك سوغدلار سىرتلارغا چىقىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. سوغدلار گۆدەكلىكىدىن باشلاپلا، پايدىغا ئىنتىلىش روھى بويىچە تەربىيەلەنگەن، ئەمدىلا مېگىشنى ئۆگەنگەندە، ھېساب ئۆگىنىشنى باشلىغان، ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، چوڭلىرىغا ئەگىشىپ سىرتلارغا چىقىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىغان. جاڭ چيەن «غەربكە سەپەر» قىلىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب قاتنىشى ئەمدىلا ئېچىلغان ۋاقىتلاردا، سوغد سودىگەرلىرى پامىرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ئىنتايىن ئاز ئۆتكەن. شۇڭا، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن بۇخاراغىچە ئەللىرى كۆچلۈك، تىلى باشقىچە، ئەمما ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن ئوخشاش، ئۆزئارا تىلىنى چۈشىنىشىدۇ، ئادەملىرى ئورا كۆز، ساقاللىق، سودىغا ماھىر بولۇپ، بىر يارماق ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن غەرب قاتنىشى ئاۋاتلىشىپ، غۇز سودىگەرلىرى (ئاساسلىقى سوغد سودىگەرلىرى)، غۇز راھىبلىرى (ئاساسلىقى توخرى ۋە كەشمىر راھىبلىرى) دىن شەرققە كېلىدىغانلىرى كۆپەيگەن. ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە (پىتولېمى ۋە پىلىنىي ياشىغان دەۋر)، سوغد سودىگەرلىرى جۇڭگو - غەرب سودىسىنى دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالغانىدى. ئۇلار تۈركۈملەپ كارۋان تەشكىللەپ، بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ پامىردىن ئۆتۈپ، «يىپەك يولى» دا نۇرغۇن سودا نۇقتىلىرىنى قۇرغان. ئۇلار ھىندىستاندىن مەرۋايىت، ياقۇت قاتارلىقلارنى، گىرېتسىيە، رىم، بۇخارالاردىن ئەينەك، ھېقىق، مەستىكى رۇمى قاتارلىقلارنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى، خوتەندىن قاشتاش قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ،

جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتقان، ئاندىن جۇڭگودىن خام يىپەك ۋە دورىدۇنلارنى سېتىۋېلىپ، يىراقتىكى رىم، گىرېتسىيەلەرگە توشۇپ ساتقان. ۋېي سۇلالىسى تەيۋۇ خانى توباتاۋ تەيپەننىڭ 5- يىلى (مىلادىيە 439- يىلى) شىمالىي لياڭنى جازا يۈرۈشى قىلىپ، گۇساڭ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) نى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا، «ئۇ ئەلنىڭ (سوغد) سودىگەرلىرى ئالدى بىلەن لياڭ خانلىقى زېمىنىغا توپلىنىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان» بولۇپ، ئادەم سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان. جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭ، پىشامشان قاتارلىق جايلاردىكى سوغد سودىگەرلىرى ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس ئىدى. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «قوچۇنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەل كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئورا كۆز، قاڭشارلىق». 4-، 5- ئەسىرلەرگە كەلگەندە، سوغدلارنى ئاساس قىلغان غەربىي غوز سودىگەرلىرى قوچۇنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىگە ئايلىنىپ، «خۇاشيالىقلارغا ئوخشايدىغان» يەرلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان.

سوغدلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇچرىشىدىغان يات مىللەتلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ تىلمۇ رايوننىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرق پەيدا بولغان. تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، سوغد تىلى d دىيالېكتى ۋە L دىيالېكتى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئۆز تۇپرىقىدا ياشاپ، دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان سوغدلار d دىيالېكتىدا سۆزلەشكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «sogid»، «sogidak» دەپ ئاتىغان؛ ئەكسىچە، سىرتلارغا چىقىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوغدلار كۆپىنچە L دىيالېكتىدا سۆزلىشىپ، ئۇلار g تاۋۇشىنى L تاۋۇشىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «Solik»، «Soli» دەپ ئاتىغان، خەنزۇچە تەرجىمىلىرىدىن يەنە: «سانسكرىت تىلىدىكى ئەبجەش ناملار» دا «Süli» (苏哩)، «ئەقىل-پاراسەت تەلىماتى» دا «Süli» (修利)، «寄归内法传» دە «Solika» (速利迦) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلى (Sure) ۋە

Sarek) نىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى سۇلىنىڭ دۆلەت نامىنىڭ Soli ياكى Solik تىن كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كۆزقاراش خاتادۇر. سوغدلارنىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا كىرىشى خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئىش، سۇلىنىڭ دۆلەت نامى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. «Sure» ، «Sarek» دېگەنلەر سوغد تىلى ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ھۇن تىلى بولۇپ، «سېرىق» دېگەن مەنىدە[1]. بىراق، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «疏勒» ، «利窣» ئاسان ئارىلىشىپ كېتىدۇ، مىلادىيە 2- ئەسىردىن كېيىن سۇلى (قەشقەر) دىكى سوغد سودىگەرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغان. شۇڭا، يىراق گىرېتسىيە ۋە رىملىقلار

---

[1] چاگچىگىغا يېقىن جايلاردىكى موڭغۇل تىلىدا، «سېرىق» نى «Sira» داغۇر ۋە شىبە تىلىدا «Sara» ، ئۇيغۇر تىلىدا «Sarek» ، قەدىمكى سىيانبېي تىلىدا «Sarag» دەپ ئاتايدۇ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېلىنگا دەرياسىنىمۇ «Sarag» دەپ ئاتايدۇ. «Sarag» نىڭ تاۋۇشى «疏勒» دېگەن نامدىكى «Sarag» بىلەن ئوخشاش، «Sarek» قا يېقىنلىشىدۇ. سېلىنگا دەرياسىمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «黄河» ياكى «潢河» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى «疏勒» دەرياسىنىڭ مەنىسىمۇ «黄河» (سېرىق دەريا) دېگەن مەنىدە. قەشقەر ئەتراپىدىكى «疏勒河» نىڭ مەنىسىمۇ «黄河» دېگەن مەنىدە. چۈنكى، سۇلىنىڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىش. بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كۆپ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھۇنلارنىڭ پەيدا بولغان جايى بولغان سېلىنگا دەريا بويى بىلەن سيانبېي، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولغان جايلىرى يېقىن، تىللىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا «疏勒» (sare) دېگەن سۆز ھۇن تىلى بولۇپ، «سېرىق» دېگەن مەنىدە. قەشقەر ئەتراپىنىڭ تۇپا قاتلىمى قېلىن، ئەتىيازدا قار - مۇزلار ئېرىگەندە، سۇلى دەرياسى سېرىق رەڭدە كۆرۈنىدۇ، شۇڭا قەدىمدە «سېرىق دەريا» دەپ ئاتالغان.

تەبىئىيلا سوغدلارنى خاتا ھالدا سۆلىلىقلار (قەشقەرلىكلەر) دەپ قاراپ، Seres لىقلارنى «قىزىل چاچ، كۆك كۆز»، «سودىغا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان» دەپ قارىغان.

(بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىلى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» نىڭ 1- تومىدىن تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى غوپۇر)

# قەشقەرنىڭ نامى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات①

مورىياسۇ تاكائو (ياپونىيە)

سۇلى «疏勒» دېگەن نام خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرنى ئاتىشى ئىدى. بىراق، سۇلى «疏勒» دېگەن سۆز بىلەن قەشقەر پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. لېكىن، قەشقەر دېگەنگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان خەنزۇچە تەلەپپۇز ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە خۇي چاۋنىڭ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى»دىكى 迦师祇黎 دېگەن سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا ka - si - giet(>gier)liei دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى، بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئۇچۇر ئىدى. خۇي لىن «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ يەرنىڭ نامىنى ئوخشاشلا 迦师佶黎، ka - si - giet(>gier)liei دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەبەرى ۋە باشقا ئەرەبچە تارىخىي مەنبەلەردىمۇ قەشقەر دېگەن بۇ نام كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 11 - ئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىمۇ بۇ نام ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خۇي چاۋنىڭ «ئۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنى 迦师祇黎 دەپ ئاتايدىكەن» دەپ خاتىرىلىشىدە قىلچە مەسىلە يوق. پائول پېللىئوتنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، غەربلىكلەر ئەڭ دەسلەپ 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ يەرنى

---

① مورىياسۇ تاكائو (ياپونىيە): « «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى» دىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 2006 - يىلى 3 - سان.

لاتىن يېزىقىدا Chassar، Casahar، Chasahar، Chaschar، Cascar دېگەن شەكىللەردە خاتىرىلىگەن. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيكى، پائول پېللىئوت ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى Cascar دېگەن سۆزنى ناھايىتى تەپسىلىي شەرھلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن راھىب شۈەنزاڭ بۇ يەرنى چۇشا (佉沙) دەپ ئاتايدۇ. شۈەنزاڭنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن يېزىلغان «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» سۇلى ماددىسى (تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى: 6233) دىمۇ سۇلىنىڭ نامى چۇشا (佉沙)، ئاستانىسى جياشى (迦师) دەپ خاتىرىلەنگەن. شىراتورى كۇراكىچى {(1912—1913/1970) 1941b—، 1941a:29} بىلەن پائول پېللىئوت (Pelliot, 1959:204) شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن چۇشا (佉沙)، جياشى (迦师) دېگەنلەر بولسا 迦师信黎 بىلەن 迦师祇黎 نىڭ يەنى قەشقەر (kashghar) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا مەسىلە يوق. بىراق، بۇ نۇقتىدا بىر مەسىلە بار. شىراتورىنىڭ ئاساسى بولسا، ئابۇلغىدا، تەبەرى قاتارلىقلار بىلەن دەۋرداش بولغان غەرب مەنبەلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنى كاش (Kaš) دەپ ئەمەس، بەلكى قەشقەر (Kashghar) دەپ ئاتىغان. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغان يەرلىك ھۆججەتتە يەنى تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى كاش (Kaš)قا يىغىنچاقلىساق بولىدۇ: 820- يىلىنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ مەرسىيەسى بولغان ماھرناماگ (Mahrnamag) دا «كاش (Kaš) خانى» (75- قۇر)، «كاش (Kaš) لىق ئايال» (146- قۇر) دېگەن مەزمۇنلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، سوغد تىلىدىكى دۆلەتلەر جەدۋىلى نافرناماگ (Nafrnamag) دىكى «كاش (Kaš)لىق» دېگەن مەزمۇنلار كاش دېگەن نامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ (مۇللېر، 1912- يىلى، 11 — 15- بەت؛ ھېنىنىڭ 1938- يىلى، 566 — 567؛ 1940- يىلى: 8، 10). بۇنىڭدىن باشقا، 10- ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ياشىغان ئاتاقلىق تەرجىمان راھىب سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ

(Singqu Sali tutung) شۈەنزاڭنىڭ «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى راھىبلار تەزكىرىسى» («慈恩传») نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسىدىكى قەشقەرنىڭ نامى بولغان چۇشا (佉沙) بىلەن سۆلىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا كاش (KaŠ) دەپ تەرجىمە قىلغان، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ بەزى چاغلاردا خەنزۇچىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى خەنزۇچە تەلەپپۇزى بويىچە ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. لېكىن، ئۇيغۇرلارغا بەكلا تونۇشلۇق بولغان يەر نامىلىرىنى خەنزۇ تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى بويىچە ئالماستىن، تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە ئالغان (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى 屈支 نى kuŠän / kusān، 于阗 نى odun / udun، 纳缚波 نى Nop، 睹货罗 نى Toxri دەپ ئالغان). شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە كۆرۈلگەن كاش دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ خەنزۇچە ئەسەردىكى چۇشا (佉沙) نىڭ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ تەلەپپۇزى بولماستىن، چوقۇم تۈركلەرگە تونۇشلۇق نام ئىدى (توگۇشىۋا: «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى راھىبلار تەزكىرىسى»، ئادەتتە يەنە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېيىلمۇ ئاتىلىدۇ، 1980 - يىلى). باشقا بىر پارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەت (THT3097 . ch/u3917) تە كاش (KaŠ) تالاس (Talas)، كۈسەن (KuŠan/Kuça)، ئاگنى (Argi/Qarasar) قاتارلىق يەر نامىلىرى بىلەن بىرگە كۆرۈلىدۇ (Zieme، 1976 ,249 — 248).

كاشگەر / كاشغەر (Kashgar/kāŠgar) دېگەن يەر نامى ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇ مەنبەلىرى ئىچىدە خۇي چاۋنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كاش (kash / kaŠ) دېگەن يەر نامى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن كۆرۈلگەن. مەسىلەن، پىتولېمى (Ptolemaios) نىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدىكى كاسىيە (kasia)، «ۋېي تەپسىراتلىرى» دىكى جيې شى (竭石)، ساسانىيلار خانلىقىنىڭ خانى شاپۇرانىڭ ئابىدىسىدىكى كاش (KaŠ)، فا شيەننىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دىكى جيې چا (竭叉)، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دىكى جياشى لوجى (迦舍罗逝)، «راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. جىمىگىنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرۈلگەن (奇沙) چىشا،

سـۈي سۇلالـسـى دەۋرىـدە تەرجىمە قىلىنغـان «بۇددانىـڭ يـارالمىش توغرىسىدىكى نوملار توپلىمى»دىكى كېچ شا قاتارلىقلار بار [شىراتورى كۇراكىچى 1941a، 28 — 30 ـ بەت؛ 1941b، (1912 — 1913 / 1970): 149 — 163]، [پېللىئوت: 1959 ـ يىلى، 201 — 204]، [سىمىت: 1971؛ 345 — 346]. ئۇرغۇن ئالىملار بۇ نامالار قەشقەر (Kashghar) دېگەن نامنى كۆرسىتىدۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شىراتورى بىلەن پائول پېللىئوت بۇنىڭغا قارىتا گۇمانىي قاراشتا بولىدۇ. شىراتورى يۇقىرىقىلارنىڭ كۆپ قىسمى تاشقورغاننى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تاشقورغان بىلەن قەشقەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، پەقەت بۇ يەردە كۆرۈلگەن نام ئۇچۇن ئېيتقاندا، كاش (KaŠ) دېگەن نام بىرقەدەر قەدىمىي ئىدى. شىراتورى كۆزقارىشىدىكى يول قويۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، شىراتورىنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇشىغا ئاساسلانغاندا، «سۇلىنى كېچ شا دەپ ئاتاش سۈي سۇلالىسىدىن باشلانغان» دەيدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈلگەن كاش (KaŠ) سىستېمىسىدىكى قەشقەرنىڭ نامنى سۈي سۇلالىسىغا سۈرۈشكە بولىدۇ. قەشقەر (Kashghar) دېگەن نام خۇي لىننىڭ مىلادىيە 817 ـ يىلى يېزىپ تۈگەتكەن «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى»دە كۆرۈلگەندە، بۇ نامنى خەنزۇچە 迦师佶黎 دەپ خاتىرىلەپ، بۇنى «غوز تىلى، تاغ خانلىقى پامىر قورغىنى (葱岭镇) دەيدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خاتالىق ئەمەس. ئۇنداقتا پامىر قورغىنىنىڭ قەدىمكى نامى كاشتىن كەلگەنمۇ قانداق؟

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كاش (Kash / KaŠ) بولسا قەشقەر (Kashghar) / كاشغەر (kaŠgar) / دېگەنلەرنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى دېيىش توغرا دەپ قارايمەن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئەكسىچە، كاش (KaŠ) ئەسلىدىكى نام بولۇپ، باشقا قوشۇمچە ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كاشغەرىي (kashgiri)، كاشغەر (kasgar)، قەشقەر (kashghar) قاتارلىق يەر نامىلىرى شەكىللەنگەن. بۇ نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈسۈلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن چىقىرىلغان يەكۈننىڭ نەتىجىسى

بەيلىپى بىلەن ئوخشاش چىقتى. بىراق، كاش (KaŠ) بىلەن ئۇنىڭغا قېتىلغان قوشۇمچىنىڭ مەنىسى ھەممە سۇلى دېگەن نامنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى، مەنىسى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، شۇڭداقتىمۇ بەيلىپىنىڭ يېڭى شەرھىيسىنى پۈتۈنلەي قوللاپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىلگىرى نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەر بولغان، بۇنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنىڭ ئىلمىيلىكى ئىشەنچلىك ئەمەس. بۇ نۇقتا خۇسۇسىدا يەنىلا ئالدىدا بايان قىلغان پائول پېللىئوتنىڭ ماقالىسىدىكى شەرھلەردىن پايدىلىنىش لازىم.

قەشقەرنىڭ ئاھالىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇسەن — قاراشەھەر — تۇرپان رايونىدىكى توخارلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى خوتەن رايونىدىكى خوتەنلىكلەرگە ئوخشاش ھىندى ياۋروپا سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، تىلى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خوتەن تىلىغا يېقىنلاپ قالاتتى. تىبەتلەر بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنى گاجاك (kanjag ~ Ga - jag) دەپ ئاتىغان بولسا، تۈركلەر كەنچەك (kãnçak) دەپ ئاتىغان. تىبەت تىلىدىكى «خوتەن ئېلى خاتىرىسى»دە خوتەن خانى ۋىجايا سىمھا (vijaya - simha) خان دەۋرىدە گاجاك (kanjag - Ga - jag) لارنىڭ خانى خوتەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان. كېيىنچە خوتەن خانىنىڭ كەڭچىلىكىگە ئېرىشىپ راھىب بولۇپ شۇلىگ (shu - lig) غا بېرىپ دىن تارقاتقان. بۇ يەردىكى گا - جاك (kanjag - Ga - jag) دېگەن خەلق قۇجىتا دېگەندەك يەكەننى كۆرسەتمەستىن، پۈتكۈل قەشقەر رايونى (يەكەنمۇ ئۇز ئىچىگە ئالاتتى) دىكى ئىران سىستېمىسىغا تەۋە خەلقنى كۆرسەتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايگۈل قادىر

# سۇلى — قەشقەر يەرناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى[1]

ۋاڭ شياڭ

بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلار غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى سۇڭ سۇلالىسىغىچە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىدا سۇلى دۆلىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. سۇلى شەھىرى — بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى سۇلى دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان. ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە ئۇ 2100 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ نامىنى رايون ياكى جۇمھۇرىيەت نامى بىلەن ئاتاش — قەدىمكى زاماندا ئادەتتىكى قانۇنىيەت ئىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن سۇلى شەھىرى دېگەن نام بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن مۇشۇنداق ئاتىلىشقا ئاساسەن شەھەر ۋە دۆلەت نامىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. سۇلى دېگەن بۇ نام دۆلەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا سۇلى («ۋېينامە»)، شالى («دانىشمەن راھىب تەرجىمىھالى») دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاھاڭ تەرجىمىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە مۇنداق دېگەن:

[1] ۋاڭ شياڭ: «سۇلى — قەشقەر يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» (بىرىنچى كىتاب)، 1986- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 16 — 28- بەتلەر.

«بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى سۇلى دەپ ئاتىغان، شەھەر دەپمۇ ئاتىغان. تەلەپپۇز ھەر خىل بولغاچقا، «شىلىكىلى دودى» دەپ ئېيتىلغان».
دېمەك، بۇ يەردىكى «شىلىكىلى» — دەل «سۇلى» دېگەن سۆزنىڭ ئەنداش ئوقۇلۇشى بولۇپ، بۇ سانسكرىت تىلىغا مەنسۇپ (قەدىمكى ھىندىلارنىڭ بۇددىزم كىتابلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل). ئۇ «سۇلى» دېگەننىڭ بىر خىل تەرجىمە شەكلى، شۇنداقلا بۇ ئەينى زامانىدا مۇشۇ جاينىڭ ھەقىقەتەن پايتەخت «شەھىرى» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمدى كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلى دەپ ئاتالغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بازار (سۇلى بازىرى — سۇلى ئەمىر مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىدى) غا كەلسەك، ئەمىر مەھكىمىسى — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئوبلاست (1884 ـ يىلى قۇرۇلغان)، ھۆكۈمەت (1902 ـ يىلى قۇرۇلغان) ھەمدە مىنگونىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ناھىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى سۇلى بىلەن ھازىرقى قەشقەر ئىككى جايدا ۋە ئىككى نامدا بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىر.
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ سۇلى دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەر بار. مەسىلەن، بۈگۈنكى شىمالىي شىنجاڭدىكى گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ بەنجيېگو ئەتراپىدا سۇلى دېگەن بىر شەھەر بار. يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى تاش قەلئە دەپ ئاتىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي خەن دەۋرىدە سىركاۋۇل گېڭ گۇڭ مىلادىيە 75 ـ يىلى بۇ شەھەردە تۇرغان ھەمدە «تېۋىنىپ سۇلىدىكى چەشمە بۇلاقلارغا، چېكىندۇردۇق ھۇنلارنى» دېگەن مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، كېيىنكى زامانلاردا بەزىلەر بۇنى ئۇزاققىچە تارقىتىپ، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىگىچە ئېلىپ كەلگەن. ھازىرغىچىلىك گېڭ گۇڭنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاسارئەتىقىلەردىن بىرقانچە جايدا بار. ئۈچىنچى سۇلى شەھىرى — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى چېگراسى ئىچىدە بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇ يەر خۇالۇ شەھىرى دەپ ئاتالغان. دېمەك، بۇ يەر

خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۆلى دەرياسى ياقىسىغا جايلاشقاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ سۆلى دەرياسى ھېلىمۇ بار. لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شۇ يەردىكى بىر بېكىتىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى، سۆلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي چېكىسىگە جايلاشقان تاغ تىزمىلىرىمۇ سۆلى — نەنشەن تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەر نامىلىرىنىڭ شەرقتىن - غەربكە قاراپ سوزۇلغان ئىزلىرىدىن سۆلى دېگەن جاي نامىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

جاي نامىلىرى ھامان مەلۇم تارىخىي دەۋردە بەلگىلىك دائىرىدە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ تاغ، سۇ، شەھەر ۋە پايتەختلىرى «سۆلى» نامى بىلەن ئاتالغىنىدىن بۇنى قەدىمكى زاماندىكى مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن لىنىيە بويىچە شەرقتىن - غەربكە قاراپ سەپەر قىلىش جەريانىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، شىمالىي شىنجاڭدىن قەشقەر شەھىرىگىچە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى (ھازىرغىچە تەخمىنەن 6000 — 7000 يىل بولدى) بىر قاتار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىسى قېزىلدى ھەمدە بۇ يادىكارلىقلار سەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق بىرقانچە ئۆلكىلەر، شۇنىڭدەك ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئوخشاش خاراكتېردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن رايون جەھەتتىن ئۆزئارا ئۆتىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە شىنجاڭ دائىرىسىدە يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىن بۇرۇنقى كونا تاش قورال دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ يادىكارلىقلار تېخىچە تېپىلغىنى يوق. دېمەك، بۇلار يىراق قەدىمكى زاماندىكى سۆلىلىقلارنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۆلى دېگەن يەر نامىلىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ياپونىيەلىك ئالىم شىراتورى كۇراكىچى مۇنداق دەپ ئىسپاتلىغان: «بۈگۈنكى قەشقەر — خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا سۆلى دەپ ئاتىلاتتى»، تۈرك تىلىدا «سۇ» دېگەنلىك خەنزۇ

تىلىدا «水» دېگەن مەنانى بىرىدۇ، شۇڭا بۇ يەر «有水» (سۇلۇق) دەپ ئاتالغان (ئوقۇلۇشتا «疏鲁克» دېيىلىدۇ). قەشقەر دېگەن جاي — سۇيى مول، ئوت - چۆپلۈك، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا مۇشۇنداق دەپ ئاتالغان («ياقا يۇرتلارنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى توغرىسىدا بايان»). دېمەك، «سۇلى» دېگەن سۆز تۈركچە «سۇلۇق» دېگەن مەنانى بىرىدۇ دەپ قارايدىغان بۇنداق كۆزقاراش 40- يىللاردا ئىلىم ساھەسىدە خېلى ئەۋج ئالغان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تۈرك تىلىدىن كەلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇ» خەنزۇ تىلىدا يەنىلا «水» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى كۆزقاراشنىڭ ئاساسى ياردەمك قىلىدۇ. ئەمما، تۈرك مىللىتى ۋە ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تۈرك مىللىتىنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىن غەربىي دىيارغا يۆتكىلىشى بولسا، مىلادىيە 6- ئەسىردىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى. ۋاھالەنكى، سۇلى دېگەن بۇ نام مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنداقتا تۈرك مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنلار ھەرىكىتىدىن تارتىپ باشلانغان دەپ ئەسلەنسە، بۇنداق ھۆكۈم كىشىلەردە بىرمۇنچە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى يەنە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

سۇلى دېگەن جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوغدلاردىن كەلگەن دەپ قاراپ كەلدى.

سوغدلار — مىلادىيەدىن 5 — 6 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تاكى مىلادىيە 10- ئەسىرگىچە بولغان 1500 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خېشى كارىدورىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىلىرى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقى) دا جانلانغان قەدىمكى قەبىلە. ئۇلار سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مىلادىيەدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى بىرقانچە يۈز يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىدا ئۇزاق مۇددەت قويۇق پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا خېلى كۆپ سوغدلار مەھەللىسى بارلىقىنى يازغان. سوغدلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان تىل - يېزىقى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر، بولۇپمۇ كېيىنكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى مىلادىيەدىن 2 — 3 ئەسىر بۇرۇن خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقلىشىپ «يۈنرۇڭلار» دەپ ئاتالغان سوغدلار ۋە بۈيۈك ياۋچىلارنىڭ غەربىي جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بىر قىسىم سوغدلار قەبىلىسى خېشى كارىدورى ئەتراپىدىن بەلكى غەربكە، كېيىن يەنە جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى قەشقەر — قەدىمكى سۇلىغا كېلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ياكى بولمىسا سوغد تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر خېشى كارىدورىدىن شەرقتىن غەربكە قاراپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھېلىقى جايلاردا قەدىمكى سوغدلار تىلى «سۇلى» دېگەن نام قېپقالغان بولۇشى مۇمكىن.

سوغد تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى قەدىمكى ئىران تىلىغا مەنسۇپ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، قەدىمكى سوغدلار تىلىدا ئىككى خىل يەرلىك تىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «L» يەرلىك تىل، ئاساسلىقى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ قەدىمكى سۇلى دۆلىتىگە تارقالغان. «L» يەرلىك تىل سوغد (soghd) قەبىلىسى نامىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى d نى L قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن soghd (سوغېدي) سۆزى soghL (سوغېلى) شەكلىگە كەلگەن. جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا كەلگەندە، شۇ يەرنىڭ نامىغا ئاساسەن بۇ سۆزنى تەقلىد قىلىپ ئوقۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا 疏勒 (سۇلى) قىلىپ يازغان. چۈنكى، سۇلى دېگەن سۆز سوغد قەبىلىسىنىڭ نامى soghL دىن ئىبارەت. يىراق، قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان يەرگە نام بېرىشى تارىختا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمدى سوغد (سۇلى) قەبىلىسى نامىنىڭ مەنىسىنى بەزى كىشىلەر

«سائادەت» دەپ تەرىپلىشىدۇ. بەزى كىشىلەر گۆھەر ياكى قاشتاش دېگەن بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ھېلىمۇ «سۇلۇق» دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە بۇلار تېخى بېكىتىلگىنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

قەشقەر دېگەن ئىسىمنى سۇلى دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىش ئومۇمەن سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن بولغان دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قوللىنىلغان ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ نام 6- ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۈركلەر غەربىي دىيارغا كىرگەن چاغدىلا ئىشلىتىشكە باشلىغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدىمۇ يەنىلا سۇلى دەپ ئاتالغان. بۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەن دەۋرىدىكى يەر ناملىرىنى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە قوللانغانلىقىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

«喀什噶尔» دېگەن ئىسىمنىڭ «喀什» دەپ ئاتىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ قىسقارتىلغان ئاتالما بولسا كېرەك. بۇ يەردە مۇشۇنداق ئاتاق پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ پەقەت تىل فونېتىكىسى جەھەتتىكى كىچىككىنە پەرقتىنلا ئىبارەت. مىلادىيە 644- يىلى بۇ يەرگە كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ بۇ يەرنى «佉沙» (kax (a)) دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭ بۇنداق خاتىرىلىنىشى غەربىي دىياردىكى يەر ناملىرىنىڭ شۈەنزاڭنىڭ كۆپ ھاللاردا ھىندىلارنىڭ سانسكرىت تىل تاۋۇشىغا يېقىنراق ئاھاڭ بىلەن ئاتىغانلىقىدىن بولغان. بۇلار شۇ جايدىكى يەرلىك شېۋىنىڭ توغرا تەرجىمىسى بويىچە يېزىلمىغان، بەلكى بۇددىزم كالامنامىسى «تۇز پادىشاھى ئەپسۇنى» دا «khasa» دېگەن بىر نام خاتىرىلەنگەن. راھىب كاپورو تەرجىمە قىلغان كىتابتا «جياشى» دەپ يېزىلغان. يېڭى ۋە كونا تاڭنامىلەردىمۇ جياشى (伽师) دەپ خاتىرىلەنگەن. قەشقەر شەھىرىدە ھېلىمۇ بۇ خىل تەلەپپۇزنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ (ھازىرقى تۆت كوچا باشقارمىلىرىنىڭ بىرى) خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «چاسا» دەپ ئاتالغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. قېنى قاراپ باقايلى،

جياشى ــ چاسا ــ قەشقەر دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىدىنمۇ بۇنى بىر قاراپلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟
«喀什» (كاشى) دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «噶尔» (قەر) دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشى كېيىنكى ئىش. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن كېيىن چاۋشيەن مىللىتىدىن بولغان راھىب خۇي چاۋ دەسلىپىدە بۇ يەرنى «jiashi zhili» دەپ ئاتىغان («خۇي چاۋنىڭ ھىندىستانغا سەپەر قىلىش ئەھۋالى» غا قارالسۇن). ۋاھالەنكى، تاڭ سۇلالىسى راھىبى پېي خۇيلىنمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى «jiashijili» دەپ خاتىرىلىگەن («تارىخي جايلار تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» گە قارالسۇن). ئەلۋەتتە، بۇ خاتا بولمىسا كېرەك. بۇ ئىككى يېزىقنىڭ تاۋۇشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇلار ئوخشاشلا «قەشقەر» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىلىشى. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بۇ يەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئارىلىشىپ تۇرغاچقا، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش يەر ناملىرىنىڭ ئوقۇلۇشىدا بەزى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوقۇلۇشى بۈگۈنكى كۈندىكىسىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغىنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ــ قاراخانىيلار خاندانلىقى پايتەختىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە بولغان ھېلىقى دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتالغان «قاشقار»، «قاشقا» لارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رەسمىي بېكىتىپ يېزىلغان «قەشقەر» دېگەن بىر تاۋۇشنىڭ نەچچە خىل تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر.
«喀什» دېگەن سۆز تۈركچە «قاشتاش» دېگەن مەنىدە. بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىدىكى «قاراقاش» دەرياسىنىڭ «قارا قاشتاش» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلى دېگەن سۆزنىڭ «قاش» دېگەن بوغۇمى يەنىلا «قاشتاش» دېگەن مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «قەر» دېگەن سۆز قەدىمكى سوغد تىلىدا «رايون»، «دۆلەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ئەسلىدىن دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىغىچە

بولغان جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەن سوغد قەبىلىسى تېرەكتاغ تېغىزىدىن ئۆتۈپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ قەدىمكى سۇلى بوستانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، سۇلى تۇپرىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالغان. بۇلار «خەننامە» دە: «سۇلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن...... غىچە سوغدلار بار ئىدى» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتىدىن كۆپلىگەن سوغد تىلىغا مەنسۇپ يازمىلار قېزىپ چىقىلدى. تۈركلەر مىلادىيە 6- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچى، سىياسىي كۈچىنى قالقان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل، مەدەنىيىتىنىمۇ بۇ جايلارغا تامامەن سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈركچە «قاش» دېگەن سۆزنى سۇلى دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. ئەمما، بۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشىغان ۋە سوغد تىلىنى ئىشلىتىدىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ رايىغا تازا ياقمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزنىڭ ئايىغىغا ئۆزىدىكى ئەسلىي بار بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ قويۇشىمۇ تۇرغانلا گەپ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى خىل تىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان يەر نامى — قەشقەر دېگەن سۆز كېلىپ چىققان. بۇلار دەل شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تۈرك مىللىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا پەيدىنپەي تۈركلىشىشكە باشلىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەرگە يېقىن بولغان جايلاردا ئەزەلدىن قاشتاش چىقمىغانلىقى خاتىرىلەنگەن تۇرۇقلۇق، قەشقەر دېگەن سۆزنى «قاشتاش دۆلىتى» ياكى «قاشتاش توپلانغان جاي» ۋەھاكازا دەپ چۈشەندۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزنى شۇ جاينىڭ ئىسمىنى گۈزەللەشتۈرگەنلىك نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق چۈشىنىش لازىم. قەدىمكى زاماندا ھەممە مىللەتلەر دېگۈدەك قاشتاشنى گۈزەللىك ۋە بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئۇنى ئىلاھقا چوقۇنۇشنىڭ قورالى قىلىۋالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر بۇرۇندىن تارتىپ گۈزەل، باياشات جاي بولۇپ، تارىختا بىرقانچە قېتىم پايتەخت

قىلىنغان. شۇڭا، بۇ جاينى «قاشتاشتەك جاي» ياكى «مۇقەددەس جاي» دەپ شەرھلەش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

چەت ئەللەرنىڭ غەربىي دىيار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە قەشقەر دېگەن بۇ سۆز ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تارىخ، جۇغراپىيەلىك ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قەشقەرنىڭ دائىرىسىگە كۆپىنچىسى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار قوشۇۋېتىلگەن، بەزىدە ھەتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى دەريا ۋادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن. يەر - جاي ناملىرى ئۇقۇمىنىڭ بۇنداق قالايمىقانلىشىپ كېتىشى 15- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قەشقەر خانلىقىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چېگراسى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك كەڭ بولغان. رايونلارغا ئايرىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، 19- ئەسىردىن كېيىن چەت ئەللىك تارىخ - جۇغراپىيە ئالىملىرى قەشقەر شەھىرى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى جايلارنى قەشقەر دەپ ئېنىق ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە قەدىمكى قەشقەر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى كۆرسەتكەن چاغدا، قەشقەر دېگەن سۆزنى «قەشقەرىيە» دەپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۇلى دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قەشقەر دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، «سۇلى» دېگەن بۇ نام تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن. داۋگۇاڭنىڭ 8- يىلى (1828- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كونا شەھەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى)گە 20 چاقىرىم كېلىدىغان شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە يېڭى بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ۋە مانجۇ - خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ھەم پۇقرالىرى ئۈچۈن تۇرالغۇ جاي قىلغان. ئايرىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، قەشقەر كوناشەھەر (ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇر شەھىرى دەپ ئاتالغان) ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر دەپ ئايرىلغان (بۇ خەنزۇ شەھىرى دەپ ئاتالغان). 1884- يىلى شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ

قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ــ ۋىلايەت دەپ ئاتالغان (ئەينى ۋاقىتتا مەھكىمە دەپ ئاتالغان)، يېڭىشەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سۇلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ھەمدە سۇلى مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قارايدىغانلىقى بېكىتىلگەن؛ مەمۇرىي رايون ئورنى جەھەتتىن ئۇنىڭغا قارايدىغان «قەشقەر كوناشەھەر» بولسا، كوناشەھەر ناھىيەسى دەپ ئاتالغان ھەم بۇ يەر قەشقەر ۋىلايىتى سۇلى مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە بولغان. مىنگودىن كېيىن سۇلى ناھىيەسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كوناشەھەر ناھىيەسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان. 1952 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيە بازىرى ۋە شەھەر ئەتراپى ئاساس قىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەر رەسمىي ئىككى جاي ۋە ئىككى نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

# قەشقەرنىڭ تارىختىكى نامى[①]

**نىياز كېرىمى**

قەشقەر تارىختا «سۇلۇغ، سۇلى، سۇباش، قاشقىرى، ئوردۇكەنت» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىردە جاڭ چيەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھازىرقى قەشقەرنى «سۇلى» دەپ خاتىرىلىگەن، بۇ نام 8- ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. 8- ئەسىرگە كەلگەندە، تارىخىي ھۆججەتلەردە «سۇلى» دېگەن نام بىلەن بىرگە يەنە «قاشقىرى» دېگەن نامىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. «سۇلى» ئەسلىي «سۇلۇغ» دىن ئۆزگەرگەن. قەشقەر شەھىرى تۈمەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى، تەلۋىچۇك دەريالىرى ياندىشىپ ئاقىدىغانلىقى، سۈيى ئىنتايىن مول بولغانلىقى، بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، «سۇلى»، «سۇلۇق» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ جۇغراپىيەسىگە تازا باب كېلىدۇ. قەشقەر ئاۋات ئۆستەڭ ياقىسىدا ھازىرغىچە «سۇلۇغ» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر كەنت بار. «قەشقەر» دېگەن نامغا كەلسەك، مىلادىيە 8- ئەسىردە ئۆتكەن چاۋشىيەنلىك راھىب خۇي چاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» دە «پامىردىن بىر ئاي پىيادە يول يۈرۈپ سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەر بۇ جاينى (جياشىجىلىگو) (伽师祇离国) دەپ ئاتايدىكەن» دېيىلگەن. خۇي چاۋ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئالىم قۇيلان (خۇيلىن) «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرىدە، قەشقەرنى

---

[①] نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 11- ئاي نەشرى، 66 — 68- بەتلەر.

رجياشىجىلى» (伽师信黎) دەپ تىلغا ئالغان①. دېمەك، بۇ يەردىكى
امالق جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان «伽师祇离»
بگەن نام بىلەن «迦师佶黎» دېگەن نام «قاشقىرى» دېگەن نامنىڭ
مرانسكرىپسىيە قىلىنىشىدۇر. قاراخانىيلار دەۋرىدە «كاشغەر»، «ئوردۇ
ەنت» دېگەن نامالار بىلەن ئاتالدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا
«哈实哈儿» (قاشقار) دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى يىللىرىدا
«喀什噶尔» دەپ يېزىلغان، بۇ «قاشقىرى»نىڭ تىرانسكرىپسىيە
قىلىنىشى. دېمەك، ھازىرقى «قەشقەر» دېگەن نام ئىلگىرى
«قاشقىرى»، «كاشغەر»، «قاشقار»، «قاشقىر» دېگەن نامالار بىلەن
ئاتالغان. بىزگە مەلۇمكى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى بىلەن
خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدا «ق» ھەرپى يوق. شۇڭا، ئۇلار
«قا» ھەرپىنى «كا» ياكى «خا» بىلەن، «ق» ھەرپىنى «جى»،
«گ» ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، «كاشغەر، قاشقار، قاشقىرى» دېگەن سۆزلەر «قاشقىر»
دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەردىكى «قاش» سۆزى قانداقتۇر
قاشتاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەي، ئەكسىچە دەريانىڭ قېشى ياكى
دەريا ياقىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قىر» سۆزى بولسا تىرىلغۇ
ر دېگەن سۆزدۇر. تۇرپاندا «قاشقىر ئۈزۈمى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر
ل ئۈزۈم سورتى بار. مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇللا مەخسۇم② نىڭ
پىتىشىچە، بۇ ئۈزۈم ئەسلى قەدىمكى زاماندا قەشقەردىن تۇرپانغا
رقالغاچقا، «قاشقىر ئۈزۈمى» دەپ ئاتالغانىكەن. ھازىرقى قەشقەر
لگىرى «قاشقىر» دەپ ئاتىلىدىكەن. «قاشقىر» دېگەن سۆز
ەشقەرنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ئۇيغۇن، شۇنداقلا «سۇلى»

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1988- يىلى 3-، 4- سانلار،
- بەت.
② ئابدۇللا مەخسۇم تۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ، مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدا
لىم تەھسىل قىلغان كاتتا ئۆلىما.

(سۇلۇق) دېگەن نامىنىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھېلىمۇ قەشقەردە قاراقىر (قارا تۇپراق يەر)، ئاققاش (دەريانىڭ قېشىدىكى ئاپپاق شورتاڭ يەر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان) قا ئوخشاش قاش ۋە قىر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار.

# «سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا①

ئادىل مۇھەممەت

«سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش بىزگە سۇلى دېگەن نامنى ۋە سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىرمۇنچە جەھەتلەردىن ئىمكانىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، «تىلشۇناسلىقنىڭ ئېتىمولوگىيە تارمىقى مىللىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ھازىرقى زامان ئىستېمال دەۋرىگە يېتىپ كېلىش ئەھۋالىنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدۇ»[1].

قەشقەر — تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا — يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقان قەدىمكى بوستانلىق. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، قەشقەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى نامى «سۇلى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ نام ئەڭ ئاۋۋال «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى 1» دە ئۇچرايدۇ[2].

1. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى سوغد تىلى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «فونېتىكىلىق جەھەتتىن سوغد تىلى ‹d› ۋە ‹L› دىيالېكتلىرىغا بۆلۈنىدۇ...... ‹d› تىلى بويىچە، سوغدلارنىڭ ئىسمى Suod ياكى Sugdak دېيىلسە، ‹L› دىيالېكتىدا بۇ سۆز Suli ياكى Sulik دېيىلگەن. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدلارنىڭ تىلى ‹L› دىيالېكتىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك. قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئىسمى ‹سۇلى› سۆزى ‹سۇلۇق› سۆزىدىن كەلگەن»[3].

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي نەشرى.

2. چيەن بوچۇەن ئەپەندى: «سۇلى» قەدىمكى خۇن تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «...... داغۇر ۋە شىبە تىللىرىدا ‹黄› نى ‹Sara›، ئۇيغۇر تىلىدا ‹Serek›، قەدىمكى سىيانپى تىلىدا ‹sarag› دەيدۇ. موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ‹Sarag› ئىسىملىك بىر دەريا بولۇپ، تەرجىمىسى ‹سېلىنگا دەرياسى› بولىدۇ...... Sarag نىڭ تەلەپپۇزى ‹疏勒› دىكى Sarag بىلەن ئوخشاش، ‹Serek› بىلەن يېقىن كېلىدۇ. سېلىنگا دەرياسى خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا بەزىدە سېرىق دەريا (黄河) دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان. گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىمۇ سۇلى دەرياسى دېگەن بىر دەريا بار...... سېرىق دەريا دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەشقەردىكى سۇلى دەرياسى (هازىرقى قىزىل دەرياسى) نىڭ مەنىسىمۇ سېرىق دەريادۇر. چۈنكى، سۇلى بەگلىكى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئاۋۋال قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خۇنلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا هۆكۈمرانلىق قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغانىدى. ئۇلار (خۇنلار) ياشىغان سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى بىلەن سىيانپى، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ياشىغان جايى يېقىن، ئۇلارنىڭ تىلى ناھايىتى ئوخشىشىدۇ. شۇڭا، (疏勒) سۆزى خۇن تىلىدىكى ‹سېرىق› (黄) مەنىسىنى بېرىشكە ھەقلىق، قەشقەر ئەتراپىنىڭ تۇپىسى قېلىن، باھاردا قار - مۇزلار ئېرىگەندە سۇلى دەرياسىنىڭ سۈيى سېرىق رەڭگە كىرگەچكە، ‹سېرىق› دەريا (黄河) دەپ ئاتالغان[4].

3. ياپونىيە ئالىمى شىراتورى كۇراكىچى ئەپەندى «سۇلى» نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بۈگۈنكى قەشقەر خەن دەۋرىدە ‹سۇلى› دەپ ئاتىلاتتى. تۈركىي تىلىدا ‹水› سۇ، ‹有水› سۇلۇق دېيىلىدۇ. قەشقەر رايونىنىڭ سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان»[5].

«سۇلى» نامىغا بېرىلگەن يۇقىرىقى تەبىرلەردىن بىز مۇنداق چۈشەنچىگە كېلىمىز:

بىرىنچى، «سۇلى» نامى سۇلىدا ياشىغان سوغدلارنىڭ نامىدىن كەلگەن.

ئىككىنچى، «سۇلى» نامى قەدىمكى خۇن تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، «سۇلى» نامى تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ئەمدى بىز يۇقىرىقى يەكۇنلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىدەك «سۇلى» نامى سۇلىدا ياشىغان سوغدلارنىڭ نامىدىن كەلگەن دېيىلگەندە، بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سوغدلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەر (سۇلى ــ قەشقەر) گە كېلىش جەريانىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداقتا سوغدلار كىم؟ بۇ يەرگە قاچان، قانداق كەلگەن؟

سوغدلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىران خەلقلىرىنىڭ بىرى؛ ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 — 5 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيە 9 — 10 ـ ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ يىپەك يولى ۋاستە قىلىنغان سودا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە چوڭ رول ئوينىغانىدى. سوغدلار سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنبەت سوغديانا تۈپرىقىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، قەدىمكى چاغلاردا «سوغديانلار» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ جەنۇبىي چېگراسى تۆمۈر قاپقا (بوزغال ئۆتكىلى) بولۇپ، بۇ ئۆتكەلنىڭ جەنۇبىدا توخرىلار ياشىغان، غەربىدە سوغدلار، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزملىكلەرگە يېقىن قوشنا...... شىمالىي چېگراسى سىر دەريا بولۇپ، بۇ يەردە سوغدلار، قاڭقىللار (بۇلار تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن خەلق) غا قوشنا ئىدى. شەرقتە سوغدلار پەرغانىگە چېگراداش ئىدى[6].

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سوغدلار سودىگەرچىلىككە ماھىر بولۇپ، ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك سودا بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن سوغدلارنىڭ شەرققە

بېرىشىغا سەۋەب بولدى. «دۇنخۇاڭ، تاجىكىستاندىن تېپىلغان سوغدچە ھۆججەتلەرنىڭ مىلادىيە 4- ئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى»[7] نى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «1907- يىلى سىتەيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت تۇر خارابىسىدىن تاپقان مىلادىيە 1- ئەسىرگە ئائىت دەپ ھېسابلانغان بىر پارچە سودا ھۆججىتى»[8] نى سوغدلارنىڭ بۇ رايوندىكى ئەڭ دەسلەپكى شاھىتى دەپ ھېسابلىغاندا، سوغدلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ مىلادىيەدىن كېيىنكى 1- ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىز مانا مۇشۇ ۋاقىتنى سوغدلارنىڭ قەشقەر (سۇلى) دا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى دەپ پەرەز قىلساق، «سۇلى» نامى مىلادىيە 1- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكى «سۇلى» قەدىمكى ھۇن تىلىدىكى «سىرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى دېگەن قاراش يەنى چيەن بوچۈەن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «سۇلى بەگلىكى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئاۋۋال قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغانىدى» دېگەن بايانى بويىچە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، «سۇلى» قەدىمكى ھۇن تىلىدىكى «سىرىق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «سۇلى» نامى ھۇنلار تەرىپىدىن قويۇلغان. ئۇنداقتا ھۇنلار بۇ رايونغا قاچان كەلگەن؟

مەلۇمكى، ھۇنلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل چۆللۈكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209- يىلى باتۇر (مودۇن) ئۆز ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ھۇنلارغا تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ھۇنلار تېز قۇدرەت تېپىپ، «شەرقتە دۇڭخۇ (تۇڭگۇس) لارنى، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغان. جەنۇبتا لۇفەن خانىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيان خانىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان»[9] بولۇپ، چېگراسى «شەرقتە خۇەيخې، چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتىشاتتى. غەربتە

وخرى، دې، چياڭلار بىلەن تۇتىشاتتى»[10]، «شىمالدا خۇنيۇ، چۇشى، دىڭلىڭ، قىرغىز (خاككاس)، شىنلى ئەللىرىنى ويسۇندۇرۇپ»[11]. موڭغۇل چۆللۈكىدە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى چوڭ بىر دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت خەن خاقانىغا يوللىغان مەكتۇپىدا: «تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ - بەگلىكلەرنىڭ خىل، ئاتلارنىڭ قاۋۇللۇقى ئارقىسىدا، توخرىلار تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى. قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى. ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»[12] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، «مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئالتاي تاغلىق رايونى ھۇن دۆلىتىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگەن»[13] ئىدى. ئەگەر بۇ تەھلىلدىكى خۇلاسىنى تولۇق كۈچكە ئىگە دەپ قارىغىنىمىزدا، «سۇلى» نامى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنى ھۇنلار بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش «سۇلى» نامى تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. يەر - جاي نامىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئەھۋالىدىن سۆز ئاچقاندا، يەر - جاي نامىلىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت - شارائىتى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلىرى، قەھرىمانلار نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر...... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان»[14] بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيەلىك تەبىئىي شەرت - شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىسىم ۋە تارىخىي شەرت - شارائىت ئەكس ئەتتۈرگەن ئىسىم دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ يۈكسىلىشى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «سۇلى» دېگەن ناممۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن

كەچۈرگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھادىسىلەر، بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنيادا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسىلەر ۋە تىلغا ئوخشاش مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت، ئارىلاشما دىنىي ئېتىقاد، مەنبەداشلىقى كۆپ بولغان تىل قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ ھال تېخىمۇ رېئال يوسۇندا يەر - جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە گەۋدىلەندى. ئۇنداق بولسا تۈركىي تىلدا «سۇلۇق» مەنىسىنى بىرىدىغان «سۇلى» نامى قايسى خىل ئامىلغا ياكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قايسى مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن؟

مېنىڭچە، مۇشۇ ئۈچىنچى خىل قاراش «سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «سۇلى» نامىنىڭ «سۇلۇق» مەنىسىنى بىرىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى (سۇلى قەشقەر بوستانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق، قەشقەردىكى قىزىل ۋە تۈمەن دەريالىرى خەن دەۋرىدە شىمالىي پامىر دەرياسى دەپ ئاتالغان دەريا. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى بوستانلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ جاينىڭ سۇيى مول، ئوت - چۆپى ئەلۋەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى باشقا قوشنا جايلارغا قارىغاندا، نىسبەتەن كۆپ) ۋە يەر - جاي ناملىرىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، مېنىڭچە بۇ نام بىرقەدەر مۇۋاپىق قويۇلغان. ئىككىنچىدىن، «سۇلى» دېگەن نامنىڭ تۈركىي تىلدا مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال بىزگە بۇ جايدا تۈركىي تىللىق سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مېنىڭچە، «سۇلى» نامىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى سوغدلارغا باغلىغاندىن كۆرە، ھۇنلارغا باغلىغان ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ:

1. ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، ھۇنلارنىڭ بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق

لغان ۋاقتى سوغدلاردىن ئىلگىرى يەنى ئالدىنقىسىنىڭ مىلادىيەدىن
لگىرىكى 2 ـ ئەسىر ئەتراپىدا. كېيىنكىسىنىڭ مىلادىيە 1 ـ ئەسىر
ـەگەر سوغد يېزىقىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىر)[15]
ەپ قارىغىنىمىزدا، لوپنۇردىن تېپىلغان سوغدچە ھۆججەتنىڭ مىلادىيە
ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇشى گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم» دە زىكىر
لىنغىنىدەك، بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدلارنىڭ بەش
ەنتى بولغان. يەتتىسۇ، تەڭرىتاغنىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى،
پنۇر رايونى، تاڭغۇت يولى (خېشى كارىدورى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغد سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان[16]
ولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك يېرى بولمىسا كېرەك. چۈنكى،
ەيلى قەدىمدە بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، سودىگەرلەر
ۈچۈن يۇرتنىڭ ئۆگىيى بولغان ئەمەس.

«سۇلى» قەدىمكى بىر بەگلىكنىڭ نامى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى
وقۇم شۇ بەگلىكنى قۇرغان خەلققە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.
ەدىمكى چاغدىكى «سۇلىلىقلار» دەپ ئاتالغان خەلق سوغدلار بولۇشى
اتايىن. چۈنكى، «سوغدلار تارىم رايونىدا بەگلىك قۇرمىغان»[17].
ەگەر قەشقەردە سوغدلار ياشىغان، شۇڭا ئۇنىڭ نامى «سۇلى» دەپ
تالغان دېيىلگەندە، بۇ يەكۈن كىشىنى تولۇق قايىل قىلىپ كېتىشى
اتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ماتېرىياللاردا سوغدلارنىڭ سىياسىي
ـەھەتتىن چوڭ رول ئوينىماي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىن
وڭ رول ئوينىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ[18]. بۇ ھالدا سىياسىي ئۇقۇم
ولغان دۆلەت نامى — «سۇلى» قانداقمۇ سوغدلارغا مۇناسىۋەتلىك
ولسۇن؟ بىزگە مەلۇم بولغىنى سوغدلار «سوغديانا بىلەن جۇڭگو
وتتۇرىسىدىكى چوڭ سودىگەر ۋە دىن تارقاتقۇچى، شۇنداقلا ئوتتۇرا
ەسىرنىڭ دەسلەپكىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار»[19] دۇر.

«سۇلى» قەدىمكى خۇن تىلىدا «سېرىق» ۋە تۈركىي تىلىدا
«سۇلۇق» مەنىسىنى بېرىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى «سېرىق» ۋە
«سۇلۇق» مەنىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق

ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلى»نى سوغد، قەدىمكى ئىران تىلىدا «ئىلاھىي جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، گەنسۇدىكى سۇلى دەرياسىنىڭمۇ مەنىسى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ[20]. ئەمەلىيەتتە بۇنداق «سۇلى» نامىدىن ئېلىمىزدە ئۈچى بار. بىرى، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلى»؛ ئىككىنچى بىرى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدىكى سۇلى؛ ئۈچىنچىسى، گەنسۇ - خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۇلى دەرياسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ «سۇلى» ئوخشاشلا قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» مەنىسىنى بېرىدۇ[21]. بۇ جايلار يەنى تارىم ئويمانلىقىدىكى قەشقەر (سۇلى)، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ۋە گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى قەدىمكى چاغلاردا ھۇنلار كەڭ تۈردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلاردۇر.

ئىزاھلار:


[1] ئابلىمىت روزى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخي كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991- يىلى 2- سان، 94- بەت.

[2] «خەنىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى 1» (سۇلى بەگلىكى)، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1962- يىلى 1- نەشرى، 1983- يىلى 6- ئاي 4- باسمىسى.

[3][6][7][16][18]«ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى 10- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 241-، 242-، 232-، 241-، 332-، 235- بەتلەر.

[4] چيەن بوچۇەن: «seres ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 164 — 165- بەتلەر.

[5] ۋاڭ شياڭ: «قەشقەرنىڭ نامى ھەققىدە»، «يىپەك يولى» ژۇرنىلى 1987- يىلى 4- سان، 58- بەت.

[8] خانېدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 83 ـ بەت.
[10][11][12] «تارىخىي خاتىرىلەر»، 400 ـ، 401 ـ، 403 ـ
ەتلەر.
[13] ۋاڭ زوگۇيى: «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ۋە
ۋلارنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1991 ـ يىلى 2 ـ سان، 34 ـ بەت.
[14] راخمان تۆمۈرشاھ: «يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى
ىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن
ىسمى)، ئۇيغۇرچە، 1984 ـ يىلى 1 ـ سان، 81 ـ بەت.
[15] قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ
اشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى،
122 ـ بەت.
[17][19] گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان
ىەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان، 1989 ـ يىلى 3 ـ ئاي
خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت.
[20] نيۇ رۇجېن، نيۇ رۇجى: «سۈلى نامى ھەققىدە مۇلاھىزە»،
«يەر ناملىرى بىلىمى» (خەنزۇچە)، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان، 4 ـ
بەت.
[21] سۇ بېيخەي: «سۈلى نامى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىلى 3 ـ سان، 62 ـ بەت.

# «قەشقەر» نامى توغرىسىدا①

ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىدىكى قەدىمكى يۇرت بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ تارىخىي قىسمەتلەرگە باي نامى قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلگەن ھەم كۆپ خىل مەنىلەرگە ئىگە بولغان. مەن بۇ ئەسىرىمدە، «قەشقەر» نامىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن ۋاقتى، ئىگە بولغان ھەر خىل مەنىسى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ھەققىدە ئۆز قارىشىمنى بايان قىلىمەن.

## 1

ئېلىمىزنىڭ «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا «قەشقەر» دېگەن بۇ نام «سۇلى» (疏勒) دەپ خاتىرىلەنگەن. «ۋېي سۇلالىسى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» (魏略) دا «جې شى» (竭石)، «گاۋسېڭ تەزكىرىسى»، «گاۋسېڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دا «شالى» (沙勒)، «بۇددا مەملىكىتى خاتىرىلىرى» دە «جې چا» (竭叉)، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «چۈشا» (佉沙)، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «كېشىخائېر» (可失哈耳)، «يۈەن سۇلالىسى

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي نەشرى.

ەخىپسى تارىخى» دا «چىسىخائىر» (乞思哈尔)، «مىڭ سۇلالىسى
ارىخى» دا «خاشىخائىر» (哈失哈尔) دەپ خاتىرىلەنگەن[1]. چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئوردىنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلىرىدە
«كاشگار» (喀什噶尔) دەپ يېزىشقا باشلىغان.

«قەشقەر» نامى يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلۈشكە
باشلىغاندەك قىلىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە بۇ نام تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەردە ئاللىقاچان تىلغا ئېلىنغان. بۇ
ۋەقتە مىلادىيە 8 - ئەسىردە ئۆتكەن چاۋشيەنلىك راھىب خۇي چاۋنىڭ
«ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» دە «پامىردىن بىر ئاي
پىيادە يول يۈرۈپ، سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى
‹جياشىجىلىگو› (伽师祗离国) دەپ ئاتايدىكەن»[2] دېيىلگەن. خۇي
چاۋ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئالىم قۇيلان (خۇي لىن 慧琳)
ئۆزىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» (一切经音义) ناملىق
ئەسىرىدە قەشقەرنى «迦师佶黎» (Kashgiri) دەپ تىلغا ئالغان[3].
«ئوكيانۇس» (辞海) دە «سۇلى غەربىي ئەلدىكى دۆلەت نامى، تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ‹چۇشيا› (佉沙)، ‹جياشىجىلى› (伽师祗离) دەپ
ئاتالغان»[4] دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «سۇلى
‹سۇللۇغ› يەنە ‹佉沙› qù sha دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئايلانمىسى 5000
چاقىرىمدىن ئارتۇق...... خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي ‹裴›،
ئۆزلىرىنى ئامۇ جۇ دەپ ئاتىشىدۇ. Jieshi ياكى ‹伽师› qieshi
شەھىرىدە تۇرىدۇ. تۈرك خانلىقى قىزىنى ئۇلارغا خانىشلىققا بەرگەن»[5].
بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان 伽师 ۋە 佉沙 قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى
تەلەپپۇزى qas (قاش) دېگەنلىك بولىدۇ. مىلادىيە 727 - يىلى قاش
شەھىرىدىن ئۆتكەن خۇي چاۋ بۇ شەھەرنى گەرچە سۇلى (سۇللۇغ) دەپ
ئاتىغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ «jia shi qi li» (伽师祗离) دەپ
ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ[6]. خۇي چاۋ ئاتىغان بۇ نام بىلەن
قۇيلان ئاتىغان نام (迦师佶黎) ئاھاڭ جەھەتتىن بىر - بىرىگە
ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بولۇپ، «Kashgiri» دېگەن سۆزنىڭ

خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ئىدى. ئۇ «Kashgar» دېگەن سۆزگە بەك يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دېگەن نام مەۋجۇت بولۇپ، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، سۇلى دەپ خاتىرىلەشنىڭ ئورنىغا «قاش» دەپ خاتىرىلەندى. خۇي چاۋ بەرگەن مەلۇماتتىن «قاشقارى» دېگەن شەكىل (نام) خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە سۇلى (سۇللۇغ) نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ نامنىڭ مىلادىيە 5 — 7- ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئاللىقاچان «قاشقارى» ياكى «قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ[7].

## 2

«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ماتېرىياللاردا ئوخشاشمىغان تەبىرلەر بېرىلگەن.

«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» نىڭ «قەشقەر» ماددىسىدا: «قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى پېللىئوتقا كۆرە، شىۋولېك (Si ‹w› olek) ياكى قىسقا شەكلى بىلەن شولو (So - lo) ئىدى. قەشقەر نامى پەقەت مىلادىيە 600- يىللار ئەتراپىدا قوللىنىشقا باشلىغان ۋە ئوخشاشمىغان ئېتىمولوگىيەلەرگە باغلانغان. رىچتوفېن قەشقەر نامىنى تۈركچە، قوشنىسى خوتەندىن چىقىدىغان قاش ‹قاشتاش› سۆزىگە باغلايدۇ» دېيىلگەن[8]. «مەيدان لاروئۇسسى» دا «قەشقەر (kasigir) كەلىمىسىدىكى kasi پارسچە ‹چىنە› دېگەن مەنىدە بولۇپ، چىنە ئىشلەيدىغان، چىنە ياسايدىغان ياكى چىنە سەنئەتكارى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹ger› قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ‹kasiger› دەپ تۈزۈلگەن»[9] دېيىلگەن. مىلادىيە 7- ئەسىردە راھىب شۈەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتىشىدا، بۇ يەردىن ئۆتكەندە (مىلادىيە 643 — 644- يىلىغىچە) سانسكرىت تىلى فونېتىكىسىغا ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ نامىنى 佉沙 (kax ‹a› ) دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە «سۇلى» مەزكۇر

دۆلەتنىڭ پايتەختى دەپ تونۇلۇشى، تىوغرا تەلەپپۇزى 室利讫栗多底 (srikritati) بولۇشى كېرەك (« «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى تارىخىي جايلار تەتقىقات مەجمۇئەسى» دە) دېگەن[10].
«جۇڭگونىڭ قەدىمكى - ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دا: «خاش، قاش» (kash) رەڭلىك، «خار، غار» (gar) قىشلىق ئۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەھەردە نۇرغۇن رەڭلىك خىشلاردا سېلىنغان ئۆيلەر بولغاچقا، شۇنداق (رەڭلىك خىشلاردىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ شەھەر مەنىسىدە) ئاتالغان ۋە ياكى «خاش، كاش» (kash) دەسلەپكى، تۇنجى، «خار، غار» (gar) ئىجاد قىلماق، ياراتماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان بولغاچقا، «تۇنجى قېتىم بەرپا قىلماق، ئەمدىلا يولغا قويۇلماق» دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن ئاتالغان دېيىلگەن[11].
بەزى مۇتەخەسسىسلەر: «قاشقار» سۆزى تۈركچە - سوغدچە سۆز بولۇپ، «قاش» تۈرك تىلى، مەنىسى «قاشتاش»، «قار» سوغد تىلى، مەنىسى «جۇغلانغان جاي» ياكى «شەھەر» دېگەن مەنىدە، ئومۇمىي مەنىسى «قاشتاش جۇغلانغان جاي» ياكى «قاشتاشتىن ياسالغان شەھەر» دېگەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ[12]. يەنە بەزىلەر «بۇددىستلار بۇ شەھەرنى مۇقەددەس ئورۇن ھېسابلاپ ‹بەيتۇللا› (خۇدانىڭ ئۆيى) دەپ ئاتىغانىدى...... بىر زامانلاردا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ جاينى مۇقەددەس ئورۇن ساناپ ‹كاش-ناگار› دەپ نام بەرگەن دەيدۇ. دېمەك، بۇددىستلار تىلىدا ‹كاش-خۇدا، ناگار - ئۆي› (تارىخىي خەمسە) دېگەن بولۇپ، ‹بەيتۇللا› دېگەن بولىدۇ» دېيىشكەن[13]. «چىڭگىزخان تەخەللۇسى» دا: «بەزىلەر بۇ يۇرتنىكى نەقش - ئويما ۋە ‹كاشا› ئاتالغان گۈللۈك قول سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىغا قاراپ، كاشا سەنئىتىنى ئىگىلىگۈچى (تۇتقۇچى) مەنىسىدىكى ‹كار› ياكى ‹ئېر› دېگەن نامنى تۇتقا قىلىپ، بۇ شەھەرنى ‹كاشاكار› ياكى ‹كاشائېر› دېگەنىدى» دەيدۇ[14].

خەنزۇچە تىرانسكرىپسىيە قىلىنىشى ئىدى. ئۇ «Kashgar» دېگەن سۆزگە بەك يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دېگەن نام مەۋجۇت بولۇپ، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، سۇلى دەپ خاتىرىلەشنىڭ ئورنىغا «قاش» دەپ خاتىرىلەندى. خۇي چاۋ بەرگەن مەلۇماتتىن «قاشقارى» دېگەن شەكىل (نام) خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە سۇلى (سۇللۇغ) نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ نامنىڭ مىلادىيە 5 — 7 ـ ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئالىنقاچان «قاشقارى» ياكى «قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ[7].

## 2

«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ماتېرىياللاردا ئوخشاشمىغان تەبىرلەر بېرىلگەن.

«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» نىڭ «قەشقەر» ماددىسىدا: «قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى پېللىئوتقا كۆرە، شۇۋلېك (Si ‹w› olek) ياكى قىسقا شەكلى بىلەن شولو (So ـ lo) ئىدى. قەشقەر نامى پەقەت مىلادىيە 600 ـ يىللار ئەتراپىدا قوللىنىشقا باشلىغان ۋە ئوخشاشمىغان ئېتىمولوگىيەلەرگە باغلانغان. رىچتوفېن قەشقەر نامىنى تۈركچە، قوشنىسى خوتەندىن چىقىدىغان قاش ‹قاشتاش› سۆزىگە باغلايدۇ» دېيىلگەن[8]. «مەيدان لاروئۇسى» دا «قەشقەر (kasigir) كەلىمىسىدىكى kasi پارسچە ‹چىنە› دېگەن مەنىدە بولۇپ، چىنە ئىشلەيدىغان، چىنە ياسايدىغان ياكى چىنە سەنئەتكارى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹ger› قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ‹kasiger› دەپ تۈزۈلگەن»[9] دېيىلگەن. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە راھىب شۈەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتىشىدا، بۇ يەردىن ئۆتكەندە (مىلادىيە 643 — 644 ـ يىللىرىچە) سانسكرىت تىلى فونېتىكىسىغا ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ نامىنى «سۇلى» ئورنىغا 佉沙 (kax ‹a›) دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە «سۇلى» مەركىزى

دۆلەتنىڭ پايتەختى دەپ تونۇلۇشى، تۇغرا تەلەپپۇزى 室利讫栗多底 (srikritati) بولۇشى كېرەك («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخىي جايلار تەتقىقات مەجمۇئەسى» دە) دېگەن[10].

«جۇڭگونىڭ قەدىمكى - ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دا: «خاش، قاش» (kash) رەڭلىك، «خار، غار» (gar) قىشلىق ئۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەھەردە نۇرغۇن رەڭلىك خىشلاردا سېلىنغان ئۆيلەر بولغاچقا، شۇنداق (رەڭلىك خىشلاردىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ شەھەر مەنىسىدە) ئاتالغان ۋە ياكى «خاش، كاش» (kash) دەسلەپكى، تۇنجى، «خار، غار» (gar) ئىجاد قىلماق، يارىتماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان بولغاچقا، «تۇنجى قېتىم بەرپا قىلماق، ئەمدىلا يولغا قويۇلماق» دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن ئاتالغان دېيىلگەن[11].

بەزى مۇتەخەسسىسلەر: «قاشقار» سۆزى تۈركچە - سوغدچە سۆز بولۇپ، «قاش» تۈرك تىلى، مەنىسى «قاشتاش»، «قار» سوغد تىلى، مەنىسى «جۇغلانغان جاي» ياكى «شەھەر» دېگەن مەنىدە، ئومۇمىي مەنىسى «قاشتاش جۇغلانغان جاي» ياكى «قاشتاشتىن ياسالغان شەھەر» دېگەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ[12]. يەنە بەزىلەر «بۇددىستلار بۇ شەھەرنى مۇقەددەس ئورۇن ھېسابلاپ ‹بەيتۇللا› (خۇدانىڭ ئۆيى) دەپ ئاتىغانىدى...... بىر زامانلاردا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ جاينى مۇقەددەس ئورۇن ساناپ ‹كاش-ناگار› دەپ نام بەرگەن دەيدۇ. دېمەك، بۇددىستلار تىلىدا ‹كاش-خۇدا، ناگار - ئۆي› (تارىخىي خەمسە) دېگەن بولۇپ، ‹بەيتۇللا› دېگەن بولىدۇ» دېيىشكەن[13]. «چىڭگىزخان تەخەللۇسى» دا: «بەزىلەر بۇ يۇرتنىڭ نەقىش - ئويما ۋە ‹كاشا› ئاتالغان گۈللۈك قول سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىغا قاراپ، كاشا سەنئىتىنى ئىگىللىگۈچى (ئۇتقۇچى) مەنىسىدىكى ‹كار› ياكى ‹ئېر› دېگەن نامنى تۇتقا قىلىپ، بۇ شەھەرنى ‹كاشاكار› ياكى ‹كاشائېر› دېگەنىدى» دەيدۇ[14].

«بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ شەرھىيسى» دېگەن كىتابتا: «迦师祇离 ، 伽师信黎 يەنى kāšγār 伽师 (kāš) بىلەن (i، γar) نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، بۇ قەدىمكى ساك تىلىدا رايون، دۆلەت دېگەن مەنىدە» دەپ خاتىرىلەنگەن[15].

گېڭ شىمىن ئەپەندى: «قەشقەر — كاش ‹kax› بىلەن چار ‹qar› ئىككى خەتتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، ‹كاش› خەنزۇچە تارىخ كىتابلاردىكى 佉沙 ‹كاش› نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى، ‹چار› قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، ‹دۆلەت› ياكى ‹رايون› دېگەن مەنىنى، ‹كاشچار› بولسا 佉沙国 دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. ‹كاشچار› كېيىن ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى ‹قەشقەر› ھالىتىگە كەلگەن» دەيدۇ[16].

«كاشغەر» ئاتالغۇسى ھەققىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەزى قاراشلار بار: ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «كاشغەر» پارس تىلى بولۇپ، «كاشكار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن، «كاش» سىرلىق خىش، «كار» ئىشلەنگەن، يەنى «سىرلىق ‹كاھىش› خىشلاردىن ياسالغان جاي» دېگەن مەنىدىن ئۆزگەرگەن. «قاش» ئاتالغۇسى دەل ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «قاشتاش» نى بىلدۈرىدۇ. «غار» سۆزى قەدىمكى ئالتاي ۋە تۈركىي تىل سىستېمىسىدا «دەريا» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «قاشغار» بولسا «قاشتېشى بار دەريا» ياكى «قاشتاشتەك سۈزۈك سۇلۇق دەريا» مەنىلىرىدە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن[17]. «قەشقەر» تۈرك تىلىدا «يېشىل كاھىشلىق ئىمارەت»، «قاشتاش شەھىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ[18]. بەزىلەر يەنە، تۇمەن دەرياسىنىڭ لېۋىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇپتۇز بىر قاش بولۇپ، ئۇ ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى كۆركەم، ئېگىزلىك جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەر شۇ گۈزەللىكى بىلەن تەسۋىرلىنىپ «قاشنىڭ قىرى» دەپ ئاتالغاندى دېيىشىدۇ[19]. ئۇنىڭدىن باشقا، «قەشقەر — ئۇيغۇرچە سۆزدىن كېلىپ چىققان، قەش — ھەر تۈرلۈك رەڭ، قەر — خىشتىن ياسالغان بىنا. ئۇنىڭدا خىشتىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ، شۇڭلاشقا قەشقەر دەپ ئاتالغان»[20] دەيدىغان قاراشمۇ بار.

# 3

«قەشقەر» دېگەن بۇ نام ئەڭ بۇرۇن چاۋشيەنلىك راھىب خۇي چاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە «伽师祇离» دەپ: قەشقەرلىك ئالىم قۇيلانىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» دېگەن ئەسىرىدە «迦师佶黎» (kashgiri) دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار بىر خىل نامنىڭ ھەر خىل ماتېرىيالدا ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى، «kashgiri» ياكى «قاشقارى» («قەشقەرى») دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە تىرانسكرىپسىيەسى ئىدى. بۇ يەردىكى «kashgiri»، kash شەھىرى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇدۇن يېزىقىدا يەر ناملىرىنىڭ ئارقىسىغا دائىم giri ئۇلىنىپ كېلىپ، ‹شەھەر›، ‹بازار› دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. Giri سانسكرىت تىلىدا ‹تاغ› دېگەن مەنىدە، ت. ۋاتتېرس (T. Watters) kashgiri شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاغ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاغ يوق[21]. يىل دەۋرى مىلادىيە 970- يىلىغا توغرا كېلىدىغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى «ئۇدۇن خانى سىسا سۇرا بىلەن شاجۇ خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ مەكتۇپنامىسى (于阗王尉迟徐拉与沙洲大王曹元忠书)» دا khyesa kara دېگەن يەر نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇ يەردىكى «va — ئۇدۇن تىلىدا ئاخىرقى ئۇلانما بولۇپ، دائىم كۆپ سانلىقنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما بۇ يەردە سۈپەتداش ئۇلانمىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، Khyesa نى پۇلىب (浦立本) قەشقەر دەپ قارايدۇ، ئەمما ئىسپاتى تولۇق ئەمەس. ‹kara› رايون، دۆلەت، شەھەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، kashgari نىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى ‹gari› بىلەن ئوخشاش، بەيلىي (贝力) ئەسلىي مەنىسى قەلئە، kašhgari ‹Kash شەھىرى› دۇر دەپ قارايدۇ»[22].

ئىلىمىزنىڭ غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلانغان ئەسەر «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى» دە، قەشقەر نامى ھەققىدە

ۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: 迦师祇离 ، 伽师信黎 ، kāsγār ، «伽师»
(kās) بىلەن (i) γar نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، بۇ قەدىمكى ساك
ىلىدا «رايون، دۆلەت» دېگەن مەنىدە دەپ خاتىرىلەنگەن[23]. بەزىلەر
«قەشقەر» نامى 伽师 kāš (دۆلەت، رايون) غا تاغ دېگەن مەنىنى
ىپادىلەيدىغان «γar(i)» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن «تاغ
ارىسىدىكى دۆلەت» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «جياشىجىلى»
(伽师祇离) دىن كېلىپ چىققان[24] دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مېنىڭچە
ـۇ يەردە، ئاتالغۇغا بېرىلگەن مەنە تەبىرىنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە
اۋۇش بەلگىلىرىنىڭ توغرا ئوقۇلماسلىقى سەۋەبىدىن زور خاتالىققا يول
قويۇلغاندەك قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «kāsγār»
«伽师» ، (kās) بىلەن γār(i) نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن دېگەن
جۈملىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىكى «رايون، دۆلەت» ئوقۇمى، «伽师»
(kās) سۆزىگە ئەمەس، بەلكى γār(i) سۆزىگە بېرىلگەن. ئىككىنچىدىن،
«γār(i)» سۆزىدىكى «γ» تاۋۇش بەلگىسى ھەرگىز ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى «ي» (Y) تاۋۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنماستىن،
بەلكى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
«گ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە[25] دەپ تونۇلۇشى كېرەك. گېلىڭ
شمىن ئەپەندى «تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە
ېيقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ئەسىرىدە
ۇتتۇرىغا قويغان قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا «دۆلەت، رايون» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدىغان «qar»[26] سۆزىدىكى «q» تاۋۇش بەلگىسى،
خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ق»
اۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە[27] دۇر. «ئۇدۇن — ساك تىلىدىكى
ـۆز بېشىدا كېلىدىغان ‹گ› تاۋۇشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ـۆججەتلەردە ئومۇمەن ‹ق› بىلەن ئىپادىلىنىدۇ»[28] غان بولغاچقا،
«kāšγār» ، «kaxqar» ئاتالمىلىرى بىردەك «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ
ـەر خىل تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ، تەلەپپۇز قىلىنىشى
ېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە،
ىلادىيە 3 — 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ

جەنۇبىدىكى خوتەن، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) قاتارلىق جايلاردا ياشىغان خەلقلەر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت خوتەندىن قېزىۋېلىنغان يازما ماتېرىياللارنىڭ تىلى ئۇدۇن ساك تىلى، تۇمشۇق ساك تىلى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ساك تىلىنىڭ ۋارىيانتلىرى «قەدىمكى ئۇدۇن (ساك) تىلى» دەپ تونۇلماقتا[29].

«قەشقەر» دېگەن نامدىكى «قاش» سۆزىنى رېچتوفېن تۈركىي تىلىدىكى قاشتاشقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ[30]. «قاش» دېگەن بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدۇ. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە «قاش» سۆزلىمىگە: «قاشتاش — بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ» دەپ يېشىم بېرىدۇ[31]. ئەگەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ بايانىنى قوبۇل قىلغاندا، ئېنىقكى «kash دۆلىتى»، «kash رايونى»، «kash شەھرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قەشقەر» نامى، تۈركىي تىل بىلەن قەدىمكى ساك (خوتەن) تىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «قاشتاش دۆلىتى»، «قاشتاش شەھرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېھتىمال، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر قاشتاشتەك گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

[1] فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، بېيجىڭ، 1980- يىلى، خەنزۇچە، 2- نەشرى، 45- بەت.

[2] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1988- يىلى 3 ـ، 4- سان، 53- بەتتىكى نەقىل.

مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: 迦师祇离 ، 伽师信黎 ، kāsγār ، «伽师» (kās) بىلەن (i) γar نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، بۇ قەدىمكى ساك تىلىدا «رايون، دۆلەت» دېگەن مەنىدە دەپ خاتىرىلەنگەن[23]. بەزىلەر «قەشقەر» نامى 伽师 kāš (دۆلەت، رايون) غا تاغ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «γar(i)» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن «تاغ ئارىسىدىكى دۆلەت» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «جياشىجىلى» (伽师祇离) دىن كېلىپ چىققان[24] دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردە، ئاتالغۇغا بېرىلگەن مەنە تەبىرىنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ توغرا ئوقۇلماسلىقى سەۋەبىدىن زور خاتالىققا يول قويۇلغاندەك قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «kāsγār» «伽师» ، (kās) بىلەن γār(i) نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن دېگەن جۈملىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىكى «رايون، دۆلەت» ئوقۇمى، «伽师» (kās) سۆزىگە ئەمەس، بەلكى γār(i) سۆزىگە بېرىلگەن. ئىككىنچىدىن، «γār(i)» سۆزىدىكى «γ» تاۋۇش بەلگىسى ھەرگىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ي» (Y) تاۋۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنماستىن، بەلكى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «گ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە[25] دەپ تونۇلۇشى كېرەك. گېڭ شىمىن ئەپەندى «تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا «دۆلەت، رايون» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «qar»[26] سۆزىدىكى «q» تاۋۇش بەلگىسى، خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ق» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە[27] دۇر. «ئۇدۇن — ساك تىلىدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان ‹گ› تاۋۇشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن ‹ق› بىلەن ئىپادىلىنىدۇ»[28] غان بولغاچقا، «kāšγār» ، «kaxqar» ئاتالمىلىرى بىردەك «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ھەر خىل تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ، تەلەپپۇز قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 3 — 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ

جەنۇبىدىكى خوتەن، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) قاتارلىق جايلاردا ياشىغان خەلقلەر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت خوتەندىن قېزىۋېلىنغان يازما ماتېرىياللارنىڭ تىلى ئۇدۇن ساك تىلى، تۇمشۇق ساك تىلى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ساك تىلىنىڭ ۋارىيانتلىرى «قەدىمكى ئۇدۇن (ساك) تىلى» دەپ تونۇلماقتا[29].

«قەشقەر» دېگەن نامدىكى «قاش» سۆزىنى رىچتوفېن تۈركىي تىلىدىكى قاشتاشقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ[30]. «قاش» دېگەن بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدۇ. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە «قاش» سۆزلەمىگە: «قاشتاش — بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ» دەپ يېشىم بېرىدۇ[31]. ئەگەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ بايانىنى قوبۇل قىلغاندا، ئېنىقكى «kash دۆلىتى»، «kash رايونى»، «kash شەھىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قەشقەر» نامى، تۈركىي تىل بىلەن قەدىمكى ساك (خوتەن) تىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «قاشتاش دۆلىتى»، «قاشتاش شەھىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېھتىمال، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر قاشتاشتەك گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

[1] فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، بېيجىڭ، 1980- يىلى، خەنزۇچە، 2- نەشرى، 45- بەت.

[2] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1988- يىلى 3-، 4- سان، 53- بەتتىكى نەقىل.

[3] جۇ لېيەنكۇن: « ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ - جۇغراپىيەگە دائىر تەتقىقاتلار مەجمۇئەسى»، 1984- يىلى 2- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 207- بەت.

[4] بىر توملۇق «ئوكيانۇس»، 1808- بەت.

[5] «يېڭى تاڭنامە»، 221- جىلد، «قۇربىغار تەزكىرىسى. قەشقەر»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1976- يىلى تىنىش بەلگىلىك نۇسخا، 6233- بەت («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997- يىلى 2- سان، 41- بەتتىكى نەقىل).

[6][7] قۇربان نىياز: «ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997- يىلى 2- سان، 41- بەت.

[8] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى»، XXI توم، 65- بەت، «قەشقەر ماددىسى».

[9] «مەيدان لاروئۇسسى»، VII توم، 65- بەت، «قەشقەر ماددىسى».

[10] «قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «كىرىش سۆز» قىسمى.

[11] «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، سودا كىتابچىلىقى، 1931- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 881- بەت.

[12] «قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «كىرىش سۆز» قىسمى.

[13][14] «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1981- يىلى 1- سان، 8- بەت.

[15][23][29] جى شيەنلىن: « ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، بېيجىڭ، 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 12- جىلد، 996- بەت.

[16][26] يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 83- بەت.

[17] ئابلىمىت روزى: «يەر نامىلىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986- يىلى 3- سان، 119-، 120- بەتلەر.

[18] ئادىل يۇنۇس: «قەشقەر»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى 1989- يىلى 1- سان، 58- بەت.

[19] ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىلى 9- ئاي نەشرى، 2-، 3- بەتلەر.

[20] مۇھەممەت ئوسمان: «شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996- يىلى 1- سان، 72- بەت.

[21][22] خۇاڭ شىڭجاڭ: «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ‹ئۇدۇن خانى ۋىسا سۇرا بىلەن شاجۇ خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ مەكتۇپنامىسى› بىلەن غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەۋى مەسىلىلىرى»، «تارىخ-جۇغراپىيە»، 1983- يىلى خەنزۇچە، 3- قىسىم، 204- بەت.

[24] ئەلى غوپۇر: «پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1990- يىلى 4- سان، 39- بەت.

[25][27] «خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1988- يىلى نەشرى، 79- بەت (قوشۇمچە جەدۋەل).

[28] «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى، 278- بەت.

[30] پېللىئوت: «قەشقەر ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1986- يىلى 1- سان، 68- بەت.

[31] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم، 208- بەت.

# «Seres» بىلەن «Suli» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دائىر بايانلاردىن تەرمىلەر[①]

غەيرەتجان ئوسمان

شەرق ـ غەرب قاتناش ئالاقىسى تارىخىدا «Seres» دېگەن يەر نامى بار. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە قەشقەر «سۇلى» (疏勒) دەپ پۈتۈلگەن. ئۇزاقتىن بېرى خېلى كۆپ نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى قەيت قىلىنماقتا.

«Seres» نى دەسلەپتە غەرب ئاپتورلىرى تىلغا ئالغان، يەنى ئۇنى شەرقتىكى بىر ئەل ـــ يىپەك ئېلى مەنىسىدە چۈشەنگەن.

قەدىمكى ياۋروپالىقلار يىپەكنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئۇنىڭ كونكرېت جايىنى تازا ئېنىق دەلىللىيەلمىگەنىدى. ئۇلار يىپەكنى «Seres»، يىپەك چىققىدىغان جاينى «‹Seres› ئېلى» دېگەن.

«Seres» نى ئەڭ بۇرۇن گىرېتسىيەلىك كتېسىئاس (Ctesias) مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىرلەردە ياشىغان غەرب (لاتىن تىللىق) لىك شائىرلاردىن ۋېگىلىي (Vegile)، خوراكىي (Horace)، پىروپېركىي (Properce)، ئوۋىدا (Ovide) قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا «Seres» نى تىلغا ئالغان. ئۇلار

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «‹Seres› بىلەن ‹Suli› نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دائىر بايانلاردىن تەرمىلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1990- يىللىق 4- سان، 29 — 34- بەتلەر.

بىلەن زامانداش جۇغراپىيىون سىترابون (Strabon، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 58- يىلىدىن مىلادىيە 21- يىلىغىچە ياشىغان) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە كۆپرەك مەلۇمات بەرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىردىن مىلادىيە 14- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن 90 دىن ئارتۇق غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسىرىدە «Seres» داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادىيە 2- ئەسىردە ياشىغان گىرېتسىيەلىك جۇغراپىيون پىتولېمى (Ptolemee) يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابتا قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان بىرقەدەر مول ۋە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان.

ئالىملار كېيىنچە غەرب ئاپتورلىرىنىڭ «Seres» ئېلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بايانلىرىنى دەلىللەپ چىقتى.

فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس گېئورگى كاۋدېس (George Coedes، 1886- يىلىدىن 1969- يىلىغىچە ياشىغان) پىتولېمى تىلغا ئالغان «Seres» ئېلىنىڭ قىياپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «كىشىلەر ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇكى، (پىتولېمى تىلغا ئالغان) ئىمائۇس (Imaus) تېغى پامىر تېغى، ئىمودا (Emoda) تاغ تىزمىلىرى ھىمالايا تېغى، كاسىيا (Kasia) تاغ تىزمىلىرى قاراقۇرۇم تېغى، ئاۋزاكىيا (Auzakia) تاغ تىزمىلىرى بولسا تەڭرىتاغلىرى، ئويخۇرداس (Oikhardes) دەرياسىنىڭ ئۈچ ئېقىنى قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت»[1] يىن چىڭ (殷晴): «ئەينى چاغدىكى غەرب ئالىملىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ نام (Seres ئېلى) ئەڭ دەسلەپتە تارىم بوستانلىقىنى كۆرسەتكەن» دەپ كېلىپ، كۆزقارىشىنى تولۇقلاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار يىپەك يولىدا مۇھىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا، ئەينى چاغدىكى غەربلىكلەر بۇ يەرنى رەڭگارەڭ يىپەك چىقىدىغان جاي دەپ ھېسابلاپ ‹Seres› دەپ ئاتىغان». ئىمدى گېلىڭ شىمىن «Seres»، «...... جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى كۆرسىتىدۇ»[4] دەپ يازغان بولسا، چيەن بوچۈەن «...... ‹Seres› تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە»، «......Seres سۇلى (قەشقەر) دۇر»[5] دېگەن يەكۈننى

چىقارغان. پىروفېسسور سۇ بېيخەي بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (غەرب ئاپتورلىرى تەسۋىرلىگەن) «‹Seres› نىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكىللىرى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ قىياپىتى سۇلى (قەشقەر) نىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ، پامىر تېغى ۋە قاراقورۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبارەت. بىراق، ئىسىملاردا ئازراق پەرق بار. پتولېمى ‹Seres› ئېلىنىڭ ئىچىدىكى 10 نەچچە شەھەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن ‹Seres› ئېلى تېررىتورىيەسى ئىچىدە ئاھالە ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ ‹ۋېي ئەستىلىكلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى› دە خاتىرىلەنگەن ‹قارام بەگلىكلەر 10 غا يېتىدۇ› دېگەن خاتىرە ھەم كېيىنچە ‹ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دە خاتىرىلەنگەن ‹چوڭ شەھەرلىرى 12، كىچىك شەھەرلىرى 10› دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك»[6]. چيەن بوچۈەن «Seres» ھەققىدىكى مۇجمەل قاراشلارنى تۈزىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا قارىغاندا، ‹Seres› دەل جۇڭگونى كۆرسەتمەيتتى. چۈنكى، ‹Scythians› نىڭ ئارىلىقىدا ئەمەس، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرمايدۇ، باكتېرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئەمەس. جۇڭگو (خەنزۇلار كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىلچىدىن) لۇقلارنىڭ چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا نام...... بىلەن ئاتايتتى»، «پاكىتلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، ‹Seres› سۇلى (قەشقەر) دۇر»[7].

چيەن بوچۈەن جۇغراپىيەلىك بايانلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

مىلادىيە 3- ئەسىرلەردە ئېلىمىز تارىخشۇناسلىرىدىن يۈ خۇەن «ۋېي ئەستىلىكلىرى» دېگەن بىر كىتاب يازغان، ئۇنىڭدا «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دېگەن باب بولۇپ، بۇ غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. پتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابى بىلەن «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى «Seres» قا مۇناسىۋەتلىك ئابزاسنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان

بولساق بەكمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭدىكى خېلى كۆپ يەر نامىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار. پتولېمىنىڭ ئېيتىشىچە، «Seres» نىڭ ئىچىدە دروساچې (Drosache) دېگەن مەشھۇر بىر شەھەر بولغان، بۇ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى «سۇلى» غا تەۋە دىرو (德若 — «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە ئىرو «亿若» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان) ۋە شاچې (يەكەن) ئىدى. يەنە ئىسسېدون (Issedon) دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سېرىكۇس (Sericus) تاغلىرى ئارىسىدىكى ئىسسېدون قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسسېدون — 伊塞顿 ئىتتىك تەلەپپۇز قىلىنغاندا «چىن» (琴) دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ سۇلىغا تەۋە بەگلىك «چىن بەگلىكى» نى كۆرسىتىدۇ، ئۇ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە پامىردا دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، چوڭ شەھەرلەردىن «سېرا» (Sera) بولۇپ، ئۇ «Seres» نىڭ يەنى «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان سۇلى بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پتولېمى ئېيتقان «Seres» تىكى شەھەرلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن خاتىرىلەرگە ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، «پىئادا» (Piada) دېگەن شەھەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، ئۇ «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «پەنتو شەھىرى» بولۇپ، سۇلى شەھىرىنىڭ 90 چاقىرىم شىمالىدا ئىدى. يەنە توخار (Thogara) شەھىرى بولۇپ، ئۇ سۇلى بىلەن كۇسەننىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دامنا (Damna) شەھىرى تىلغا ئېلىنغان، بۇ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. 7» دە خاتىرىلەنگەن دامان (达漫) شەھىرى بولۇپ، سۇلىنىڭ 140 چاقىرىم شىمالىدا ئىدى. يەنە ئوروسانا (Orosana) دېگەن يەر بولۇپ، بۇ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «ۋۇجى» (乌即) شەھىرى يەنى ھازىرقى ئۇلۇغچات قەدىمكى شەھىرى بولۇپ، سۇلىنىڭ 200 نەچچە چاقىرىم غەربىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، داشاتا (Daxata) بار بولۇپ، بۇ يەكەننىڭ شىمالىدىكى «تاغارچى» قەدىمگاھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[8].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بەزىلەر، «Seres» ئۇدۇننى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيەلىك نامى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، قاسىم ئارىش «يىپەك ئېلى خوتەن» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982- يىللىق 2- سان) ۋە خۇدابەردى سېلىم «يىپەك ئېلى (Seres) ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1989- يىلى 3- سان) قاتارلىق ماقالىلەردە مانا مۇشۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراش بويىچە، مەيلى سۇلى، مەيلى خوتەن بولسۇن ئوخشاشلا تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدە قىلىنىشتىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ.

[ئىلاۋە: سۇلىنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە غەرب ئاپتورلىرى تەرىپىدىن «Seres» دەپ ئاتىلىشى تاسادىپىي ئىش بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ مەلۇم ئاساسى بار.

ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم خىزمەت كۆرسەتتى. سوۋېت ئالىملىرى ئالتايدىكى پازىرىق جىلغىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشتە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 — 5- ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ھۇن قەبرىستانلىقىدىن باشقا ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە نەپىس يىپەك بۇيۇملارنى ئۇچراتتى.

ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى تۇرپان بوستانلىقىدىن قېزىۋالغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 — 5- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدىن يىپەك توقۇلمىلار چىققان[10].

ياپونىيەلىك چۇي جىئەندى بىلەن جۇڭگو ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى بىرلىشىپ يازغان «قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ناملىق رىسالىسىدە «خوتەن ئېلىدە پىلىچىلىك قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى راۋاجلانغان». «ھەممە يەرگە قارىسا ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن. ئۈجمە خوتەننىڭ ئالاھىدە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەم پىلىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ قورغىنىدۇر» دېيىلىدۇ[11].

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان

قېزىشلاردا «قېزىۋېلىنغان قول يازمىلار ئىچىدە...... مىلادىيە 418-يىلىدا پىلە قۇرتىنى ۋە ئۈجمە دەرىخىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ھۆججەت ئۇچرىدى».

«كېيىنكى خەن تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئېۋىرغول (قومۇل) دا ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئۈجمە، كەندىر ۋە تال ئۈزۈم تېرىلىدىكەن» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە قوچۇ «پىلە بېقىشقىمۇ لايىق» دېيىلگەن. «ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «سۇلى (قەشقەر) دە كىمخاب، دۇردۇن ئىشلىنىدۇ» دېيىلگەن. «تاڭ تارىخى، 221- جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇدۇن خەلقى «توقۇمىچىلىق قىلىدۇ. قوچۇ ئوبلاستى ئىچكى ئۆلكىلەرنى يىپەك بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن شەرقىي جىن خانلىقى (317 — 420) دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىدىن چىققان يازما ھۆججەتتە «كۆچا — كىمخابى» دېگەن سۆز يېزىلغان. قوچۇ خانى چۈۋىنتەي خانلىقىنىڭ سۈي دەۋرى (581 — 618) گە توغرا كېلىدىغان قەبرىستانلىقتىن يىپەك بىلەن پاختا بىرىكمىسىدىن توقۇلغان گېئومېترىيەلىك سىزىقلىق كىمخاب تېپىلغان. دېمەك، مىلادىيە 4-ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇش ھۈنىرى ئىجاد قىلىنغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرانوم لۇ مىڭشەن «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يىمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قوللانمىسى» دېگەن كىتابىدا خەنزۇلار رايونىدىكى مۇھىم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرىبىلىرىنىمۇ يەكۈنلىگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىغا يېڭى مەزمۇن قوشقان.

پروفېسسور سۇ بېيخەي مۇنداق يازغان: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا كىشىلەر بەكمۇ ياقتۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلغان. بەش دەۋر (907 — 960) گە كەلگەندە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى توقۇغان يىپەك رەختلىرىنى ئىچكى

ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ مالغا ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇرغان. يەمەن دەۋرىدە شىنجاڭدىكى زەرباب تاۋار تولىمۇ ئەتىۋار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلمىلار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان - شەرەپ كەلتۈرگەن»[12].

شىنجاڭدا يىپەكچىلىكنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە قايىل قىلارلىق ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار بولمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى شىنجاڭنى «Seres ئېلى» دەپ چۈشەنگەن ھەم ئۆز كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەلۇمات بەرگەن.

دېمەك، «Seres» توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئالىملارنىڭ بەرگەن مەلۇماتى ئاساسەن تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەيلى جۇغراپىيەلىك نۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى «Seres» ئېلىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ پىزىنومىيەلىك تەسۋىرى، مىجەز - خۇلق، ئۆرپ - ئادەت تەرەپلەردىكى ئەھۋاللار جەھەتتىن بولسۇن، قەدىمكى مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان «Seres» ئېلى ئېنىق ھالدا سولى (قەشقەر) نى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، خوتەننى كۆرسىتىپ كەلگەن. دەرۋەقە، قەدىمكى سولى ۋە ئۇدۇنلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېلىمىز جۇڭگونىڭ زېمىن تەۋەسىگە ئۆتكەچكە، ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن يەنى كەڭ مەنىدىن «Seres» قەدىمكى چاغلاردا جۇڭگونى كۆرسىتەتتى دېگەن قوشۇمچە قاراشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.]

ئىزاھاتلار:

[1] گ. كاۋدېس: «گىرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، مۇقەددىمە،

21 ـ ، 22 ـ بەتلەر.

[2] يىن چىڭ: «قەدىمكى شىنجاڭ سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودىگەرلەرنىڭ پائالىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1989 ـ يىلى، 3 ـ سان، 37 ـ بەت.

[3] يىن چىڭ: «يىپەك يولى ۋە قەدىمكى خوتەن»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 74 ـ بەت.

[4] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى گىرېك، رىملىقلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سېرىسلىقلار»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، 26 ـ بەت.

[5] چيەن بوچۇەن: «Seres ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 154 ـ ، 155 ـ بەتلەر.

[6] سۇ بېيخەي: «‹سۇلى› نامى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(خەنزۇچە)، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان.

[7] [8] بۇ [5] ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

[9] خۇدابەردى سېلىم: «يىپەك ئېلى (Seres) توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىلى 3 ـ سان.

[10] ئى. ئى روب ـ رىسنكوك (سوۋېت): «ئۇلۇغ يىپەك يولى»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، 103 ـ بەت.

[11] ئە. رىشىت: «سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 1 ـ سان، 142 ـ بەت.

[12] سۇ بېيخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىلى 1 ـ سان.

# پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى①

ئەلى غوپۇر

پەيزاۋات ــ يىپەك يولىدىكى قەدىمىي يۇرت، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلى (قەشقەر)نىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ يىللىرىدا غەرب ـ شەرق قاتنىشىدىكى مۇھىم بىر مەركەزگە ئايلانغان[1]. سۇڭ، لياۋ، يۈەن دەۋرلىرىدە «پىچان، توخسۇن، كورلا، ئۇچتۇرپان، سايرام، ئاتۇش، مارالبېشى، يېڭىسار، پەيزاۋات، گۇما قاتارلىق جايلاردا سودا مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەن»[2]. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (مىلادىيە 1514 — 1678 ـ يىللار) دەۋرىدە پەيزاۋاتقىمۇ ھاكىم قويۇلغان، «بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋاقىتتا پەيزاۋاتقا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ قويۇلغان»[3]. 1828 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە « (سۇلى خوبۇۋ ئەمەلدارلار مەھكىمىسى) (كېيىن ئايماققا ئۆزگەرتىلگەن) تەسىس قىلىنغاندا پەيزاۋات بۇ مەھكىمىگە تەۋە قىلىپ ئايرىلغان»[4]. 1902 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 28 ـ يىلى) رەسمىي ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان[5].

«پەيزاۋات» دېگەن بۇ نام يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ھەر خىل تارىخىي مەنبەلەردە «پەيزۇئاباد» (牌租阿巴特) دەپ خاتىرىلەنگەن.

---

① ئەلى غوپۇر: «پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان، 35 — 40 ـ بەتلەر.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك «پەيزاۋات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «گۈللەنگەن، ئاۋات» دېگەندىن ئىبارەت دەپ قاراپ كەلمەكتە. لېكىن، پەيزاۋات دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىيال يوق دېيەرلىك؛ بۇنىڭدا پەقەت خەلق ئىچىدىكى يەرلىك رىۋايەتلەردىن تۈزۈلگەن قول يازما «پەيزۇللا بەگنىڭ تەرجىمھالى» غا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«زىكرى پەيزۇللابەگ» (پەيزۇللابەگنىڭ تەرجىمھالى) دا قەيت قىلىنىشىچە: «قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850—1212- يىللار)نىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن تاۋغاچ ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت بۇغرا قاراخان زامانىسىدا (مىلادىيە 1105 — 1128- يىللار)، ئوردا مىرزىلىرىنىڭ باشلىقى ھارۇن بەگنىڭ پەيزۇللا ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. بۇ بەگزادە ئېلى ئىسىملىك يەنە بىر شاھزادە بىلەن شىكارغا چىقىپ، ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قىزىلسۇ، خوشئاۋات، غولتوغراق قاتارلىق يېزىلار ئورۇنلاشقان كەڭ ۋادىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ‹يېڭى مەھەللە› دېگەن يەردە كۆسەنباي ئىسىملىك بىر مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ. كېيىن ئوردىغا قايتىپ دادىسىدىن مۇشۇ ‹يېڭى مەھەللە› ئەتراپىنى ‹قوغۇنزارلىق› قىلىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شاھزادە ئېلىمۇ بۇ ئەتراپتىكى ئوتلاقلار، ئورمانلىقلار، مەھەللىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ، كېيىن مىرزا ھارۇن بەگنىڭ تىلىكى ئارقىسىدا، خان يارلىق چۈشۈرۈپ ‹يېڭى مەھەللە› ئەتراپىنى بىر بەگلىك يەر قىپتۇ، پەيزۇللا بەگ تۇنجى قېتىم شۇ يەرگە بەگ بوپتۇ...... قەدىمكى يىپەك يولى بويىغا سېلىنغان ‹كارۋان ساراي› دېگەن ئۆتەڭ پەيزۇللا بەگنىڭ بەگلىك ھويلىسى بار يەرگە جايلاشقان بولغاچقا، بارا - بارا بۇ يەردە چوڭ سودا بازىرى پەيدا بوپتۇ. مانا شۇ بازارنى سودىگەرلەر ‹پەيزۇللانىڭ ئاۋاتى› دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن بۇ نام قىسقىراپ ‹پەيزۇلئاباد› دېيىلىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تارىخىي كىتابلارغا ‹پەيزۇ ئاباد› دەپ يېزىلىشقا باشلاپتۇ. كېيىن خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ‹牌租阿巴特› دەپ يېزىلغان»[6].

گەرچە بۇ بىر رىۋايەت ئاساسىدا يېزىلغان قول يازما بولسىمۇ، شۇ رىۋايەتتىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھازىرغا قەدەر قوللىنىلماقتا.

بىزگە مەلۇم، يەر - جاي ناملىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەۋى ئورنى، تەبىئىي شەرت - شارائىت ئالاھىدىلىكى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر...... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان»[7] بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى نەتىجىسىدە ئەرەب - پارس تىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىشكە باشلىدى، بۇ ھال يەر-جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىدا كۆپلەپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گۈللەنگەن «پەيزۇللانىڭ ئاۋاتى» نىڭ پارسچە «گۈللەنگەن»، «ئاۋات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئاباد»[8] سۆزىدىن مۇستەسنا بولالماي، «پەيزۇل ئاباد» دەپ ئاتىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

1902 - يىلى پەيزاۋات ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغاندا، پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامىنىڭ يۇمن دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان «牌租阿巴特» دېگەن خەت بىلەن ئىپادىلەنمەي، ئەكسىچە «پەيزاۋات» دېگەن سۆز بىلەن ھېچقانداق ئالاقە ۋە مەنە باغلىنىشى بولمىغان «伽师» خېتى بىلەن ئىپادىلىنىشى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

پەيزاۋاتنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى (疏勒县) بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ

خەنزۇچە نامىنىڭ «伽师» خېتى بىلەن ئىپادىلىنىپ قېلىشىنى قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«قەشقەر» دېگەن نام «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا «سۇلې» دەپ خاتىرىلەنگەن. «گاۋسېڭ تەزكىرىسى»، «گاۋسېڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دا «شالى»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە «شالې» (沙勒)، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» دە «جيېشى»، «بۇددا مەملىكىتى خاتىرىلىرى» دە «جيېچا» (竭叉)، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «چۇشا» (Kesh) دەپ خاتىرىلەنگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «كېشىخائېر» (可失哈耳)، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «چىسىخائېر» (乞思哈儿)، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «خاشىخائېر» (哈失哈儿) دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلىرىدە «كاشىگار» (喀什噶尔) دەپ يېزىلىشقا باشلىغان.

قارىماققا يۇقىرىقىلاردىن «قەشقەر» دېگەن نام يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈنۈشكە باشلىغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە «قەشقەر» دېگەن نام تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەردە ئاللىقاچان ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇ ھەقتە چاۋشيەنلىك راھىب خۇي چاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» دە «پامىردىن بىر ئاي پىيادە يول يۈرۈپ سۇلېغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى جياشىجىلىگو دەپ ئاتايدىكەن»[9] دېيىلگەن. «ئوكيانۇس (سىخەي)» دە «سۇلې غەربىي ئەللەردىكى دۆلەت نامى، تاڭ دەۋرىدە چۇشا، جياشىجىلى دەپ ئاتالغان»[10] دەپ يېزىلغان. «غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ئىزاھلىق لۇغەت» تە قەشقەر «竭石، 沙勒، 乞思合儿، 可失哈里، 喀什، 迦舍 قاتارلىق خەنزۇچە خەتلەر بىلەن يېزىلغان، ئۇ قەدىمكى

سۇلى دۆلىتىنىڭ ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان»[11] دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە: «伽师信黎 يەنى Kāšγār ، ‹伽师› (Kāš) بىلەن (i) γār نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، بۇ قەدىمكى ساك تىلىدا ‹رايون›، ‹دۆلەت› دېگەن مەنىدە»[12] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ يۇەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ماتېرىياللاردا ئاللىقاچان «Kasgiri» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىللە، ھازىرقى «پەيزاۋات» نى بىلدۈرىدىغان «伽师» خېتىنىڭمۇ ئەنە شۇ جياشىجىلى (伽师祇离) دىن كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

قەشقەرنىڭ ئورنى توغرىسىدا، جۇملىدىن «迦师城» نىڭ ئورنى مەسىلىسىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئەسەرلىرىدە ھەر خىل خاتىرىلەر بار. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 12- جىلدىدا: « ‹چۇشا دۆلىتى› دېگەن نام كونا سۇلىنىڭ شەھەر نامى بولۇپ، رەسمىي تەلەپپۇز قىلىنىشى شىلى چىسۇدۇدى (srikritati) دىن ئىبارەت، سۇلى دېگەن سۆز ئۇنىڭ قوپاللاق ئېيتىلىشى»[13] دېيىلگەن. پتولېمى «جۇغراپىيە تەپسىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «سىكتىلار Imaus تاغ تىزمىسىنىڭ سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان، kasia دۆلىتى بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا»[14] دەپ يازغان. «ھازىر پتولېمى ئوتتۇرىغا قويغان Imaus تاغ تىزمىسىنى قەشقەر تاغ تىزمىسى دەپ قارىغۇچىلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ»[15]. رېننېل (Rennell)مۇ « ‹kasia› بۈگۈنكى قەشقەر»[16] دېگەننى ئالغا سۈرگەن. لىستوفىن بۇ تاغ تىزمىسىنى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى دەپ قاراپ: «تۈرك تىلىدا قاشتاشنى kes دەپ ئاتايدۇ، issedon serica بولسا Kasia تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدا»[17] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما Kasia دۆلىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. خېلمان ئۆزىنىڭ «خەرىتە» سىدە Kasia دۆلىتى «يەكەن بىلەن تاشقورغان ئارىلىقىدا»[18] دېگەن. پتولېمى «خەرىتە» دىكى ئورۇنغا ئاساسلانغاندا «Kasia دۆلىتىنى قەشقەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى ئەسەرلەردە بۇ خىل ناملار ئاز ئەمەس»[19] دەپ خاتىرىلىگەن. مىلادىيە 696 — 699- يىللاردىكى «ئاۋاتامساكا» نىڭ

تەرجىمىسىدە سۇلى «khasa» دەپ تەرجىمە قىلىنغان[20].

«جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»دا: «سۇلى خەن دەۋرىدىكى قەدىمىي دۆلەت، مەركىزى 迦师城، 20 مىڭ ئەسكىرى بار، پادىشاھى پېيى ئۇرۇقىدىن، غەربىي تۈركلەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. تۈركلەرگە قارام ئىدى»[21] دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي ئەل مىللەتلىرى تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت» تە قەشقەر ئاتالغۇسىغا ئىزاھات بېرىلىپ، كاشغەر (سۇرىيكا 伽师黎) نىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇنداق قاراشلار بار: بىرىنچى، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى؛ ئىككىنچى، بۈگۈنكى پەيزاۋاتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى «خىتايچىن» قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئەتراپىدا[22] دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكى كىتابتا يەنە «كېيىش بەگلىكى» ئۈستىدە توختىلىپ، «شىشا»، «شىشەن» (世善)، «جىيېشى» (竭石) قەدىمكى خەن دەۋرىدىكى سۇرىيكا (قەشقەر) دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نامى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇنداق قاراشلار بار: بىرىنچى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئەتراپىدا؛ ئىككىنچى، ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيەسىدە[23] دەپ ئىزاھلانغان. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ «سۇلى — چۇشا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پادىشاھى پېيى ئۇرۇقىدىن، ئىسمى ئامۇجى، ئۇ «迦师城» دە تۇرىدۇ، تۈركلەرنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغان»[24] دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دىمۇ: «FaiZabad (牌租阿巴特) بۈگۈنكى پەيزاۋات ناھىيەسى، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى پەيزاۋاتتا بولغان»[25] دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكى بىر قاتار تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا سۇلى (قەشقەر) دۆلىتىنىڭ مەركىزىنىڭ پەيزاۋاتتا ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن. ستەيىنمۇ چۇشا ھازىرقى قەشقەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك سۆز، مەركىزى بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنراق بىر جاي بولۇشى مۇقەررەر»[26] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

«喀什噶尔» نىڭ «喀什» دەپ قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلىشى

«佳沙» بىلەن «迦师» لارنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى قىسقارتىلما شەكلىنى دەلىل بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلارنى يىغىنچاقلىغاندا، «Kasia»، سۇلى (疏勒)، «جىيېشى» (竭石)، «جىيېچا» (竭叉)، «چۇشا»، «شىشەن» (世善)، «شىشا»، «شالى (沙勒)، «شىلى چىسۇدودى» (室利讫栗多底)، «جياشىجىلى»، «چىسىخائېر» (乞思合儿)، «كېشىخالى» (可失哈里)، «جياشى» (迦舍)، «كاشى» (喀什) دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ھەر خىل يېزىلىشى بولۇپ، بۇ ناملار «伽师» (kas دۆلەت، رايون)غا تاغ دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «γar(i)» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن «تاغ ئارىسىدىكى دۆلەت» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «جياشىجىلى» (伽师祇离) دىن كېلىپ چىققان.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، پەيزاۋات ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغاندا، خەنزۇچە نامنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «伽师» دېگەن ئىككى خەت قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىلگىرىكى قەشقەر دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان «迦师城» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئورنى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۈچ قېتىم يۆتكىلىپ ھازىرقى ئورنىغا مۇقىملاشقان. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «迦师城» دېگەن نام بارا - بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «喀什» دېگەن ئىككى خەت ئالماشقان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيزۇللا بەگ بۇ جاينى قايتا ئاۋاتلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ نامى پەيزۇللانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «پەيزۇللانىڭ ئاۋاتى»، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «牌租阿巴特» دەپ خاتىرىلەنگەن.

گۇاڭشۈنىڭ 28- يىلى (1902- يىلى) پەيزاۋات ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان ۋاقىتتا «牌租阿巴特» دېگەن سۆز ئىشلىتىلمەي، ئىلگىرىكى قەشقەر دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان ۋاقىتتىكى «伽师» دېگەن نامى ئىشلىتىلگەن.

تارىخي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەر - جاي ناملىرىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامىنىڭ «伽师» خەتلىرى بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، «伽师» دېگەن ئىككى خەت شۇ خىل تارىخي تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە ھازىرقى «伽师» دېگەن ئىككى خەتكە مۇجەسسەملىنىپ، ھازىرقى قەشقەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، پەيزاۋاتنى خەنزۇچە «伽师» دەپ ئاتىماي، «牌租阿巴特» دەپ ئاتاش بىرقەدەر مۇۋاپىق.

ئىزاھاتلار:

[1] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - قىسىم، 435 - بەت.

[2] يۇقىرىقى كىتاب، 755 - بەت.

[3] «غەربىي يۇرتنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»، 1 - جىلد، 4 - رىسالە.

[4] «قەشقەر يىلنامىسى» (1985)، ئۇيغۇرچە، 184 - بەت.

[5] يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 86 - بەت.

[6] يۈسۈپ ئۆمەر: «پەيزاۋات ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1988 - يىلى 3 -، 4 - سان، 48 -، 49 - بەت.

[7] راخمان تۆمۈرشاھ: «يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى)، ئۇيغۇرچە، 1984 - يىلى 1 - سان، 81 - بەت.

[8] خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار تۈزگەن «پارس تىلىدىن ئاساس»، 328 - بەت.

[9] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە

مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى»، خەنزۇچە، 29- بەت.
[11] داۋۇت سايىم: «غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ئىزاھلىق لۇغەت»، شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخا، ئۇيغۇرچە، I توم، 337- بەت.
[12] «〈بۈيۈك تالڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى〉 نىڭ شەرھىيسى»، 12 - جىلد، 996- بەت.
[13]، [14]، [15]، [16]، [17]، [18]، [19] سېن جۇڭمىيەن: «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيەۋى ئاتالغۇلارنىڭ شەرھىيسى»، خەنزۇچە، 2 - قىسىم، 343- بەت.
[20] پېللىئوت: «〈قەشقەر〉 ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1986- يىلى 1- سان، 65- بەت.
[21] «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە، 112- بەت.
[22]، [23] داۋۇت سايىم: «غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ئىزاھلىق لۇغەت»، شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخا، II توم، ئۇيغۇرچە، 274- بەت.
[24] «يېڭى تاڭنامە»، 1975- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6233- بەت.
[25] «غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرى»، 1983- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 26- بەت.
[26] پېللىئوت: «〈قەشقەر〉 ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1986- يىلى 1- سان، 66- بەت.

# «قەشقەر»نى ئىزدەپ[1]

ئۆمەرجان ئىمىن

ئۇنىۋېرسىتېتتا تارىخ كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىمىز دەرس ئارىلىقىدا قەشقەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، پىروفېسسور سۇ بېيخەي بىلەن مەرھۇم ئابلىمىت روزىنىڭ «سۇلى ھەم قەشقەر» نامى ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىككى ماقالە ھەرھالدا قەشقەرگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئىچىدىكى ياخشى ماقالىلەردىن ھېسابلىناتتى. بۇ ئىككى ماقالىدە «قەشقەر» نامى ئايرىم-ئايرىم ھالدا موڭغۇللار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دېيىلىش بىلەن بىرگە، «سۇلى» دېگەن نامنى قەدىمىي تۈركىي تىللاردا «سۈيى ئەلۋەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغانىدى.

كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە يىپەك يولى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى، ھەتتا مەخسۇس تېمىدىكى ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. ئەمما، بۇ جەرياندا قەشقەرنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان دەۋرىدىكى ئاتىلىشلىرىغا «سىرىس»، «ئوردۇكەنت» دېگەنناملار قوشۇپ قويۇلغاچقا، ئەسلىدىنلا قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇ نام تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىڭ ئۈستىگە، ئىلمىي ئاساسى يوق پىكىرلەر بارغانچە كۆپىيىپ، بۇ جەھەتتىكى قايمۇقۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

---

[1] ئۆمەرجان ئىمىن: «‹قەشقەر›نى ئىزدەپ»، «مىراس» ژۇرنىلى 2007-يىللىق 5-سان، 31 — 46-بەتلەر.

بۇ ماقالىدە ئۇزاقتىن بۇيان توپلىغان يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق قەشقەرنىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە بۇ نامىلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

قەشقەر «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «سۇلى» دېگەن نامدا كۆرۈلگەندىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 727 - يىلى «كاشگىرى» دېگەن نامدا ئاتالغىچە بولغان ئارىلىقتا سۇلى، سۇليا، سۇلىك، سۇلىگ ۋە سۇلى دېگەن ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەنىدى. گەرچە بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى «سۇلى» دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ئۇقۇشماسلىق، بۇ سۆزنىڭ قايسى خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىغا مەنسۇپلۇقى بىلەن، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ زادى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە كۆرۈلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كۆپ سانلىق شەرقشۇناسلار بۇ ھەقتە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋرېل ستەين، مىنورىسكىي، پېللىئوت، ھېرمان، چاۋاننېس، شىراتورى كۇراكىچى، روكھىل، توماس، بەيلېي، ئېمىرسون، فېڭ چېڭجۈن، سېن جوڭمىيەن، سۇ بېيخەي، گېڭ شىمىن، ئىبراھىم مۇتئىي، رۇڭ شىنجياڭ، لىن مېيسۈن، چيەن بوچۇەن قاتارلىقلار بىر قاتار ئەھمىيەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى.

بىرىنچى، «سۇلى» — سۇلۇق ياكى سۇلىك دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تۈرك تىلىدا سۇ بار جاينى «سۇلۇق» دەپ ئاتايدۇ. قەشقەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك بولغاچقا، «سۇلى» دەپ ئاتالغان[1].

ئىككىنچى، «سۇلى» — خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى سۇلى (سوغد) بولۇپ، «سۇلاق» ياكى «سۇلى»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، «سۇلاق» ياكى «سۇلى» سۆزلىرى «سوغداق»نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر[2].

ئۈچىنچى، «سۇلى» — ھۇن تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سەددىچىن ئەتراپىدىكى موڭغۇللار «سېرىق» دېگەننى

«سىرا» دەپ ئاتايدۇ. داغۇر ۋە شىبە تىللىرىدىمۇ «سېرىق»نى «سارا» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «سېرىق» دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى سىيانپىي تىلىدا «سا ـ ئارق» دېيىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى بىر دەريا «ساراق» دەپ ئاتالغاچقا، «سېلىنگا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان[3].

تۆتىنچى، قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، «سېرىس» دەل جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ. ئەينى چاغدا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا نام بىلەن ئاتايتتى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «سېرىس» ــ ئەمەلىيەتتە «سۇلى»نىڭ دەل ئۆزىدۇر[4].

يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراش بىرقەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، كېيىنكى ئىككى خىل قاراش پەقەت يېقىنقى مەزگىللەردىلا ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى ئاساسىمۇ ئاجىز بولغاچقا، ئانچە زور قوللاشقا ئېرىشەلمەي كەلدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «سۇلى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تىل ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دەلىللەش مۇھىم بولۇپلا قالماي، «سۇلى» نامىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئاتىلىشلىرى ئىپادە قىلىنغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى.

قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ھەققىدە ئىزدەنگەن كۆپ سانلىق ئالىملار: «ھۇنلارنىڭ زەربىسى بىلەن غەربكە كۆچكەن توخرىلار ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كەلگەندە، بۇ جايلاردىكى ساك پادىشاھى جەنۇبقا سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاھالە ئۇدۇن، تۇمشۇق ۋە قەشقەر ئەترابىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، قەشقەرنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى تەشكىل قىلدى» دەپ قارايدۇ. لېكىن، قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ بىر تۈركۈم ساكلار قەشقەر تەۋەسىگە كېلىشتىن ئاۋۋاللا بۇ جايلاردا «دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇمچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر» بار ئىدى[5]. شۈبھىسىزكى، ئۇلار قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى غوجايىنلىرى بولۇپ،

تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئاھالىلەر بىلەن زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىدى. قەشقەردىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشقورغاندىكى شامبابا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، بۇ باش سۆڭەكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چېگراسى ئىچىدىكى شەرقىي، جەنۇبىي پامىر ساكلىرىنىڭ باش سۆڭەكلىرى بىر - بىرىگە يېقىن ئىدى[6]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرپانە (تاشقورغان) بەگلىكىدىكىلەرنىڭ تىل - يېزىقى سۇلالىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى[7]. بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يىل دەۋرى جەھەتتىن بۇنىڭدىن 2500 — 2900 يىللار ئىلگىرىكى چاغلارغا توغرا كېلىدىغان شامبابا ئادەملىرى ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ساكلار جەنۇبقا كۆچۈپ، ئۇدۇن، تۇمشۇق ۋە قەشقەر ئەتراپىغا كەلگەن يىللار (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177—176 - يىللار)دىن خېلىلا بالدۇر ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئىلى ساكلىرى پامىر ئېتەكلىرىگە قاراپ كۆچۈشتىن بۇرۇنلا، پامىر ساكلىرىنىڭ قەدىم ئىزلىرى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئاللىقاچان يېتىپ بېرىپ، بۇ ۋادىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئاھالىلەر نۇقتىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى.

پامىرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئاھالىلەر تۈركۈملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ئەمەلىيەتتە بىرقەدەر بالدۇرقى تارىخىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ساك قوۋملىرىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقىنىڭ شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى رېئاللىق بولغىنىدەك، قان جەھەتتىن ساكلارغا يېقىن تۇرىدىغان باشقا قوۋملارنىڭمۇ دىيارىمىز تۇپرىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەقىقەت ئىدى، بۇ خىل رېئاللىق ئەلۋەتتە، پامىرنىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا پاسىلى شەكىللەنمىگەن ئەينى چاغ شارائىتىدا، ئىككى تەرەپ ئاھالىلىرىنىڭ مۇقىم بىر جاي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما، بۇ نۇقتا پەقەت

ئارخېئولوگىيەلىك ئىزدىنىش ساھەسىدىلا ئەكس ئېتىۋاتقان بولغاچقا، نوقۇل يازما مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىن ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئەكس ئېتىلگىنى دەل مۇشۇ خىلدىكى چۈشەنچە بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە ئىلى ساكلىرى پامىرغا كۆچكەندە، بىر قىسمىنىڭ قەشقەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، قەشقەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئاھالىسى بىلەن غەربىي پامىر ئاھالىلىرىنىڭ زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ دېگەنلىك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىدىن بولغان ئىران تىللىق سوغدلارنىڭ پائالىيىتى يالغۇز ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان ۋادىسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى ساك قوۋملىرى بىرقانچە تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان زامانلاردىلا، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا ياشاۋاتقانىدى دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولغاندا سوغدلارنىڭ تارىم بويىدىكى بوستانلىقلاردىكى پائالىيەتلىرىگە قارىتا ۋاقىت چېكىنى بەكلا ئارقىغا سۈرۈشنىڭ ئۇنچىۋالا زۆرۈرىيىتى قالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا پامىرنىڭ شەرقىدە ئىككىنچى بىر زەرەپشان ۋادىسىنى بەرپا قىلىپ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولاتتى. ناۋادا مۇشۇ ھۆكۈم توغرا بولىدىغانلا بولسا، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «سۇلى»نىڭ سوغدلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش بىلەن بىرگە، پامىرنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىدا زور پەرقنىڭ يوقلۇقىنى جەزم قىلىش قىيىنغا توختىمايتتى.

«سۇلى» نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «疏勒» ياكى «沙勒» دېگەن يېزىلىشىغا كەلسەك، پ. س. باچى چاندىرا ئۆز تەتقىقاتىدا بۇنىڭ «surik» ياكى «sulik» دېگەندەك يەرلىك ناملار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[8]. روشەنكى، بۇ «سۇلى» نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولۇپ، بۇ سۆز يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىن «سۇلى» (疏勒) دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

بۇ ئېتىراپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان پاكىت بولۇپ، «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»غا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى «疏» خېتى «jia» ياكى «jio» دەپ، «勒» خېتى بولسا «lek» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى[9]. بۇنىڭدىن «疏勒» نىڭ «jiolek» ياكى «jialek» ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بۇ يەرلىك ئاتالغۇلارنىڭ سۇلىنىڭ تىبەتچە ئاتىلىشى بولغان «shuleg» ياكى «shulig» قا خېلىلا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. بۇ ھەقتە پروفېسسور خ.ۋ. بەيلېيمۇ «سۇلى»نىڭ خەنزۇتىلىدىكى ئەسلىي ئاھاڭىنى sio–lek ياكى siele<siwo–lek دەپ كۆرسىتىپ، قەشقەر-نىڭ خەنزۇچىدىكى باشقا ناملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىران تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ[10]. ئەلۋەتتە، بۇنداق قاراش بىرقەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، پائول پېللىئوتمۇ بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىنى «ئېھتىمال، سوغد تىلىدىكى مەلۇم بىر نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن»[11] دەپ ھېسابلىغانىدى. ئېلىمىز ئالىمى سېن جۇڭمىيەنمۇ سوغد تىلىنىڭ d ۋە L دىن ئىبارەت ئىككى خىل دىيالېكتىغا ئاساسەن، سۇلىنى سوغدلار قۇرغان ئەل[12] دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمما ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە بۇ خىل پەرەزنى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ماتېرىيال جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئورتاق تونۇشقا ئايلىنالماي كەلدى.

فونېتىكا جەھەتتىن ئالغاندا، سوغد تىلى d تىلى ۋە L تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل دىيالېكتقا بۆلۈنەتتى. d تىلى سوغدلارنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونلىرىدا تارقالغان، L تىلى بولسا جەنۇبىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە تارقالغانىدى. d تىلى بويىچە، سوغدلارنىڭ نامى «سوغد» ياكى «سوغداق» دېيىلسە، L دىيالېكتىدا بۇ سۆز «سۇلى»، «سۇلىك» دېيىلگەنىدى. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدلارنىڭ تىلى L دىيالېكتىغا مەنسۇپ ئىدى[13]. سوغد تىلىنىڭ بۇ خىلدىكى ئالاھىدە شېۋە پەرقى قەدىمكى خوتەن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، ھەممىسىدىلا سودا، تىجارەتنى ئاساس قىلغانىدى.

مەسىلەن، پروفېسسور خ. ۋ. بەيلېي، سىۋېن ھېدىن قاتارلىقلار توپلىغان ماتېرىياللار ئىچىدىن بۇنىڭغا ئائىت 14 مىسالنى ئايرىپ چىققان بولۇپ، sulyana, sulina, sulo, sulyau, suli, sulya قاتارلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى سوغدلارغا قارىتىلغان دەپ كۆرسەتكەنىدى[14]. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «سۇلى» نىڭ تەلەپپۇزىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

لېكىن، بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، قەدىمكى سۇلى ئېلىنىڭ ئاھالىسىنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىغا ياكى قايسى تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بولغاچقا، بۇ نۇقتىدا تۇمشۇق ساك تىلىغا نەزەر ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تۇمشۇق ساك تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىلغا ئائىت ۋەسىقىلەر قەشقەردىن ئانچە يىراق بولمىغان مارالبېشىدىكى تۇمشۇقتىن تېپىلغان بولۇپ، خوتەن ساك تىلىغا ئوخشاش، ساك تىلىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. 1913- يىلى ئا. فون لېكوك تەرىپىدىن تۇمشۇق خارابىسىدىن تېپىلغان 1- نومۇرلۇق ۋەسىقىدە بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرقەدەر روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇدانا» (sudana) دېگەن سۆزمۇ ئۇچرايدۇ ھەم يەرلىك ئايماق ئەمەلدارى بىلەن سۇدانادىن كەلگەن پۇقرا سېنجۇ (sencu) نىڭ مەجبۇرىيىتى تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى «سۇدانا» دېگەن سۆز «suda ئېلىدىن كەلگەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، «سۇلى» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ. sudana سۆزى يەنە «سۇلى» نىڭ رىم ۋە قارۇشتىچە ئاتىلىشى بولغان «solana» ياكى «suliga» دېگەن شەكىللەرگىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل تىل پاكىتلىرى يەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلىدا ھەقىقەتەن L ياكى d دىيالېكتلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ئالمىشىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، «suda» نى «سۇلا» دەپ ئوقۇشقىمۇ بولاتتى. «na» بولسا «suda» نىڭ سۈپەت شەكلىگە قارىتىلغانىدى. شۇنىڭدەك، سۆز ياسىغۇچى ئۇلانمىلىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى[15].

«سۈلى» نامىنىڭ «seres» ياكى خۇن، تۈرك تىللىرىدىكى «sarig» ھەم «suwalek» دېگەن شەكىللىرىگە كەلسەك، بۇ يەردە پەقەت خۇن تەگرىقۇتى مودۇنىڭ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 176- يىللىرى ئەتراپىدا خەن سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇپىدا تىلغا ئېلىنغان «توخرىلار تارمار قىلىنىپ قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. كىروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى»[16] دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئۇرامىدىن ھۇنلار توخرىلارنى ئەمدىلا مەغلۇپ قىلغاندا، غەربىي يۇرتتىكى شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرى ئالللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى، بولۇپمۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «كىروران قاتارلىق 26 ئەل» دېيىلگىنى ئەسلىي 36 بەگلىككە قارىتىلغانىدى، يەنى بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «سۈلى» ئېلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن، سۈلى قاتارلىق ئەللەرنى ھۇنلار قۇرغان دېگەندىن كۆرە، ھۇنلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇلار دەككە - دۈككە ئىچىدە كىروران قاتارلىق ئەللەرگە ئەگىشىپ بەيئەت قىلغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنداق تونۇش خېلىلا ئىلمىي بولۇپ، مودۇن تەگرىقۇتنىڭ يۇقىرىقى مەكتۇپىدىن ھەرگىزمۇ ھۇنلارنىڭ سۈلى ئېلىنى قۇرغانلىق مەنىسى چىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، شۇنداق قاراش غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرىنى كەلسە - كەلمەس تەتبىقلايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت جۈملىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، «سۈلى» نامىنى يۇنان مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «seres» ئاتالغۇسىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە كەلسەك، بۇمۇ ئوخشاشلا ھېسسىياتقا بېرىلىش ھەم زورۇقۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. يەنە بىر مۇنچە ئالىملار «seres» سۆزىنى «چىن» ياكى «چىنا» ئاتالغۇلىرىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىندا ئەل مەزھەرى «seres» ئاتالغۇسىنى خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن «西域» (غەربىي يۇرت) نامىغا باغلاپ چۈشەندۈردى[17]. ئەمەلىيەتتە، «ھازىرقى ‹西域› (غەربىي يۇرت) نامى قەدىمكى ‹seres› ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى» دېگەن مەنىدىكى بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر

پولوكوپ (مىلادىيە 500 — 566- يىللار) يازغان «گوتلارنىڭ ئۇرۇشى» ناملىق ئەسەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق قەيت قىلىنغانىدى:

«...... دەل شۇ چاغدا ھىندىلار (تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئارىسىدىن كەلگەن بىر بۆلۈك راھىبلار پادىشاھ جۇستىنىئاننىڭ ۋىزانتىيەلىكلەر ئەمدى پارسلارنىڭ قولىدىن يىپەك سېتىۋالمىسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇۋاپىق پەيت تېپىپ، جۇستىنىئانغا ۋىزانتىيەلىكلەر پۈتۈنلەي پارسلاردىن ياكى يىپەك ئىشلەپ چىقىرىدىغان باشقا ئەللەردىن يىپەك سېتىۋالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار: ‹بىز نۇرغۇن ھىندىلار (بۇددىستلار) تۇرىدىغان بىر شەھەردە تۇرىمىز. ئۇ جاي سېرىندىيە (غەربىي يۇرت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىز ۋىزانتىيەلىكلەرگە بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ بېرىمىز› دېدى. پادىشاھ جۇستىنىئان ئۇلاردىن ۋىزانتىيەدە يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيەتلىرى بار - يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قانداق كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى سورىدى. راھىبلار جاۋاب بېرىپ: ‹يىپەكنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى تەبىئەتنىڭ قوماندانلىقىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان پىلە قۇرتلىرىدۇر، تەبىئەت ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ› دېدى»[18].

يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، سېرىس ياكى سېرىندىيە بىرقەدەر كەڭ ئۇقۇم بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر شەھەر ياكى بىر ئەلگە قارىتىلمىغانىدى. «سۇلى» بىلەن «سېرىس» نىڭ ئاددىي ھالدىكى ئوخشاشلىقىنى پاكىت ئورنىغا دەستتۇپلىش ئالدىراقسانلىقتىن، يەڭگىلتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، «سېرىس» قەدىمكى يۇنان ۋە رىم جۇغراپىيونلىرىنىڭ نەزەرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «سۇلى» بىلەن سوغد، سۇلاق، سۇدانا سۆزلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، پىروفېسسور خ.ۋ. بەيلېينىڭ «suli, suliya سۆزلىرى ‹سۇلىلىق› (قەشقەرلىك،

مىرزا، سودىگەر) دېگەن مەنىگە ئىگە»[19] دېگەن قارىشىغا ئاساسلانغاندا، «سۇلى»نى «سوغد» سۆزى بىلەن ئوخشاش ياكى سوغد قوۋملىرى قۇرغان ئەل دەپ ھېسابلاشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بۇ سۆزنى «سۇلىلىق» (قەشقەرلىك) دەپ چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، باشقىلار شۇنداق ئاتىغان تەقدىردىمۇ، سۇلى ئېلىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇنداق ئاتىمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ۋېنگىرىيە ئالىمى خارماتانىڭ «سوغد» سۆزىنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس جاي» دېگەنلىكتىن ئىبارەت» دېگەن چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، «سۇلى» سۆزى بۇ خىل ئېنىقلىمىغا توغرا كەلمىسىمۇ، «سوغد» سۆزىنى يەنىلا «سودىگەر» دەپ چۈشەنگەن تۈزۈك. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىكى سوۋلاغ بىلەن كوناشەھەرگە قاراشلىق لەنگەردىكى سوۋلاغ ناملىرى بولسا سوغد تىلىدىكى L دىيالېكتىنىڭ يەر ناملىرى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ مۇھىم بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، بۇ ناملارنىڭ ئەسلىدىكى ئېنىقلىمىسىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «سۇلى» نى تۈرك تىلىدىن كەلگەن سۆز دەپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا زورۇقۇشنىڭ، ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، سۇلىنىڭ كېيىنكى نامى بولغان «قەشقەر» دېگەن ناممۇ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالغان سۆز ئىدى.

مەلۇمكى، قەشقەر دىيارى «سۇلى» دەپ ئاتالغاندىن تارتىپ تاكى «قەشقەر» نامى ئۆزلەشكىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تارىختا يەنە Gah - Jah, kesh, khasa, kash, kheysva, kashghar دېگەندەك بىرقانچە خىل ئاتىلىشلار بىلەنمۇ كۆرۈلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئاتىلىشلار، يېشىم ۋە ئىپادە قىلغان ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلەنگەچكە، بەزىبىر مۇرەككەپلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى. شۇ

ۋەجىدىن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خېلى كۆپ سانلىق ئالىملار «سۇلى» نامىنىڭ داۋامى بولغان «قەشقەر» نامى توغرىسىدىمۇ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. گەرچە پىكىرلەر ھەر خىل بولسىمۇ، بەزى قاراشلار قوللانما خاراكتېرلىك مۇھىم ئەسەرلەردىن ئورۇن ئالدى. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل رەڭ دېگەننى «قەش» دەپ، خىش ۋە كاھىشتىن ياسالغان ئۆينى «غەر» دەپ ئاتايدۇ. سەۋەبى، قەشقەردە خىش ۋە كاھىشتىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ ئىدى[20].

ئىككىنچى، «قەش» تۇنجى دېگەننى، «غەر» بارلىققا كەلمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ[21].

ئۈچىنچى، «قەشقەر» — ئادەملىرى جاھىل، كۆندۈرمەك قىيىن دېگەننى بىلدۈرىدۇ[22].

تۆتىنچى، ئىران تىلىدا «kash» دېگەن سۆز قاشتاش دېگەن مەنىنى، بالۇك تىلىدا «ghar» دېگەن سۆز «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ۋاخان ۋە ئافغان تىللىرىدا بولسا «تاغ» دېگەننى «ghar» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا، «قەشقەر» دېگەن سۆز «قاشتاش شەھىرى» ياكى «قاشتاش تېغى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ[23].

بەشىنچى، «قەشقەر» — بۆرە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۆرىنى qasqir دەپ ئاتايتتى. بۇ سۆزنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار[24].

ئالتىنچى، «قەشقەر» — كاش ئېلى (چۇشا دۆلىتى) دېگەننى بىلدۈرىدۇ[25].

يەتتىنچى، «قەشقەر» — ئېفتالىتلارنىڭ تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، كەنجەكلەر قوللانغان تىل ئېفتالىتلارنىڭ تىلى بولۇشى مۇمكىن[26].

سەككىزىنچى، «قەشقەر» — «قاشقىر» دىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەردىكى «قاش» قاشتاشنى ئەمەس، بەلكى دەريانىڭ قېشى، «دەريانىڭ ياقىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «قىر» سۆزى بولسا «تېرىلغۇ يەر» دېگەن مەنىدە[27].

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل قاراش «قەشقەر» نامى ھەققىدىكى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ تولۇق ئىستاتىستىكىلىق سانىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ، مەن پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارىغانلىرىمنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلەندىم.

يۇقىرىدىكى قاراشلار ئىپادە قىلغان ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، بۇ قاراشلارنى كۆچكە ئىگە دەپ قارىغۇچىلار، ئومۇمەن «قەشقەر» نامىغا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، «قەشقەر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە سەل قارىغاندى. ئەگەر مۇشۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، «قەشقەر» نامىنىڭ يەنىلا قەدىمكى سۇلى ئېلىدىكىلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، «قەشقەر» نامىنىڭ «سۇلى» ئاتالغۇسى تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرىلا مەيدانغا كېلىپ بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «قەشقەر» نامىنىڭ تارىختىكى بىرقانچە خىل يېزىلىشىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپمۇ بۇ ھەقتە مەلۇم پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن.

«قەشقەر» نامىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، ساك، سانسكرىت، تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا، خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى. مەسىلەن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىق تەپسىرى» دە يۈي خۇەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ساكارائۇل، يولئېرىق، سىغناق، قىرپانە، كېش (竭石) قاتارلىق 12 بەگلىكنىڭ سۇلى ئېلىگە تەۋە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېش (竭石) بەگلىكى سۇلى ئېلىنىڭ قارىمىقىدىكى جاي ئىدى. بۇ ھەقتە چاۋاننىس «كېش ئاتى سۇلالىسى دەۋرىدە چۇشا ۋە كاش دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ بۇگۈنكى قەشقەردۇر. ھازىرمۇ بۇ سۆزدە kach دېگەن ئاھاڭ ساقلىنىپ قالغان»[28] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش ئەقىلگە خېلى مۇۋاپىق بولۇپ، «قەشقەر» دېگەن نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى قىسقارتىلغان

شەكلىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى دەسلەپ كۆرۈلگەن يىللاردىن (مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ باشلىرى) خېلىلا بۇرۇنقى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادىيە 220 ــ 280- يىللار) دە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

لېكىن، «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»غا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى «竭石» دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «giat» ۋە «ziŏk» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنىڭ سوغديان رايونىغا تەۋە قاشقا دەريا جىلغىسىدىكى كېش (羯石 ياكى 乞史) نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقايمىز، يەنى بۇ يەردىكى «羯» خېتى «kiat» دەپ، «史» خېتى «jĭa» دەپ، «乞» خېتى «kĭŏt» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا[29]، «kĭŏjĭa» ياكى «kĭŏjĭe» دېگەن شەكىل ھاسىل بولاتتى. روشەنكى، بۇ كېشنىڭ ئەينى چاغدىكى تەلەپپۇزى بولغاچقا، بىزنىڭ سۇلىغا قاراشلىق «羯石» ياكى «乞史» نامىنىڭ ھازىرقى «kesh» شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى بىلەن سۇلىغا قاراشلىق «竭石» نىڭ «قەشقەر» نامىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «kash» شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم لوگىكىلىق باغلىنىش بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق چۈشىنىش ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر يېقىن بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە «kesh» تىن «kash» قىچە بەزىبىر ئۆزگىرىش جەريانلىرى كۆرۈلگەنىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى سۇلى ئېلى بىلەن ئۇدۇن ئېلىنىڭ قورۇلۇشىدىن ئىبارەت بىر ئارقا كۆرۈنۈشنى ۋاستە قىلغانىدى. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش «kesh» ياكى «kash» سۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ سۇلى ئېلى تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى مەلۇم بىر شەھەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيتتى. بۇ ھەقتە «ئۇدۇن لىئۇل تارىخى»دا مۇنداق قەيت قىلىنغانىدى:

«ۋىجايا دارمانىڭ ئىنىسىدىن كېيىن، ۋىجايا دارمانىڭ جىيەنى ۋىجايا سىمغا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە، گاھجاك (ga - hjag) پادىشاھلىقى لىئۇلنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغانىدى.

بىراق، ۋىجايا سىمغا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، گامجاڭ پادىشاھىنى بۇددىغا ئېتىقاد قىلىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى. ۋىجايا سىمغا گامجاڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئالىيۇ گامجاكنى ئەمرىگە ئالدى. مەلىكە ئالىيۇ گامجاكنىڭ سۆلىدىن كەلگەن تەقۋادار دوستى ئاريا ئارخات بودۇن سەگىس پادىشاھ ۋىجايا سىمغاغا ۋاكالىتەن خانىش ئالىيۇ گامجاك ئۈچۈن خىيېسونا (khye－so－na) نامىدىكى بىر ئىبادەتخانىنى سېلىپ بەردى. ھازىر بۇ ئىبادەتخانىنى دېۋاكاپىلا قوغداپ تۇرماقتا»[30].

يۇقىرىدىكى خاتىرە بىرقەدەر چۈشىنىكسىزدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدا «قەشقەر» نامىنى ئېنىقلاشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىرقانچە نۇقتا ئەكس ئەتكەندى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا سۆلى ئېلىنىڭ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي قىستۇرما تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتە باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان ۋەقەلەردەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ياركەنت ساكارائۇل بەگلىكىنىڭ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. چۈنكى، ياركەنت ساكارائۇل بەگلىكى مىلادىيە 30- يىللاردىن 60- يىللارغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چېتىدە ھاكىمۇتلەقلىق يۈرگۈزگەندە سۆلىنىمۇ قوشۇۋالغانىدى، بولۇپمۇ ياركەنت ساكارائۇل بېگى شيەن (xien) ئۇدۇنغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرگەنىدى؛ ئىككىنچىدىن، شيەنىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ئۇدۇنىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدى، بولۇپمۇ ئۇدۇنلۇق ئاقسۆڭەك شيۇموبا ۋە ئۇنىڭ جىيەنى گۇاڭدېنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى بىلەن ساكارائۇل بېگى شيەن كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئۆز قىزىنى گۇاڭدېغا بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇدۇنلۇق ئاقسۆڭەك شيۇموبا ئۇدۇن ۋىجايا خان جەمەتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان تەختىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ ۋىجاياد ھارما دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ جىيەنى گۇاڭدېمۇ ۋىجايا سىمغا دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ياركەنت ساكارائۇل بەگلىكى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سۆلى قاتارلىق ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇنغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرىشى ھەقىقەتەن رېئال تارىخ بولۇپ، كېيىن ساكارائۇل بەگلىكى مۇنقەرز بولغاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى سۆلى ئىگىلىگەنىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا سۆلىغا

بۇددا دىنى ئەمدىلا تارقىلىپ كىرىۋاتقان بولغاچقا، ساكارائۇل بېگى شيەن ئۇدۇننىڭ يېڭى بېگى گۇاڭدىغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلغاندا، ئۇدۇنلۇق راھىبلارنىڭ سۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا يول قويغان بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇدۇن بېگى گۇاڭدىنىڭ بۇ جايلاردا خېيېسونا نامىدىكى ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كەڭرى تارقىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. بۇ قىياس بەزى ئالىملار تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، پ. چاندىرا باغچى بىلەن خ. چاندىرا باسۇ مالىك بۇ ھەقتە: «قەشقەر...... كېيىن خوتەن ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، كۇشان ئىمپېرىيە-سىنىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلانغان»[31] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش بىرقەدەر ئورۇنلۇق بولۇپ، مېنىڭچە بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا — ئىبادەتخانىنىڭ نامى بولغان «khye — so — na» سۆزىنىڭ «kesh» ياكى «kash» ناملىرىغا يېقىن كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

«khye — so — na» سۆزىگە يېقىن كېلىدىغان ئاتالغۇغا كەلسەك، پائول پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن ئۇدۇن يېزىقىدىكى 9.5538a نومۇرلۇق ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرانىڭ شاجۇدىكى سار يۇەنجۇڭغا يازغان مەكتۇپنامىسىدە «khyeseva kara» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. مەكتۇپتا ۋىجايا سۇرانىڭ (967 — 977) 7- ئايدا قوشۇن باشلاپ «khyeseva kara»نى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت ئالاقىدار ئەھۋاللار سۆزلەنگەنىدى. پىروفېسسور پۇللىي بىلانك بىلەن پىروفېسسور خ. ۋ. بەيلېيي «khyesevakara» نى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «kashgari» نى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىت بولۇپ، خۇاڭ شىڭجىياڭ قاتارلىقلار ئېيتقاندەك، «kashgari» بىلەن «khyesa»نى ئوخشاش بولمىغان ئىككى شەكىل، «khyesa» بولسا چۇشا (kash) نىڭ ئاھاڭى دەپ قاراش kara بىلەن «khyesa» نى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس[32]. چۈنكى، ئۇدۇن قوشۇنلىرى قەشقەردىكى بۇددىستلار بىلەن

ماسلىشىپ، مىلادىيە 969- يىلى قاراخانىيلارنىڭ قولىدىن قەشقەرنى بىر مەھەل تارتىۋالغانىدا «قەشقەر» دېگەن نام ئاللىقاچان كۆرۈلۈپ بولغانىدى. شۇڭا، «kara» سۆزىنى خۇددى پۈللىي بىلانىڭ كۆرسەتكەندەك، «kashgari» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۇلانمىسىدىكى «gari»غا توغرا كېلىدۇ[33] دېيىش راستتىنلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. بۇ يەردىكى ئوقۇشماسلىق، ئەسلىدىكى مەنبەلەرنى ئوقۇپ يېشىم قىلالايدىغانلار بىلەن، شۇ يېشىملەردىن ۋاستىلىك پايدىلىنىۋاتقانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئۇقۇمى جەھەتتىكى پەرق ئىدى، بولۇپمۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلار ئۇزاق يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىققان تىل يەشمىلىرىنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆزگەرتىپ قويماقچى بولۇشىنى، مەسىلىنى ھەل قىلغانلىق دېگىلى بولمايتتى.

«khyeseva kara» نى «قەشقەر» نامى دەپ ھېسابلاش، ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا گاھجاك مەلىكىسى ئۈچۈن سۇلىدا سالدۇرۇپ بەرگەن «khye – so – na» نامىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بۇ كۆپچىلىك ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پاكىت بولۇپ، ف.ۋ. توماس، روكھىل، فۇجىتا تويوخاچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن بىلەن سۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق بىر نىكاھنىڭ بولغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى. خۇسۇسەن، فۇجىتا تويوخاچى مۇنداق كۆرسەتكەندى:

« «كېيىنكى خەننامە» دىكى خاتىرىلەر بىلەن «ئۇدۇن لىئول تارىخى» دا ئېيتىلغان خەۋەرلەر بىر - بىرىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇاڭدىنىڭ خانىمى ساكارائۇل پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. بىراق، ساكارائۇل پادىشاھى بولسا گۇاڭدى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. ئومۇمەن، بۇ ۋەقەمۇ «ئۇدۇن لىئول تارىخى» دىكى ۋىجايا سىمغا بىلەن گاھجاك پادىشاھىغا ئالاقىدار ۋەقەلەر جۈملىسىدىن ئىكەن، بولۇپمۇ گۇاڭدىنىڭ ساكارائۇلنى مۇنقەرز قىلىشى بىلەن ۋىجايا سىمغانىڭ گاھجاكنى مۇنقەرىز قىلىشى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان ۋەقە ئەمەس»[34].

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، تەخمىنەن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن سۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گاھجاك يەنى ساكارائۇل بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەللىلىك ھاكىممۇتلەقلىق ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى كېلىپ چىققانىدى. ئەمما، بۇ خىلدىكى جىددىي مۇناسىۋەت ناھايىتى تېزلا دىنىي تۇس ئالغان نىكاھ يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغاچقا، سۇلدا باشقىچە بىر كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ خىلدىكى كەيپىيات باشقا نەرسە بولماستىن، دەل ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا گاھجاك مەلىكىسى ئۈچۈن سېلىپ بەرگەن ئىبادەتخانا قىزىق نۇقتىسى ئىدى، نەتىجىدە ئىلگىرىكى سۇلى ئېلىنىڭ زېمىنىدا يېڭى بىر ئىمارەتنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھە دەپ ئەتراپتىكى ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى، يېڭى بىر يەر نامىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. ئېنىقكى، بۇ سۇلى ئېلىنىڭ ئاستانىسى بولغان ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات جايلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقى سەۋەبلىك، تەدرىجىي ھەممە ئېتىراپ قىلغان شەھەر رايونىغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، كېيىنچە بۇ جاي سۇلى بەگلىكىنىڭ زېمىنىدىكى ئۆزگىچە بىر شەھەرىستان بولۇپ تونۇلغاچقا، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، «ۋېي پادىشاھىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا كۆرۈلگەن كېش (蝎石) نى ئېلىپ ئېيتساق، ئەلۋەتتە مۇشۇ ئىبادەتخانا ئاساسىدا كېڭەيگەن شەھەرىستانغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتخانىنىڭ نامى «khye _ so _ na» سۆزىنىڭ يۇقىرىدا بىز نەقىل ئالغان پروفېسسور خ. ۋ. بەيلېي يەشمى قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان مىلادىيە 967 - ، 977- يىللارغا ئائىت ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر مەكتۇپتا خاتىرىلەنگەن «khyesevakara»غا يېقىن كېلىشى، بۇ پەرىزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى مەلۇم جەھەتتىن دەلىللەپ بېرىدۇ، ئۇنداق بولسا قەشقەرنىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى «khyeso _ na» ياكى «khyeseva» شەكلىدىكى ئاتىلىشلىرىنىڭ قانداق مەنىسى بار؟ بۇ ناملار قانداق قىلىپ «كاشغەر»گە ئۆزگىرىپ قالغان؟!

بۇ يەردە تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «گاھجاك» ياكى

«khyeso» سۆزلىرىنىڭ قاشتاشتىكى «قاش» بىلەن مۇناسىۋىتى بار[35] دېگەن سۆزنىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل شەكىل قەشقەرنىڭ خەنزۇچە مەنبەلىرىدە كۆرۈلگەن چۇشا (佉沙) دېگەن يېزىلىشىغىمۇ يېقىن كېلىدۇ. خ. ۋ. بەيلېي «khyeseva ھېچبولمىغاندا قەشقەر سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن»[36] دەپ قارايدۇ. روشەنكى، بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن شۇەنزاڭ ئېيتقان «siri kirtati» دېگەن نامدىن باشقا، «kash» سۆزنىگە ئالاقىدار نامىلارنىڭ ئەسلىي ئاھاڭىنى ئىزدەپ تېپىشتىكى مۇھىم يىپ ئۇچىدۇر. خ. ۋ. بەيلېي يەنە «kash» سۆزىنىڭ بىرقانچە خىل مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئېھتىماللىقىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قۇيلاننىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە بېرىلگەن ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «kashgiri دېگەن بۇ نام 817-يىلى قەشقەرگە يەرلىك بولغان خۇي لىن (قۇيلان) تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابتا قەيت قىلىنغان. ئۇ، بۇ سۆزنى غۇز تىلىدىكى سۆز دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى مۇھىم دەپ قارىدىكى، بۇ سۆز ئىران تىلىدىكى «kaša» نى ئاساس قىلغانىدى»[37].

پىروفېسسور خ. ۋ. بەيلېينىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مەيلى «khyesona» ياكى «khyesa» سۆزى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى «kaša»نى مەنبە قىلغان بولۇپ، «kh» ھەرپىنى بىرلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلغاندا، «kaša» شەكلى ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىكى «š» ئاۋۇشى «s» نىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بولۇپ، «kasa» شەكلىدە كەلگەندە، «كۆرۈنمەك» مەنىسىدىن باشقا يەنە «رەڭ، يېشىل، كۆك، قوڭۇر» دېيىلگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئەگەردە بىز بۇنىڭغا قاشقوۋۇق (玉门)نىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى يېزىلىشى بولغان «گاكامانا» سۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «khyeso» بىلەن «khyesa» سۆزلىرىنىڭمۇ ئۇدۇن ساك تىلىدا قاشتاش مەنىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. چۈنكى، ئەينى مەزگىلدە ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغانىڭ ئۆز خانىشىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ياسىتىپ بەرگەن ئىبادەتخانىغا

خوتەننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولغان قاشتاشنىڭ نامىنى بېرىشى تامامەن مەنتىققە ئۇيغۇن ئىدى.

«Kash» ياكى «kaša» نىڭ تارىخنامىلەردە «kashgiri» دېگەن تولۇق شەكلىدە كۆرۈلۈشى، قويلاننىڭ يازمىسىدىن خېلى بالدۇرقى ئىش ئىدى. بۇ ھەقتە مىلادىيە 727- يىلى ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە قەشقەردىن ئۆتكەن چاۋشىيەنلىك راھىب خۇي چاۋ يازغان «ئەنەتكەكتىكى بەش دۆلەت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «يەنە پامىردىن بىر ئاي يول يۈرۈپ، سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق. ياتلار (چەت ئەللىكلەر) نىڭ ئۆزلىرى بۇ جاينى كاشگىرى ئېلى (伽师祇离国) دەپ ئاتايدىكەن. ئىبادەتخانىلاردا راھىبلار بار ئىكەن. ھىنايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغانىكەن، ئادەملىرى گۆش ۋە پىياز تېپىدىكى كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىدىكەن. يەرلىك ئادەملەر كىيىملىرىنى قات-قات كىيىپ يۈرۈشىدىكەن»[38].

راھىب خۇي چاۋ تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىرىنچىدىن، بۇ خاتىرە بىزگە قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنىڭ مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، گەرچە بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، سۇلى نامىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت ئىكەنلىكى يورۇتۇلغان؛ ئۈچىنچى، «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى» دېگەن بېشارەت ئارقىلىق قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنىڭ زادى يەرلىكلەر بىلەن ئالاقىسىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا گۇمانىي جاۋاب قالدۇرۇپ كەتكەن. مېنىڭچە، خۇي چاۋ غەربكە نوم ئېلىش ئۈچۈن ئەنەتككە بارغان راھىبلاردىن قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنى ئەسلىي ئاھاڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە خاتىرىلىگەن كىشى ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ نامنى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىن خاتىرىلىۋالغاچقا، يەرلىكلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئاتىلىشى دېيىش ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، خۇي چاۋدىن بىر ئەسىر كېيىن قەشقەردە ياشىغان ئۆلىما قويلاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلانساق، بەزى مەسىلەر ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭلىشىپ قالىدۇ. قويلان

ئۆز يازمىسىدا قەشقەر توغرىسىدىكى بەزى گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنى «迦师结黎» دەپ يازغانىدى. بۇنىڭغا قارىتا پائول پېللىئوت «مېنىڭچە، قويلان قوللانغان شەكىلدە ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ باشتىكى خېتىنىڭ توغرىلىقىدا گۇمان يوق»[39] دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. بۇ دېگەنلىك «قويلان تەمسىلىگەن ئۇچۇرغا ئىشىنىش كېرەك» دېگەنلىك بولۇپ، ئېھتىمال قويلان «结黎» دېگەن ئىككى خەت ئارقىلىق «كاشغەر» سۆزىدىكى «غەر» نى ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ ئۇ «قەشقەر» نامى توغرىسىدا: «بۇ غوزلارنىڭ تىلىدىكى نام»، «تاۋغاچلار ئۇنى كۆكئارت بازىرى دەپ ئاتايدۇ»[40] دېگەن ئېنىقلىمىنى ناھايىتى جايىدا بەرگەنىدى. بۇ «قەشقەر» نامى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا غەرب ئالىملىرى خېلى بالدۇرلا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. مېنىڭچە، قويلان تەمسىلىگەن بۇ ئۇچۇرنىڭ بىرىنچى جۈملىسىلا مۇھىم بولماستىن، ئىككىنچى جۈملىسىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇنىڭدىن بىز خ. ۋ. بەيلىي قىياس قىلغاندەك قەشقەر نامىنىڭ ئىران تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قويلاننىڭ بۇ سۆزنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى سۈپىتىدە «قورغان ياكى بازار» مەنىسىدىكى سۆزنى قوشۇمچە قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۈبھىسىزكى، بۇ «كاشغەر» ياكى «khyesakara» دىكى «غەر» بىلەن «kara»غا قارىتىلغاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە «كاشغەر» نىڭ قانداق شەھەر ئىكەنلىكىنىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، «كاش» بىلەن «غەر» نىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنىسىنىڭ بارلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى.

«كاشغەر» سۆزىنى قويلان كۆرسەتكەندەك چۈشىنىش، بۇ سۆزنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشتە ياردىمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى «kash giri»دىكى «giri» بىلەن «khyesa kara» دىكى «kara» نىڭ ئايرىم ـ ئايرىم «غەر» شەكلىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ ساك يېزىقىدىكى «kara» شەكلى «غەر»نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. خوي چاۋ بۇ شەكىلنى «giri» شەكلىدە

ئالغان بولسىمۇ، قۇيلان يازغان شەكىلدە «غەر» شەكلى بىرقەدەر ئېنىق ئىپادىلەنگەنىدى. بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قۇيلان قەشقەرنى «كاشغەر» شەكلىدە قەلەمگە ئالغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ «كاشغەر» دەپ يېزىلىشى بولسا قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى. ئەمدى ئۆلىما قۇيلان ياشىغان دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «يېڭى تاڭنامە» نىڭ غەربىي يۇرت ۋە سۇلى تەزكىرىلىرىدە كۆرۈلگەن چۈشا (佉沙)، جياشى (伽师) ۋە ئاموجى (阿摩支) دېگەن نام بىلەن ئىسىملارنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ يەردە پېللىئوتنىڭ چۈشا توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پېللىئوت، سىتەين قاتارلىقلار تىلغا ئالغان «چۈشانىڭ ئەسلىي ئاھاڭى ‹khasa› بولۇپ، ھىمالايا تېغىدىكى بىر قوۋمنىڭ نامى، ئۇ ھىندى مەنبەلىرىدە ھەمىشە ‹khaša›، ‹khasa› شەكىللىرىدە كۆرۈلىدۇ» دېگەن نەقىلنى تىلغا ئېلىپ، بۇ نامنىڭ مىلادىيە 308-يىلى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى[41]. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چۈشا ھەقىقەتەن كەڭ ۋە تار مەنىدە دەپ ئىككى خىل ئۇقۇمدا كۆرۈلگەن نامدەك قىلاتتى كەڭ مەنىدە كەشمىر، ھىمالايا تېغىدىكى ئايرىم جاي ۋە قوۋملارنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، تار مەنىدە پەقەت سۇلى ۋە قاشقا دەري ۋادىسىدىكى «kesh» نىلا كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بۇ نامنىڭ «يېڭى تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «kash» (伽师) بىلەن بولغان پەرقى، بىرى سۇلى نامىنىڭ ئۆزىدىكى نام بولغان بولسا، يەنە بىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان يۇرتنىڭ ئىچىدىكى شەھەر ئىدى. تەلەپپۇز جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى «كاشغەر»نىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئاھاڭىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما، بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، «suryagarbha» سۇتراسىنىڭ تىبەت تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ ئىلاۋىسىدە «ئۇدۇن khaša نىڭ زېمىنىدا ئىدى» دېگەن ئۇچۇر بېرىلگەنىدى[42]. ئېنىقكى، بۇ تار مەنىدىكى چۈشاغا قارىتىلغان بولۇپ، قەشقەر بىلەن ئۇدۇننىڭ بىر مەھەللىك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك.

«يېڭى تاگنامە» دە كۆرۈلگەن ئاموجى (阿摩支) ئەسلى سۇلى بەگلىكى خان جەمەتىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز باشقىلار ئېيتقاندەك، «ئابدالنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى»[43] دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ناۋادا يەر - جاي نامىلىرى بىلەن ئەمەل ۋە ئۇنۋان نامىلىرىنى مۇشۇنداق كەلسە - كەلمەس تەتبىقلايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئەڭ ئاددىي ئۇقۇملارنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى مۇرەككەپ بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىمىز. چۈنكى، ئاموجى دېگەن سۆز يالغۇز «يېڭى تاگنامە»دە كۆرۈلۈشتىن تاشقىرى يەنە ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، «خوتەن تېكىستلىرى»نىڭ 7 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن kt2.29.38 .1 نومۇرلۇق بىر پارچە پۈتۈكتە تۆۋەندىكىدەك بىر جۈملە سۆز ئۇچرايدۇ:

KT2.29.38.1 ōmaci sulina paphve thauna vō nate (ئاماتيا سوغدلارنىڭ قولىدىن ئۆزىگە تەئەللۇق بىر باغلام يىپەكنى تاپشۇرۇۋالدى)[44].

دېمەك، ئاموجى (阿摩支) دېگەن بۇ سۆز ئۇدۇن ساك تىلىدا يۇقىرى ئۇنۋان ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئابداللار (ئېفتالىتلار) بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

قەشقەر تىبەت يېزىقىدىكى مەنبەلەردە يەنە «گاھجاك» (gah - jak) شەكلىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئۇدۇن لىئۇل تارىخى» دا «گاھجاك» سۆزى بىرقانچە جايدا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەشقەردىكى كەنچەكلەرگە قارىتىلغانىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، كەنچەكلەر ئەسلى بالاساغۇن، بەيزا، تىراز (تالاس) شەھەرلىرىدىكى تۈرك ۋە سوغدچە سۆزلىشىدىغان خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، «قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار»[45] ئىدى. پىروفېسسور خ. ۋ. بەيلىي مەھمۇد كاشغەرىي تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار ئاساسىدا كەنچەكچە دەپ قارالغان ئايرىم سۆزلەرگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇ «ئەل كاشغەرىي قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى كەنچەكلەرنىڭ تىلى (ئىران تىلى) دىن 13 سۆزنى نەقىل ئالغان. شۇ سۆزلەرنىڭ بىرى بولغان känbä

(كەندىر) سۆزىنى خوتەن ساك تىلىدىكى kumba، سوغد تىلىدىكى kynp ياكى kemba دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ»[46] دەپ قارىغانىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاتالمىش كەنچەك تىلى ئەمەلىيەتتە ئۇدۇن ساك تىلى ياكى سوغد تىلىغا يېقىن تىل ئىدى. يەنە كېلىپ قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار خېلىلا كۆپ بولغاچقا، تىبەتلىكلەرنىڭ نەزەرىدە قەشقەرنىڭ ئايرىم جۇغراپىيەلىك نامى سۈپىتىدىمۇ مەلۇم بولغانىدى. ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغانىڭ سۇلىدا گاھجاك مەلىكىسى ئۇچۇن «khyeso» نامىدىكى ئىبادەتخانىنى سالدۇرغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ نامنىڭ كۆرۈلگەن ۋاقتى بىرقەدەر بالدۇرقى دەۋرگە ئائىت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ نام ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۇستۇنلۇك ئورنىنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئىستېمالدىن قالدى، شۇڭلاقتىمۇ بىزنىڭ ھازىر قەشقەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ئاتۇشتىن كۆرگىنىمىز كەنچەكلەرنىڭ يېقىن بىر تۇرى بولغان «ئارغۇ» لۇقلارنىڭ نامىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان «ئاغۇ» نامىدىن ئىبارەت يەنە بىر خىل نامدۇر.

ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرانىڭ شاجۇدىكى ساۋ يۈەنجۇڭغا يازغان مەكتۇپنامىسىدە ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ مىلادىيە 969- يىلى «kyesavo - kara»نى ئىشغال قىلغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى. گەر- بۇ مەكتۇپ بىزنى قەشقەرگە ئالاقىدار كۆپلىگەن تەپسىلاتلارغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى يەنە بىر ئۇقۇشماسلىق، قەشقەر بۇ چاغدا تېخى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئەمەس[47] دېگەندەك چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدۇر. مېنىڭچە، بۇنداق گەپ - سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى پۈتۈنلەي قەشقەرنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئالىم مەھمۇد كاشغەري بۇ توغرۇلۇق ئەڭ ئىشەنچلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، «كاشغەر (ئوردۇكەنت) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ»[48] دەپ ئىنىقلىما بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەرنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، بۇ جاي خاقانىيە تىلىنىڭ ئاتاش ئادىتى بويىچە

«ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغانىدى. ئېنىقكى، بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دەل مۇشۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئىپادىلەپ تارقالغاچقا، خۇددى باشقىلار كېيىن قوشۇپ قويغاندەك، قەشقەرنىڭ يەنە بىر نامى دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۇنداق بولسا «ئوردۇكەنت» دېگەن بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىلگىرى يەنە قايسى مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە قەيت قىلغان؟! بۇنىڭ جاۋابىنى ۋ. مىنورىسكىي بەرگەن بولۇپ، ئۇ «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ كىرىش قىسمىدا «بىرونىي ئۆز ئەسىرى (ئالتىنچى كىلىمات) دە ئوردۇكەنت — قەشقەردۇر دەپ ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتكەن»[49] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىندۇكى، مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئەل بىرونىي (973 — 1058) مۇ «ئوردۇكەنت» نى قەلەمگە ئالغان بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دەپ ئىزاھلىغانىدى. ۋاھالەنكى، مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەرنى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئافراسىياپقا باغلاپ، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا مەركەز قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر قاراشتا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ 969- يىلى قەشقەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغانلىقىغا قاراپلا بۇ جاينى قاراخانىيلار تېخى پايتەخت قىلمىغان دېيىش، «ئوردۇكەنت» سۆزىنىڭ مەنىسى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭچە، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مەھمۇد كاشغەرىي ھەرقانداق ئادەمدىن كۆرە قاراخانىيلارنىڭ ئۆتمۈشىنى، جۈملىدىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەشقەرنى ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئالىم يەنە قەشقەر بىلەن قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر مەركىزى بالاساغۇنىمۇ سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بىرىنى «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتىغان بولسا، يەنە بىرىنى «قۇزئوردۇ» (تەسكەي ئوردا) دەپ ئاتىغانىدى. قەشقەرنى قاراخانىيلارنىڭ يانداش پايتەختى دېيىشمۇ[50] ئوخشاشلا قەشقەرنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزەرىدىكى ئورنىغا سەل قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق خاھىش ئۆز دەۋرىنىڭ شاھىتلىرىنىڭ دەلىللىرى بىلەن ھېسابلاشماي، ساراي تارىخچىلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى

تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

«قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر ئەھۋال «كاشغەر» سۆزىنى ئىسلام دىنىغا باغلاپ چۈشىنىۋېلىشنىڭ سادىر بولۇشىدۇر. دەرۋەقە، يېقىندا بەزىلەر 1804 ـ يىلى كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەپسىرات» نىڭ مۇئەللىپى خې نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان « «قەش» تۈنجى دېگەننى، «غەر» بارلىققا كەلمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېگەن قاراشنى مەلۇم ئاساسى بار دەپ قارىدى. شۇنىڭدەك ئىككى مەنىگە ئىگە دەپ قاراپ، بىرىنچىدىن، قەشقەر دەسلەپكى پايتەخت؛ ئىككىنچىدىن، قاراخانىيلار دەسلەپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان جاي دەپ چۈشەندۈردى[51].

مېنىڭچە، «قەشقەر» نامىنى بۇنداق چۈشەندۈرۈش «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلاردەك ئىلمىي ئاساسى بولمىغان پىكىردۇر. چۈنكى، «قەشقەر» نامى ئىسلام دىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋاللا ئومۇملىشىشقا باشلىغانىدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇ نامنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىشى، يۇرتىمىزدىكى كۆپلىگەن كونا يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قېلىش ئومۇمىي ئەھۋالىغا تامامەن ماس كېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، قەشقەر نامىدا ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا قەشقەر ئەتراپىدىكى بەزى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ناملىرىدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، قەشقەردە ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ھەرگىز قەشقەر نامىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پىكىرنىڭ ئەكس ئەتتۇرگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ بەكلا ئاددىي بولغاندىن سىرت، تىلشۇناسلىقتا ئاتىشت دەلىللىرىمۇ يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى. دېمەك، «قەشقەر» نامىنى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئىزدەش چىلڭ سوئاللىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى تارىخ ـ جۇغراپىيەشۇناسلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشى يېتەرسىز بولغان پىكىرلىرىنى قايتا دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تېخىمۇ مۇھىمى، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۇقىرىدا مەن «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. گەرچە ماتېرىيال جەھەتتە ئالدىنقىلارغا ئوخشاشلا بەزى چەكلىمىلىكلەرگە يولۇققان بولسامۇ، «قەشقەر» نامىنىڭ نۆۋەتتە بەزى كىشىلەر تەكىتلەۋاتقاندەك سۆز ۋە مەنىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم. بۇ توغرىدىكى پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. قەشقەر تاكى «كاشغەر» دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقىچە ئىزچىل «سۇلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، «سۇلى» سۆزى سوغدلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزدۇر. ئەينى مەزگىلدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ تىلىمۇ ئۇدۇن ساك تىلى ۋە سوغد تىللىرىغا يېقىن تىل ئىدى، شۇڭا قەدىمكى سۇلى تىلىنىمۇ ساك تىلىغا تەۋە دېيىش بىلەن بىرگە، سۇلى سۆزىنىمۇ سوغد سۆزى ئىپادىلەپ كەلگەن مەنە بويىچە «سودىگەرلەر توپلاشقان جاي» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

2. قەشقەر «سۇلى» نامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي «كاشغەر» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە كۆپ خىل ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسى ساك تىلىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى بويىچە تاماملىنىپ، ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنغانىدى.

3. «قەشقەر» نامى تەخمىنەن مىلادىيە 1- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا، گاھجاك (سۇلى) مەلىكىسى ئۈچۈن سۇلى ئېلىنىڭ زېمىنىدا سېلىپ بەرگەن ئىبادەتخانا نامىدىن كېلىپ چىققان سۆز، بۇ سۆز ئۇدۇن ساك تىلىدا «قاشتاش» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىن بۇ سۆزگە «يۇرت، شەھەر، بازار» مەنىسىدىكى «غەر» سۆزى قوشۇلغان.

4. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئايرىم تارىخ، جۇغراپىيە-شۇناسلارنىڭ «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە ئىنتايىن روشەن خاتالىقلار بار، ھەتتا بەزىلىرى قەشقەرگە ئاياغمۇ بېسىپ باقماي،

خىيالەن تەبىر بەرگەن. مەسىلەن، تاۋ باۋلىيەن قاتارلىقلار ئۇتتۇرىغا قويغان «جاھىل، كۆندۈرمەك» دېگەن گەپ - سۆزلەر، پەقەتلا دەپ قويغۇسى كېلىپ دېيىلىپ قالغان سۆزلەردىنلا ئىبارەت، خالاس.

5. «قەشقەر» سۆزىنىڭ تولۇق شەكلى مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، 9- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «كاشغەر» شەكلىدە ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ تۇرغان «سۇلى» ۋە «چۇشا» دېگەنناملار شۇ دەۋر مۇئەللىپلىرىنىڭ بۇرۇنقى نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇش ئەمگىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك، قەشقەر نامى يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىزاھاتلار:

[1] شىراتورى كۇراكىچى: «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جۇ لىيەنكۇز يازغان «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى› دىكى تارىخ - جۇغراپىيەگە ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1984- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 207- بەت.

[2]، [26]، [43] لى شۇخۇي: «سۇلى ۋە چۇشا ناملىرى توغرىسىدا يېڭى ئىسپات»، «جۇڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى توغرىسىدا تەتقىقات» 2007- يىللىق خەنزۇچە نەشرى، 1- سان.

[3] چيەن بوچۇەن: «‹سىرىس› توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» نىڭ 1- تومىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 155- بەت.

[4] چيەن بوچۇەن: «سىرىس - سۇلىدۇر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1981- يىللىق خەنزۇچە نەشرى، 12- سان.

[5] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «شىنجاڭنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئاقدالا قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئو- لوگىيە» ژۇرنىلى 1977- يىللىق 2- سان.
[6] خەن كاڭشىن: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۇستىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى 8- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 13- بەت.
[7] جى شيەنلىن قاتارلىقلار «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› گە ئىزاھ» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 983- بەت.
[8][31] س. چاندىرا. باغچى، خ. چاندىرا باسۇمالىك: «ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» (INDIA AND CENTRAL ASIA) مىللىي مائارىپ كومىتېتى، بېنگال، كالكۇتتا 1955- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 44- بەت.
[9][29] گو شىلياڭ: «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 56-، 74-، 89- بەتلەر.
[10]، [37]، [46] خ. ۋ. بەيلىي: «ھىندى - سكىتىيان تەتقىقاتى» (INDO - SCYTHIAN STUDIES) خوتەن تېكىستلىرىنىڭ 7- تومى، كامبېرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1985- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 52-، 53-، 54- بەتلەر.
[11]، [39]، [40]، [41]، [42] پېللىئوت: «قەشقەر ھەققىدە مۇھاكىمە»، تېيەن ۋېيجياڭ تەرجىمىسى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1986- يىللىق 1-، 2- سان.
[12] سېن جۇڭمىيەن: « ‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 2004- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 345- بەت.
[13]، [35] «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر

نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 241 ـ ، 242 ـ ، 278 ـ بەتلەر.
[14]، [19]، [44] خ. ۋ. بەيلىي: «ھىندى ـ سىكتىيان تەتقىقاتى» (INDO ـ SCYTHIAN STUDIES)، خوتەن تېكىستلىرى 7 ـ تومى، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 76 ـ بەت.
[15] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 248 ـ بەت.
[16] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 407 ـ بەت.
[17]، [18] ئەل. مەزھەرى: «يىپەك يولى ــ جۇڭگو بىلەن پېرسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 357 ـ بەت.
[20] شۇ سۇڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 20 ـ بەت.
[21] خې نىڭ: «ئۇيغۇرلار يۇرتى توغرۇلۇق ئومۇمىي تەپسىرات»، 7 ـ جىلد، 1 ـ بەت، گاۋ يۇڭجۇ يازغان «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «مەركىزىي مىللەتلە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان.
[22] تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى»، 6 ـ جىلد، 11 ـ بەت، گاۋ يۇڭجۇ يازغان «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[23] خانبىدا لىنكى: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى»، سودا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 200 ـ بەت.
[24] لىيۇ يىتاڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسىگە ئىزاھ»، تەيۋەن سودا نەشرىياتى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ ، 61 ـ بەتلەر.
[25] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 52 ـ بەت.

[27] نىياز كىرىمى: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 249- بەت.

[28] فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت مۇھاكىمىلەر»، 104- بەت، سېن جۇڭمىيەن يازغان « (خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى) دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» تا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 344- بەت.

[30] ف. ۋ. توماس: «جۇڭگو تۈركىستانىغا ئالاقىدار تىبەتچە تېكىست ۋە ۋەسىقىلەر» (TIBETAN LITERARY TEXTS AND DOCUMENTS CONCERNING CHINESE TURKESTAN) لوندون، 1935- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 133- بەت.

[32]، [47] خۇاڭ شېڭجاڭ: «يەنە ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرا بىلەن شاجۇ خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ مەكتۇپنامىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)، 1990- يىللىق 1- سان.

[33] ئې.گ.پۇللىي بىلانك: «ستايول خالوستوي قول يازمىسىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا» (The Date of the Stael - Holstein, ROLL, Asia Major iv- I) 1951- يىلى، 90 — 97- بەتلەر.

[34] فۇجىتا تويوخاچى: «غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيەسى توغرىسىدا تەتقىقات»، سودا نەشرىياتى 1935- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 56- بەت.

[36] خ. ۋ. بەيلىي: «ھىندى - سىكتىيان تەتقىقاتى» (INDO - SCTHIAN STUDIES)، خوتەن تېكىستلىرىنىڭ 4- تومى، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1961- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 122 - بەت.

[38] جاڭ يى: « (ئەنەتكەكتىكى بەش دۆلەت تەزكىرىسى) بىلەن سەپەر خاتىرىسىگە ئىزاھ»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 2000- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 153- بەت.

[45]، [48] مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 41- ، 447- بەتلەر.
[49] ۋ. مىنورىسكىي ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ھۇدۇدۇلئالەم» (COMMENTARY ON THE TRANSLATLION OF THE HUDUD - AL - ALAM) لوندون، 1970- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 280- بەت.
[50]، [51] گاۋ يۈگجۇ: «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1996- يىللىق 5 - سان.

图书在版编目（C I P）数据

喀什噶尔历史地理 ： 维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德
编著. -- 喀什 ： 喀什维吾尔文出版社，2012.9
（《喀什噶尔》系列丛书 ； 3）
ISBN 978－7－5373－2766－4

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①历史地理－喀什地区－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K924.52

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第218409号

责任编辑：热孜万古丽·阿不力米提
特邀编辑：阿不都力木·阿不都热依木
责任校对：麦麦提斯迪克·塔依尔

《喀什噶尔》系列丛书（3）

喀什噶尔历史地理

编著：阿迪力· 穆罕穆德

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 12.625 印张 2 插页
2013 年 4 月第 1 版 2013 年 4 月第 1 次印刷
印数：1— 3000 定价：35.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话： 0998 _ 2653927